# 2008.4

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

ISSN 1005-0876
08>
9 771005 087006

源泉(布拉克) ◎ BULAK

خەۋەرلىشىش نۇسخىسى

商务领航
BizNavigator
远见成就价值




**جۇڭگو تېلېگرافى سودا يېتەكچىسى ـــ خەۋەرلىشىش نۇسخىسى Tb يۇرۇشلۇك مۇلازىمىتى**

ھازىردىن باشلاپ سودا يېتەكچىسى مۇلازىمىتىگە قاتنىشىپ، ئالاقە نۇسخىسى Tb يۇرۇشلۇك مۇلازىمىتىنى ئىشلەتسىڭىز، ئىشلىتىش قولايلىق، ئۈنۈمى يۇقىرى باش ئاپپارات مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولالايسىز؛

**ئالاقىلىشىش قولايلىق** كارخانىلار باش ئاپپاراتى سىزنى سۈرۈشتۈرۈش، ئۇلاپ بېرىش، خەۋەرلىشىش خاتىرىسىنى ئاسراش، كارخانا ئىچى ـ سىرتىنى پەرقلەندۈرۈش، مۇزىكىلىق قوڭغۇراق ئارقىلىق يېتەكلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئىشلىتىلىشچان ئىقتىدارلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**چىقىمى تۆۋەن** سىزنى 24 سائەت ھەقسىز كەسپلەشكەن باش ئاپپارات مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**ئېتىبارى كۆپ** مۇقىم تېلېفوننىڭ ئايلىق ئىجارىسى ئېلىنمايدۇ، كۆپ خىل ھەممىباپ سۆزلىشىش ھەققى سوۋغا قىلىنىدۇ، كارخانا ئىچى سىرتىدىكى ئالاقىڭىز تېخىمۇ راۋان بولىدۇ!

中国电信
CHINA TELECOM
世界触手可及

用户至上 用心服务 Customer First Service Foremost
中国电信乌鲁木齐分公司
www.xj.ct10000.com
客户服务热线 10000
Customer Hotline

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

29 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 121 - سان

# قۇتادغۇ بىلىك

[illegible]

ئەگەر ئۆزىڭنى خالساڭ ئۆزۈڭ ،
ئاللىۋال خاننى ئەستىڭگە قىل كۆزۈڭ .
ئەگەر ياخشى بولسۇن تۇغۇم ھەم ئۇرۇغ ،
ئۇياتچان يەرە تەقۋا ئۆزىگە بەك ئېرىغ .
تىرىش ، ئۆزى قىزنى ئال ، قول تەگمىگەن ،
سېنىڭدىن بۆلەك ئەر يۈزىن كۆرمىگەن .
سېنىڭلا سۆيۈپ باشقىنى بىلمىگەي ،
يارامسىز ، قىلىقسىز ئىشلار قىلمىغاي .
خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ئۆزەڭدىن تۆۋەن ،
ئېسىلما ئېگىزگە ئەسىر بولۇرسەن .
ئېشىتكىن ، نېمە دەر سىناغان كىشى ،
سىناغان كىشىنىڭ پىششىقتۇر ئىشى :
خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ، تۆۋەن ، توغرىنى ،
سۆيۈنچ بىرلە ئۆتكەي ھاياتىڭ كۈنى .
چىرايلىقنى دېمە ، خۇلقىنى ئۆزنى دە ،
كى خۇلقى ياخشى بولسا ، يورۇتقاي سېنى .
خوتۇن ئالما ، ئالساڭ ئۆز تەڭگىنى ئال ،
ئى ، ئەرلەر ئەرى سەن تەقۋادارنى ئال .
گۈزەل خۇيىنى ئىستە ، ئاختارما جامال ،
خۇيى ياخشى بولسا ، تاپار ئۇ كامال .

گۈزەللىك قەدىرغان ئاياسەن ئىنسان ،
ئۇنى قوي ، يۈزۈڭنى قىلما زەپىران .
دېسەڭ كىم ئۆلىمەيى ، ئەي ئەرلەر بېشى ،
ئالارشۇ تۆت خىلدىن بىرىن ئۇ كىشى :
بىرى ، بايى خوتۇننى ئالاقىنى ئىستەر ،
ئۇ بىرسى ، چىرايلىق ئۈچۈن كۆز تىكەر .
يەنە بىرسى ، ئېسىل نەسلىك تىلەر ،
ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قوشۇلۇپ يۈرەر .
بىرى ، ئىستەر ئېپىس ، تەقۋادارنى ،
ئۇنى تاپسا ياغلار ئاڭا كارىنى .
بۇلارنىڭ ئوبدىنى مەن ئېيتايى ساڭا ،
ئالۇر بولساڭ خوتۇن ، قۇلاق سال ماڭا :
ئايا ، بايى خوتۇنغا ئىنتىلگۈچى جان ،
ئەسىر بولما ئاڭا ، ئى ئاتام ئىنسان .
ئۇ مالغا سۆيۈنۈپ ، تەنىن ئۇزاتۇر ،
ئۇنىڭ رەيى سېنى ھەر كۈنىگە سالۇر .
گۈزەللىكنى تىلەگەن ، ئى ئەر ياخشىسى ،
ئۇنى ئالساڭ ياغار ئەرلەرنىڭ كۆلكىسى .

چىرايلىق ئايالنى پۈتۈن خەلق سۆيەر ،
ئۇنى تەڭرى يەزلى ساقلىسا مەگەر .
ئەي ئەسلى بۈيۈككە ئىنتىلگۈچى سەن ،
ئۇ مەرۋىگىنى خار ئەتمە بۇنىڭغاق بىلدىن .
ئۇرۇغ ، نەسلى بۈيۈكنىڭ سۆزى ھەم تىلى —
ئۇزۇندۇر ، بولماسەن خوتۇننىڭ قولى .
ئەي تەقۋادار خوتۇننى ئىستە ، بەگزادە ،
تېپىلسا ئۇ ، بولغاي تۆت شەرت ئىپادە .
تېپىلسا تەقۋادار ياخشى بىر چىشى ،
غەنىمەت بىلىپ ئال ، ئەي ياخشى كىشى .
تىلەك بايلىق ئولسا ، بىرۇر مال يىغىپ ،
بېيىتقاي سېنى ئۇ قىزىل يۈز قىلىپ .
دۇرۇس تۈزلۈك ئولسا ، گۈزەللىك كېلۇر ،
خوتۇننىڭ كۆزى ئەخلاق ، بىلمىلىك بىلۇر .
ئېرىغ ، تەقۋا بولسا ، ئۇ ئېسىل بولۇر ،
قالغان ئۈچ نەرسە ئۇندا تېپىلۇر .
ھېكىمسەن ، بىر تەقۋا خوتۇن ئىستىگىل ،
ئۇ بولسا ، بولۇر جەم بۇ تۆت شەرتى بىل .
تېپىلسا ئەگەرچە بۇ ياڭلىغ چىشى ،
تىرىش قىلما زايە ، ئى باتۇر كىشى .

خەتتات : [illegible]

# بۇلاق

2008 ـ يىللىق 4 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


شېئىرلار ........................................................ موللا تۇردى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


«دىۋانى كامىل»دىن ........................................................ كامىل خارەزمىي (14)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ


### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر مەسىلىلەر ۋە ئامىللار ..... ئابدۇقادىر جالالىدىن (20)


### فولكلور تەتقىقاتى


قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توتېم ئېڭى توغرىسىدا ........................ ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە (42)

## مەشھۇر شەخسلەر

**مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئىلىم روھى** ........................................ ئەنۋەر ھوشۇر (57)

## تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

**ئۇيغۇرلاردا پارس تىللىق ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىغا نەزەر** ...........گۇلجەھان خۇشدىل (66)
**قەدىمكى ئەسەر ئېكى ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىش** ...... ئەنۋەر تاشتۆمۈر (73)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

**فارابىي ھەققىدە ھېكايەتلەر** ........................................ (75)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق
**مەھمۇد كاشغەرىي** (داستان)........................... جامالىدىن قاسىم(قازاقىستان) (80)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

**رىۋايەتلەر** ........................................ رەتلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر (103)
**ئەقىللىق ئاياز** (چۆچەك)........................... توپلاپ رەتلىگۈچى: ئايشەم سەيدئەكبەر (108)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: «**ئۇسسۇلچى قىز**» (پەرھات ئىبراھىم سىزغان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالىي

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)




## موللا تۆردى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** موللا تۆردى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل يېزىسىدا ياشاپ ئۆتكەن. ئۇ خوتەندە تونجى ئېچىلغان خەنزۇچە مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شۇ چاغدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا مىرزىلىق (كاتىپلىق) قىلغان. دىنىي ئىلىم، شېئىرىيەت ۋە خەتتاتلىق جەھەتلەردە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. موللا تۆردى ھىجرىيە 1368 (مىلادىيە 1949) ـ يىلى كۆچۈرۈپ چىققان مۇھەممەدئەيسا ھاجىنىڭ «مەجمۇئەتۇن ـ نەسايىھ» («نەسىھەتلەر توپلىمى») ناملىق كىتاب دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىغا موللا تۆردى ئۆزىنىڭمۇ شېئىرلىرىنى قوشۇپ كۆچۈرگەن. بۇ شېئىرلار ئاشۇ قوليازما ئاساسىدا نەشرگە تەييارلاندى.

* * *

ئەي يارانلار، ياخشى ئاڭلاڭ، نەزم ئەيلەي مەن خوتۇن،
فەھم ئەيلەپ بىلسەڭىز بۇ دۇنيادا ئالارسىز خوتۇن.
بەئزىسى بولغاي فەلاكەت بەئزىسى بولغاي نىجىس،
بەئزى بولغاي بەددىيانەت، بەئزىسى ئوبدان خوتۇن.
بەئزى خاتۇن ئەمرىگە قىلماي ئىتائەت ئېرىنىڭ،
بەئزىسى قىلغاي خىيانەت ئېرىگە ئەسكى خوتۇن.
بەئزى خاتۇن ئەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇشنۇد قىلۇر.
بەئزى خاتۇن ئەرلەرىگە بولغۇسى دۈشمەن خوتۇن.
بەئزى خاتۇن شەۋھەرىنىڭ سۆزىنى قىلماي قەبۇل،
تاپسە نامەھرەمنى دەرھال قىلغۇسى ئىززەت خوتۇن.
ئۆز ئېرى خۇب ياخشىلىق قىلسە ئانى كۆرمەس كۆزى،
تاپسە غەيرى ئەر كىشىنى ياتغۇسى دەرھال خوتۇن.
بەلكى نامەھرەم كىشى بىر مەرتىبە سۆز قىلسەلەر،
نېچە تۈرلۈك غەمزە ئەيلەب سۆز قىلۇر تېخى خوتۇن.
ئەي يارانلار، بىر خوتۇننىڭ دەرسىنى بىلگەن كىشى،
جانىنى ئازاد ئېتىب، بۇ دۇنيادىن ئالماس خوتۇن.

بەئزى خاتۇن ئېرىنى خۇشنۇد قىلۇر ئىززەت بىلەن،
بولغۇسى لەززەت بىلەن، گۆھەر ئۇلۇر ئانداغ خوتۇن.
ھەر خوتۇنكىم ئېرىگە ئىززەت بىلەن ئىكرام قىلۇر.
قىلسە ئەر كۆڭلىنى خۇشنۇد جەننەتى شۇنداق خوتۇن.
ھەر خوتۇنكىم ئېرىنى خۇشنۇد ئېتەر ئىكرام قىلىپ،
ھەق تەئالا رەھمىتىغە غەرق بولۇر شۇنداق خوتۇن.
بەئزى خاتۇن ئېرىنى نارازى قىلغاي ئاغرىتىپ،
ھەق تەئالا رازى ئېرمەس دەۋزەخى شۇنداق خوتۇن.
بەئزى خاتۇنلار بولۇر بىباك ھاياسىز شەرمى يوق،
ئىككى دۇنيادا قىلۇرلار ئاقىبەت پەرياد خوتۇن.
بولسە نامەھرەم نەزەر شەمسۇ قەمەر چۇن مادە خەر
ۋەسۋەسە ئەيلەر سېنى جايى جەھەننەمدۇر خوتۇن.
ياخشىسىمۇ كۆپ بولۇر شەرم ھەيالىغ، با ئەدەب،
ئانداغى بولغاي ئۆيۈڭدە بەرىكەت گەۋھەر خوتۇن.
باشى فاخفاق، بويى دوڭغاق، چىرايى سەت بولسىمۇ،
با ئەدەب شەرمۇ ھەيالىغ بولسە بەس گەۋھەر خوتۇن.
بويى كالتە يا ئۇزۇن، ئاقساق - جۇلاق، تاز بولسەمۇ،
ھەقشۇناس بولسە قەبۇلدۇر شەرئىدە لايىق خوتۇن.
ياقارا، يا ئاق، سارىغ، كۆزى چېقىر، فاڭ بولسەمۇ،
تۇتسە ئەرنىڭ ئەمرىنى، ھۇردۇر شۇنداق خوتۇن.
ھەر خوتۇن ئۆزىنى ساقلاپ قىلماسە فاسىد خەيال،
قىلماسە ئەرگە خىيانەت ماھى تاباندۇر خوتۇن.
ئايىتماغىل زىنھار سىرنى، سەن ئانى مەھرەم بىلىپ،
فاختەنى ئوتغە سالىپ، كۆيمەس دېگەندەكتۇر خوتۇن.
بى سەبەب كۆيمەكچى بولدۇڭ سەن يەنە دەرياغە غەرق،
قىلغۇسى سىررىڭنى فاش ئەقلى يوق نادان خوتۇن.
كارى بەد قىلغان خوتۇننى ساقلاماي قىلغىل تەلاق،
بولغۇسى ئىتغە يالاق، خەلق ئالدىدا رەسۋا خوتۇن.
موللا تۇردى، سەن خوتۇننىڭ بابىدىن كۆپ سۆزلەمە،
ياش - قارى، ئىسسىغ - سوغاقنى تەجرىبە قىلغان خوتۇن.

## ھازىرقى جەھان ۋاقىئاتلارىدىن ئايتغان ئەشئار

ئاڭلاپ تۇرۇڭ، خەلايىق، نەزم قىلدىم ساڭا فۇل،
ئەجەب مەرغۇب بۇ دۇنيا مەڭزى قىزىل ئانا فۇل.
دۇنيادىكى ئىنسانلار، ئەركەك - تىشى زىيجانلار،
خىرەدمەندۇ نادانلار بارچە ئىزلەپ تافا فۇل.
فۇلنى ئىزلەپ، تۇرماسلار، يازۇ قىشنى بىلمەسلەر،
ئۆزگە مەقسەد قىلماسلار، دائىم تارتىپ جەفا فۇل.
كۆپ ئىزلەسەڭ كۆپ قاچار، دۇنيا دېگەن نابكار،

خەسىسلەرغە بولۇپ يار، ئىتتىن بەتەر قوتا فۇل.
سودخورلارنى يار ئېتىپ، ئەزىزلەرنى خار ئېتىپ،
فەقىرلەرنى زار ئېتىپ، يۈز مىڭ جەۋرۇ جەفا فۇل.
جەزانەخور قولىدا قاچماي، يېتىمەي جىم تۇرار،
ياخشىلاردىن كۆپ قاچار بىشەرمۇ بىھەيا فۇل.
دۇنيا قاچار ياخشىدىن، يامانلارنى سوراغلاپ،
يۈرەك باغرىنى داغلاپ جىسەكلەردە تۇرا فۇل.
فۇلنى ئىزلەر چوڭ ـ كىچىك، خاھى ئۆلۈك، خاھ تىرىك،
خاھى يۇمشاق، خاھ يىرىك باغرىن قىلۇر يارا فۇل.
ساڭا ھەرگىز زار ئەمەس، ھېچكىمگە سەن يار ئەمەس،
ھەزار بولۇر بۇ جاندىن يارى بولسە ساڭا فۇل.
سەن يار ئۇلۇپ شەيتانغە، ۋەفا قىلماي زىيجانغە،
كېلىپ ياخشى ـ يامانغە ئالەمدە بىۋەفا فۇل.
گاھى كېلىپ خوش قىلىپ، گاھى كېتىپ يىغلاتىپ،
چوڭ ـ كىچىكنى ئىشلەتىپ، ئاخىر قىلۇر گەدا فۇل.
دۇنيا ئەجەب چىرايلىغ، قىزىل گۈلدەك سۇرەتى،
ئەجەب مەرغۇب زىننىتى، ھەرگىز يوقدۇر ۋەفا فۇل.
قۇل قەدرىنى بىلمەدىم، ھېچ كۆزۈمگە ئىلمادىم،
سەئيى سەبەب قىلمادىم، بولدى مەندىن جۇدا فۇل.
ئارقاسىدىن قوغلادىم يېتەلمىدىم ئىزىغە،
قاچتى مەندىن يىراقغە، بىر باقمادى قىيا فۇل.
بوشلاق قىلىپ دۇنياغە، ئۇچۇپ كەتتى ھەۋاغە،
قالدىم جەبىر ـ جەفاغە، قايداغ قىلسام كېلە فۇل.
قەدرىن بىلمەي يوق ئەتتىم، دۇنيانى مەن تۈگەتتىم،
بار فۇلۇمنى سەرف ئەتتىم، لازىم بولدى ماڭا فۇل.
قەدرىن بىلسەم قاچارسەن، باغىر قانىم ساچارسەن،
يامانلارنى تاپارسەن، يېغىر ئېشەك قۇتا فۇل،
كېلۇر دېدىم كەلمەدىڭ، قەرزىم تۈتتى بىلمەدىڭ،
مېنى مۇتلەق تاشلادىڭ، يۈزى قېلىن قارا فۇل.
ياخشىلارنى خوشلاماس، يامانلارنى تاشلاماس،
ھاجەت بولسە تاپىلماس، فۇت ـ قولى يوق توكا فۇل.
كىم ئىستەسە سوراغلاپ، جەزانەخورنى چاغلاپ،
ۋەسەقىدە تىل باغلاپ قۇرتلاپ قالغان بىكا فۇل.
سەخىيلەردىن قەچارلار، بېخىللاردە تۇرارلار،
ئېشەك كەبى ئىشلەتۇر يۈزى قارا زەڭگا فۇل.
ئىستىبرادىن بەتەرسەن، سودخورلارغە كېتەرسەن،
قوغلاپ بارىپ يېتەرسەن، بىشەرمۇ بىھەيا فۇل.
ئاجىزلارنى زار ئەيلەپ، ئەزىزلەرنى خار ئەيلەپ،
سودخورلارنى يار ئەيلەپ، قىلدى ئەجەب جەفا فۇل.
دۇنيانى كۆپ ئىزلەرمەن، كۆلدىن چۆلگە كېلەرمەن،

خۇدايىمدىن تىلەرمەن، مەندىن نە دەپ قاچا قۇل.
يىقىن يەردە تۇرماسلار، ئىزلىگەندە كەلمەسلەر،
ئۇشرە ـ زەكات بەرمەسلەر، دەۋزەخ ئىچرە تىقا قۇل.
بوشلاق قىلماڭ دۇنياغە، ئۇچۇپ كېتەر ھەۋاغە،
باشقە كەلگەن بەلاغە لازىم ئىكەن راسا قۇل.
پەقىر، مىسكىن گەداغە، قۇل بىرلە پادشاغە،
مۇفلىس ھەم ئەغنىياغە بەرابەردۇر قارا قۇل.
دوستنى دۈشمەن قىلۇرلار، دۈشمەننى دوست قىلۇرلار،
ئوتغە، سۇغە سالۇرلار، ئوتدىن، سۇدىن ئالا قۇل.
دۇنيادىكى ئىنسانغە، ئۆلۈك، تىرىك زىيجانغە،
تۇرلۇك ـ تۇرلۇك نۇقسانغە بولۇر ئەجەب دەۋا قۇل.
ئاغرىپ ياتساڭ دەۋاغە، موللا قىلغان دۇئاغە،
ھاجەتلەرىڭ رەۋاغە لازىم بولۇر راسا قۇل.
دوستلار ئايتۇر دەۋا قىل، ھەقدىن تىلەپ دۇئا قىل،
قۇلنى بېرىپ ئادا قىل ھاجەت بولۇر رەۋا قۇل.
كېسەل بولۇپ ياتىپ مەن، غەم لايىغە فاتىپ مەن،
ئەقىل ھوشدىن كېتىپ مەن، لازىم بولدى ماڭا قۇل.
بەئزى كۆرۈپ ئايتادۇر نۇشداردۇر دەۋاسى،
كاشكافغە بىر قۇلۇم يوق، قىلاي دېسەم دەۋا قۇل.
يوق مادەتۇلھەياتىم، نۇشدارىغە قۇل قايدا،
قۇل يوق جانغە نە فايدا، ساسىپ كېسەل ياتا قۇل.
ئۆلسەڭ كېلۇر جەمائەت، كېلىپ قۇلنى سورارلار،
قۇل بولماسە يانارلار، ئۆلۈك ئىش يوق ياتا قۇل.
بالا ـ بارقە، تونۇشلار قۇلنى تافسە كەلمىشلەر،
جەمائەتلەر جۇغلاشىپ مۇسىبەتنى قىلا قۇل.
تەكفىن تەجھىز قىلۇرلار، تەسەددۇقنى بېرۇرلەر،
قۇلنى ئالىپ يانۇرلار، قىلىپ ئاندا دۇئا قۇل.
سېنى ئەۋۋەل يۇغايلار، كەفەن قىلىپ سالغايلار،
گۆر باشىغە بارغايلار قىلىپ نەماز ئەدا قۇل.
ئۇرۇغ ـ تۇغقان جۇغلاشىپ، فىغان قىلۇر يىغلاشىپ،
قۇل بولماسە غۇدراشىپ، قىلۇر ئاندا رىزا قۇل.
قازى، ئەئلەم، ئاخۇنلار قۇلۇڭ بولسە كېلۇرلەر،
ھەم ئاندا خەتمى قۇرئان ھەم مۇندا مۇددىئا قۇل.
قۇلى يوقنى ئىزلەمەس، ئاخىرەتنى كۆزلەمەس،
ساڭا ھەگىز سۆزلەمەس، بولۇركى كىمىيا قۇل.
سەراي ـ ئايۋان باغىستان، مېھمانخانە گۇل بوستان،
بىر كۈن بولۇر خارىستان، ۋاۋەيلەتا قىلا قۇل.
بارۇر جايىڭ گورىستان، مەكان بولۇر قەبرىستان،
تىرىك قالماس ھېچ ئىنسان ۋاھەسرەتا بولا قۇل.
يېمەي ـ ئىچمەي قۇل تافغان، ئالتۇن ـ كۈمۈش جۇغلاغان،

ھەق يولىغە بەرمەگەن، مىلڭ قۇشەيمان قىلا قۇل.
سىرلاپ ئەتكەن جايلارىڭ، ئاسراپ باقغان تايلارىڭ،
قېنى شۇنداغ بايلارىڭ، جانىڭغە يۈز جەفا قۇل.
قىلمە ئايۋان ـ ئىمارەت، بۇ جان تەندە ئەمانەت.
بولۇر بىر كۈن نەدامەت، جاننى بىزدىن ئالا قۇل.
ئۆمرۈڭ يەلدەك ئۆتەرلەر، تىزدىن قۇۋۋەت كېتەرلەر،
بىر نان يېسەڭ يېتەرلەر، جانىڭنى قىيناما قۇل.
ئۈمىد ئەتمە قۇلۇڭدىن، بىر كۈن كېتەر قولۇڭدىن،
قۇت ـ قولۇڭنى سۇندۇرۇپ، يالغۇز يولغە سالا قۇل.
ئالتە موللا كەلتۈرۈپ، قويلارىڭنى ئۆلتۈرۈپ،
ياغاچ ئاتغە مىندۇرۇپ، سېنى كۆمەپ قويا قۇل.
ئۈچدىن زىياد خام ئەتمەس، گوردا بۇ قۇل ئەسقاتماس،
يالغۇز قويار سۇد ئەتمەس، بۇ دۇنيادا قالا قۇل.
ئۆلەپ گوردا ياتۇرسەن توخماقنى ئۆلگىچە يەپ،
مىراسخورغە زىيان يوق جەۋاپ سەندىن ئالا قۇل.
جەفا تارتىپ چۆل كېزىپ تافغان قۇلغە راھەت كۆر،
تافغان قۇلنى ئەل خەجلەر، بولۇر ساڭا جەفا قۇل.
قۇلنى تافغان ئەركەكلەر ھەق يولىدا سەرف قىل،
شەفقەت قىلىپ ئاجىزغە خەير ـ ئېھسان قىلا قۇل.
ھەلاللىقنى ئىزلەگىل، ھەراملىقنى تاشلاغىل،
ھەرام بولسە سود ئەتمەس ئىكى ئالەم ساڭا قۇل.
ھەلال تافغان قۇلىنى ھەق يولىغە سەرف ئەتسە،
ھەلال ـ ھەرام فەرق ئەتسە سەۋابى كۆپ، تولا قۇل.
ھەرام بولسە قۇلۇڭلەر، مۇنى ئوبدان بىلىڭلار،
قىيامەتدە نەفئى يوق ساڭا ئەزاب بۇلا قۇل.
ھەرام بولسە قۇلۇڭلار، سەۋاب ئۈمىد قىلماڭلار،
سەۋاب ئۈمىد قىلساڭلار بولۇر قەتئى گۇنا قۇل.
ھەلال يېسەڭ گالىڭغە، ھەرام قوشماي مالىڭغە،
ئاخىرەتدە مالىڭغە رەھم قىلغاي جەزا قۇل.
ھەلال، ھەرام فەرق ئەتمەي، خەلايىقنى رازى ئەتمەي،
خۇدايىمنى ياد ئەتمەي، تافساڭ جانغە جەفا قۇل.
بەرمەي ئۇشرە زەكاتنى، ئادا قىلماي سەلاتنى،
فەيدا قىلساڭ قاناتنى يۈزۈڭ بولۇر قارا قۇل.
بۇ دۇنيادە قۇل تافىپ، مەغرۇرلانىپ دۇنياغە،
ئۇچۇپ چىقساڭ ھەۋاغە ئىمان بولۇر جۇدا قۇل.
ھەركىم تافسە ھەلالدىن، ھەلاللىققە سەرف ئەتسە،
ھەلال ـ ھەرام فەرق ئەتسە نەچچە يىللار تۇرا قۇل.
خۇدايىمنىڭ قۇلى سەن، قۇل بولماغىل دۇنياغە،
تەۋەككۇل قىل خۇداغە، خۇدا بەرسە تولا قۇل.
غەفلەت بىلەن ئۆتەرسەن، كۆزۈڭ تويماس دۇنياغە،

ئەجەل تۇتسە ياقاڭدىن ئارا تۇرماس ساڭا قۇل.
مەھشەرگاھقە بارغاندا، خۇدا بىزدىن سورىغاندا،
ئاجىز بولۇپ تۇرغاندا، كۆپ نەدامەت بولا قۇل.
نەدامەتلەر قىلۇرمىز، قۇشەيمانغە فايدا يوق،
نەتىنجە ھېچقايدە يوق، داغى ھەسرەت بولا قۇل.
مەغرۇر بولمە دۇنياغە، ئاخىرەتنى كۆزلەگىل،
ياخشىلىقنى كۆزلەگىل، ئىمان بولۇر ساڭا قۇل.
دۇنيا تاقىپ جۇغلاسە، ھەق يولىغە بەرمەسە،
مەغرۇر بولسە قۇلىغە چايان بولۇپ چاقا قۇل.
دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر، ماۋۇ مەنلىك قىلغانلار،
ھەقنى ئۇنتۇپ قالغانلار ئاخىرەتدە تۇتا قۇل.
دۇنيا تاقساڭ ھەلالدىن، زەكات بەرسەڭ بۇ مالدىن،
ئاخىرەتدە جانىڭنى جەننەت ئىچرە قىلا قۇل.
دۇنيانى مەن جۇغلادىم، كېچە ـ كۇندۇز قوغلادىم،
ئۆمرۇم ئۆتتى قويمادىم، ئەسقاتمادى ماڭا قۇل.
سەندىن قالۇر دۇشمەنگە، گول بولماغىل كۇلگەنگە،
ئاخىر بىر كۇن يىغلاتۇر قان ـ ياشلارىڭ ئاقا قۇل.
ئاتا ـ ئانا، قارىنداش ساڭا بولمايدۇ يولداش،
يالغۇز قالۇر غەرىب باش، سېنى ھەيران قىلا قۇل.
دۇنياسى يوق مات بولۇر، ئۇرۇغ، قاياش يات بولۇر،
سەندىن قاچار خالايىق جاندىن كېچىپ تاقا قۇل.
غافىل بولماي قۇلنى تاق، ھوشيار بول سىنە ساق،
ھەق يولىدا قىل ئىنساق دىن يولىنى ئاچا قۇل.
ئىنسافنى قىشە ئەيلەپ، غەيرەتنى تىشە ئەيلەپ،
كۆڭۈلغە شىشە ئەيلەپ، ھاجەت بولۇر رەۋا قۇل.
خۇدايىمغە شەرىك ئەتمەي، بۇيرۇغاننى تەرك ئەتمەي،
ئەل ھەققىنى يەب كەتمەي، تاقسە لازىم رەسا قۇل.
شۇنداغ قىلىب تاقغان قۇل ئىككى ئالەم سەڭا قول،
گوياكى بىر قىزىل گۇل غەرق رەھمەت سەڭا قۇل.
ئىككى دۇنيا ئىززەتى كېلۇر سەڭا ئۇشۇندىن،
دۇنيا ۋە ئاخىرەتدە بېرۇر خەيرى جەزا قۇل.
ئاتاسىدىن ئاتاسى، بالاسىدىن بالاسى،
توشاپ كېتەر خەزنەسى، بىرى يۈزمىڭ بولا قۇل.
دۇنيا كەتسە ھېچنېمە، تۇگەپ كەتسە غەم يېمە،
رىزقىڭ قەدەردە قايداغ بولسە، شۇنداغ بولا قۇل.
بۇ دۇنيانىڭ ۋەرزىشى كېلىپ، كېتىپ تۇرماقدۇر،
گاھى كېلىپ خۇش قىلۇر، گاھى قىلۇر خەفا قۇل.
كەلگەنگە بولمە مەغرۇر، كەتكەنگە قىلمە مەنزۇر،
تەقدىرى ئەزەل شۇنداغ ئىرادەگە قارا قۇل.
بۇ دۇنيادە نىجىس قۇل، كۆرۈنۇرلەر قىزىل گۇل،

خەلايىقلار بولۇر قۇل ھېچكىمگە يوق ۋەفا قۇل.
بۇ دۇنيانى كۆزلەگەن، ئاخىرەتنى كۆرمەگەن،
ئاخىرەتدىن غەم يىمەي، يالغان بىرلە تەفا قۇل.
ئاخىرەتدىن غەم يىمەي، خۇدا رەسۇل ھەم دېمەي،
نەماز روزە تەرك ئەتسەڭ دەۋزەخ ئىچرە تىقا قۇل.
نەماز روزە تەرك ئېتىپ، گۇناھ بىلەن غەرق ئېتىپ،
زىكىر فىكىر ئېيتىش يوق، قىلۇر كۆڭۇل قارا قۇل.
مەردانەلەردە توختاماس، نامەردلەرنى تاشلاماس،
ياخشىلارنى خوشلاماس دېۋەڭ ئەسكى كېلە قۇل.
دەيىۇس مەلئۇن شەيتانلار، ھەرام دۇنيا تافغانلار،
خاتۇنىغە قۇل بولۇر، زىرە مۇنچاق سالا قۇل.
ئۇن قولىدا ئۇن ئۈزۈك، بىلەكىدە بىلەيزۈك،
تەۋار ـ دۇردۇن، چىبەرقۇت، تەلفەكلەرى قاما قۇل.
ئاق تەنگەدىن كىچىك دەپ، ئاق يامبۇدىن سۇزۈك دەپ،
ئوبدان سالىڭ تۇزۇك دەب، ئاخىرەتنى ساتا قۇل.
دەيىۇس مەلئۇن لەئىنلەر، خاتۇنىغە باقىنلەر،
خوتۇن گېپىدىن چىقماس، ئىمانىدىن جۇدا قۇل.
دۇنيانى دەپ سەن بارىپ، تاغۇ داۋان، چۆل كېزىپ،
تەفالمادىم مەن غېرىپ مەندىن نە دەپ قەچا قۇل.
قوغلاپ بىر كۇن تۇتارمەن، ئارقاڭىزدىن يېتەرمەن،
قوڭلارىڭغە ئېتەرمەن، سۇيۇق فوقلار چىقا قۇل.
خەجلەب سېنى تۇرماسمەن، بىردەم ئۆيدە قويماسمەن،
جەزايىڭنى بېرۇرمەن، گۇرۇچ گۆشنى ئالا قۇل.
ياغۇ ـ گۆشنى كەلتۇرۇپ، بەلا ـ بارقە ئولتۇرۇپ،
تۆتكە فولۇ ئەتتۇرۇپ قوش قوبۇزلاپ سالا قۇل.
سىمىز يەردىن گۆش ئالىپ دارۇ دامان كەلتۇرۇپ،
ھەر كۇنلۇكى ناشتەدە گۇللۇغ شورپا قىلا قۇل.
ھەر كۇنىدە تەماقنى ياڭزە ـ ياڭزە ئەتتۇرۇپ،
ھەم ئاشىنا، تۇغقانغە زىيافەتلەر قىلا قۇل.
دۇنيا ئىزلەپ بەرارلار ئۇرۇمچى ھەم ماناسقە،
تافىلماغان ئىفلاسقە قەنات ياساپ ئۇچا قۇل.
قامۇل، ئالتاي، چۆچەككە فۇلنى ئىزلەپ بارۇرلار،
فۇلنى ئىزلەپ تافۇرلەر تارتىپ جەبر جەفا قۇل.
سېى تافىپ كەلتۇرگەي يېمەي ـ ئىچمەي بوقتۇرۇپ،
قورساقىنى ئاچتۇرۇپ، خۇدا بەرسە تولا قۇل.
بىزدەكلەردىن قاچەرسەن، غەنىلەرنى قوغلارسەن،
فەقىرلەرنى قىينارسەن راست گېپىڭنى قىلا قۇل.
فۇل بولماسە يىغلارمەن، تەفارمەن دەپ چاغلارمەن،
يۇرەكىمنى داغلارمەن قانى ئەمدى بىكا قۇل.
فۇلنى ئىستەپ سۇراغلاپ، يۇرەكلەرىمنى داغلاپ،

تەپالمىسام ئاچچىغلاپ، قىلدى مېنى خەفا فۇل.
فۇلنى تافسام سەرف ئەتتىم، ئىسراف قىلىپ تۆگەتتىم،
يەر ـ زېمىننى يوقاتتىم، قانى ئەمدى ماڭا فۇل.
جەھاندا كۆپ فۇل تولا ماڭا بىر فۇل تافىلماس،
تەشنەھ بولدۇم ئاچۇ ـ زار، ئالدىڭنى بىر قىلا فۇل.
ئەزىزلەرنى خار ئەيلەپ، فەقىرلەرنى زار ئەيلەب،
دوستغە دۇشمەن يار ئەيلەپ، يۈزى قارا قۇتا فۇل.
فۇل تافاي دەپ يۈگۈردۈم تاغۇ ـ داۋان چۆللەردە،
قايدا بارسام ئۇچراماس ھېچ شەھەردە بىكا فۇل.
ئەنجان بىلەن مەرغىنان، تاشكەند بىلەن بەدەخشان،
بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشقان ھەر كۈندە ماجەرا فۇل.
كەشمىر بىلەن ھىندىستان، ئەنگلىيە ھەم ئاۋغان،
ئەرەبىستان، تۈركىستان يۈز مىڭ ھىلە قىلا فۇل.
ئامېرىكە ھەم موسكوۋدا فۇلنىڭ غېمىدە جودا،
رەبئى مەسكۇن ئىچىدە غوغايى ماجارا فۇل.
ئىلىخو ھەم ئۈرۈمچى، فۇل دەپ بارغان يېتىمچى،
خۇدايىمغە ئاھ ئۇرۇپ، ئوزۇقى يوق ياتا فۇل.
قەراشەھەر، كورلادا، فۇل دەپ ھەمىشە جودا،
كۇچار بىلەن ئاقسۇدا كۆب ئىشلەسە تولا فۇل.
شايا بىلەن چىمەندە، تۇرفان بىلەن بۇگۈردە،
مەرالباشى، باي، سايرام ئاتا ـ ئانا بالا فۇل.
كاشغەر بىلەن ياركەند بايلار تولا بار ئىكەن،
فۇل دەب ھەممە زار ئىكەن باغرى قاتتىغ راسا فۇل.
قارغەلىقلىغ، گۇمەلىغ، فىيالمە ھەم زاڭگۇيدا،
ماكۇيلادا خەلق ئارا ئاھۇ ۋەيلا قىلا فۇل.
خوتەن بىلەن قاراقاش، ئەجەب يەمان باغرى تاش،
دىۋانەگە بەرمەسلەر قىلاي دېسە دۇئا فۇل.
لوف، سامفۇلا، چىرادا، نىيا بىلەن كېرىيەدە،
سورغاق ھەم كەفادا جاندىن كەچسە تولا فۇل.
چەرچەند بىلەن ئارقا تاغ، فۇل دەردىدە بىر دىماغ،
كانغە ئىشلەپ باغرى داغ، قىلدى خەفا تولا فۇل.
تەڭ چولڭ بولغان ئاداشلار، بىللە يۈرگەن قۇرداشلار،
نەفرەت قىلىپ قاچىشلار باقماس ساڭا بىكا فۇل.
فۇلنى تافساڭ، ئەي ئاداش، ياتلەر بولۇر قېرىنداش،
خۇاھى قېرى، خۇاھى ياش خىزمەتىڭدە بولا فۇل.
فۇلنى تافساڭ مەزمۇت تۇت، ئىسراف ئېتىپ يۇقاتمە،
لازىم ئەمەس ھېچنېمە، ھەر كىم قىلسە سەفا فۇل.
ئىككى دۇنيا ئىززەتى سەخاۋەتتىن بولۇرلار،
دۇنياۋۇ ئاخىرەتدە كۆپ كاتتە پادىشا فۇل.
دۇنيا تافقان ئىززەتلىك، خەلق ئىچىدە ھۆرمەتلىك،

ھەر ئىش قىلغۇر غەيرەتلىك، ھەرنە قىلسە قىلا فۇل.
بۇ دۇنيادە فۇل تاپسە ئىززەت قىلغۇر خەلايىق،
ئۇرنى ئۈستۈن ھەممەدىن مەجلىسلەردە بولا فۇل.
فۇلى يوقلار خارىدۇر، كىچە ـ كۈندۈز زارىدۇر،
ھەق تەئالا يارىدۇر شۈكرى قىلسە ئاڭا فۇل.
ھازىر كۈندە خەلايىق فۇل كويىدە دەرماندۇر،
بىلىڭ ئاخىر زەماندۇر، مەئسىيەتلەر تولا فۇل.
شاھۇ، گەدا بارچەسى، فەقىر ـ بايلەر ھەممەسى،
دائىم دۇنيا كويىدە قىلغۇر يۈزنى قارا فۇل.
شەفقەت قىلماس بىر ـ بىرگە، رەھىم قىلماس ھېچبىرگە،
كېچىپ ئاتا ـ ئانادىن، ھەمىشە نارىزا فۇل.
بۇرادەرلەر بۇ زەمان، باقى ئەمەس بۇ جەھان،
كېتەر ياخشى ھەم يامان، خەلق ئىبرەت ئالا فۇل.
دوست تۇتمە بۇ دۇنيانى، موللا تۇردى ناتەۋان،
ھەم ياخشىنى ھەم يەمان ھەرگىز قىلماس ۋەفا فۇل.

## موللا تۇردىنىڭ كىتاب ئاخىرىدا ئايتقانى

كاتىبى موللا تۇردى ئەھلى خوتەن،
قىلغان ئەردى تەۋەككۇل ئىچرە ۋەتەن.
ئاتاسى ئالماس ئەردىلەر مەرھۇم،
بۇ كىتابەتنى قىلدىلەر مەرقۇم.
كىتابەت ئەھلى كېتەر خەتى قالغۇر باقى،
ئاقىبەت ئىچۈرگۈسىدۇر شەربەتى ئەفلاكى.
رەبات كوھنە ئېرۇر بىر كېچە ئۆتەيلى قونۇپ،
نە ھال مال قالغۇر نە سەراي ئىلە تاقى.
بۇ جەھان چىرايلىغدۇر، سۈرەتى قىزىلگۈلدۇر،
ھەماقەت ئەھلىلەرى ھەمە گۈلغە مۇشتاقىي.
بەرادەرىم ئاداشىم بۇ جەھان سەڭا قالدى،
كى پېشىنۋالارىمىز ھەمە بولدى تۇفراقى.
بىردىن ـ بىردىن كېتەمىز، غەفلەت ئىچرە ئۆتەمىز،
خۇداغە نالە قىلىپ ئاخىرەتنى تاپماقى.
كېتەرمىز ياخشى يامان، قالماغاي ھەممە زىيجان،
ئاقىبەت ھەمە يەكسان بىر خۇدادۇر باقىي.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن ئارامغا چىققان.)

# «دىۋانى كامىل»دىن

## كامىل خارەزمى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ

مۇھەررىردىن: كامىل خارەزمىي (ئەسلىي ئىسمى پەھلىۋان مۇھەممەدنىياز ئابدۇللا ئاخۇن ئوغلى بولۇپ، كامىل خارەزمىي ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر) مىلادىيە 1825 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1899 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى خىۋە خانلىقىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن تونۇلغان شائىر، خەتتات، مۇزىكىشۇناس، تەرجىمان، دۆلەت ئەربابى ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ خارەزمدىكى تۇنجى تەشەببۇسچىلىرىدىن بىرى. ئۇ خىۋە مەدرىسىسىدە ئوقۇپ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، شەرق ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىنىڭ ئىجادىي مىۋىلىرىنى، كلاسسىك سەنئەتكارلارنىڭ داڭلىق مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ۋە خەتتاتلىق مىراسلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن. كېيىن ئۇ خىۋە خانى سەئىد مۇھەممەدخاننىڭ ئوردىسىدا كاتىپلىق قىلغان، مۇھەممەد رەھىم خان II ئۇنى مىرزا باشىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. كامىل خارەزمىي 1873 ـ يىلىدىن 1880 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوردىدا دىۋان بېگى ۋە مىرزا بېشى بولغان؛ 1880 — 1881 ـ يىللىرى خارەزمدە تۇنجى بولۇپ باسماخانا قۇرغان.

كامىل خارەزمىي شەرق كلاسسىك مۇزىكىلىرى، بولۇپمۇ مۇقامچىلىق ئەنئەنىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھاميلىق قىلغان؛ ئۆزبېك كۈيلىرىنى خاتىرىگە ئېلىش ئۈچۈن «تەمبۇر سىزىقى» دەپ ئاتىلىدىغان نوتا سىستېمىسىنى ئىشلىتىپ، نوتىدا «راست» مۇقامىنىڭ باش قىسمىنى خاتىرىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئوغلى مىرزا مۇھەممەد رەسۇل ئاتىسى باشلىغان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، خارەزم «شەش مۇقامى»نىڭ قالغان ناخشا ۋە كۈيلىرىنى توپلاپ نوتىغا ئالغان، «راست مۇقامى»غا سېلىنغان «مۇرەببەئى كامىل» ۋە «پېشرەۋى فىروز» كۈيلىرىنىڭ نوتىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. كامىل خارەزمىي 1873 ـ، 1883 ـ يىللىرى موسكۋا ۋە پېتىربورگ شەھەرلىرىگە ئىككى قېتىم سەپەر قىلغان. شۇ مەزگىللەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا دائىر بىر قىسىم شېئىرلارنى يازغان. 1896 — 1897 ـ يىللاردا تاشكەنتكە كېلىپ، بۇ يەردىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار ھەققىدىكى «دەر بايانى تەئرىف ۋە تەۋسىف تاشكەند» («تاشكەنت تەرىپ ـ تۆسىپلىرىنىڭ بايانى») ناملىق قەسىدىنى يازغان. بۇ قەسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدا ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن دەسلەپكى شېئىرىي ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭى زامانىۋى مەدەنىيەت ئۇلۇغلانغان.

كامىل خارەزمىي شەرقتىكى داڭلىق شائىرلارنىڭ ئەنئەنىلىرى بويىچە لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، دىۋان تۈزگەن. بۇ دىۋانغا شائىرنىڭ تۆرلۈك ژانىردىكى 8000 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرىي مىراسلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ 1865 ـ يىلى بەرخوردار بىننى مەھمۇد تۈركمەن فاراھىي ‹ئەدەبىي تەخەللۇسى مۇمتاز›نىڭ «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» (بۇ ئەسەر ئايرىم مەنبەلەردە «مەھفىل ـ ئارا»، يەنى «مەجلىسكە زىننەت بەرگۈچى» دەپ ئاتىلىدۇ) ھەمدە 1869 ـ، 1870 ـ يىللىرى فەخرىددىن ئەلى سەيفىينىڭ «لەتائىفەت ـ تەۋائىف» («تۆرلۈك تائىپىلەرنىڭ لەتىپىلىرى»)

ئەسەرلىرىنى پارسچىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەلشىر نەۋائىي «خەمسە»سىنىڭ خارەزم تاش باسمىسىدىكى تۇنجى نەشرىگە سۆز بېشى يازغان.

كامىل خارەزمىي دىۋانىنىڭ قولىيازمىلىرى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازمىلار فوندىدا 1025، 1849 دېگەن نومۇرلاردا ساقلانماقتا.

كامىل خارەزمىينىڭ ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا سۇنۇلغان تۆۋەندىكى شېئىرلىرى ھجرىيە 1327 (مىلادىيە 1909) - يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان تاش باسما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

* * *

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

زىھى ھۆسنىڭ گۈلىغە يوق بەھارى ئىبتىدا پەيدا،
ھەم ئېرمەس بۇ بەھارىڭغە خەزانى ئىنتىھا پەيدا.
ھەم ئول كۈندە ئىدى گۈلزارى ۋەھدا نىيەتىڭ رەييان،
گۈلىستانى ۋۇجۇد ئېردى ئەدەم دەشتىدە ناپەيدا.
قەدىرى سەنكى يوقنى قىلماقىڭغە بار ئىكى بۇرھان،
ئەمەس ئىيساۋۇ ئادەمغە ئاتا بىرلە ئانا پەيدا.
مۇبەرھەن ئىستەدىڭ كەۋنەينغە ئەھكامىڭ ئەنفازىن،
قىلۇردا يوقنى بارۇ بارنى يوق يوق ساڭا پەيدا.
ۋۇجۇدىڭ شاھىدىدۇر كائىناتۇ ئىنسۇجان يوقسە،
ساڭا ئېرمەس ئالار ئىجادىدىن ھېچ مۇددەئا پەيدا.
جەمالى بىزەۋالىڭغە چۇ مەزھەر قىلدىڭ ئەشيانى،
گۈلىستانلارغە بولدى رەڭگۇ بۇ نەشئۇ نەما پەيدا.
بۇ گۈلشەن ئىچرە لۇتفىڭ لەئلى جانپەرۋەر نەسىمىدىن،
گۈلۇ بۇلبۇلغەدۇر يۈز بەرگ بىرلە مىڭ نەۋا پەيدا.
نې ئىشغە زەررە ياڭلىغ بولدى بىئارام بۇلبۇللار،
يۈزىڭ مېھرى شۇئائىن قىلماسە گۈل ھۆسنى تا پەيدا.
بەلەندۇ پەست ئالەم بارچەسى مەئمۇرى ئەمرىڭدۇر،
كىم ئاندىن بولدى نۇنۇ كافدىن ئەرزۇ سەما پەيدا.
بىراۋ مەقبۇلى لۇتفىڭدۇر، بىراۋ مەردۇدى قەھرىڭدۇر،
بۇ ھىكمەتدۇركى چۇن قىلدىڭ ئىكى مېھمانسەرا پەيدا.
شەفىئۇل - مۇزنىبىننى قىل ئاڭا يارۇ مۇئەييەن، يارەب،
چۇ مەئدۇم ئېيلەدىڭ كامىلنى قىلغۇڭدۇر يانا پەيدا.

* *

زىھى ئېرمەس ۋۇجۇدىڭغە زامان زاھىر، مەكان پەيدا،
دېسەم پەيدا، نىھان سەنۇ دېسەم بار سەن، نىھان پەيدا.

ھەۋايى گۇلشەنى ۋەسلىڭدە بۇلبۇلدەك ئىدىم نالان،
نى لەبنى لەبدە سۆز، نى جىسمنى جىسم ئىچرە جان پەيدا.
ئىدى جان قۇشلارى ھۇسنىڭ گۇلىغە ۋالە ئول كۈنكىم،
نى گۇلدا رەڭگۇ بۇ زاھىر بۇلبۇلدا فىغان پەيدا.
قىدەم بۇرجى ئىدى رەۋشەن جەمالىڭ ئافتابىدىن،
ئەمەس ئېردى ھۇدۇس ئەۋجىدە مىھرۇ فەرقەدان پەيدا.
كۆڭۈللەر لەۋھى ئانداق سادە ئېردى غەير نەقشىدىن،
نى ۋەھمۇ نى شەك ئاندا، نى يەقىنۇ نى گۇمان پەيدا.
ۋۇجۇدىڭغە بولالماس چۇن ئەبەد، ئەۋۋەل، ئەزەل، ئاخىر،
قاچان ئاغازۇ ئەنجامىڭغە بولغاي بىر زەمان پەيدا.
سەن ئول شاھى بىلئىستىقلال ئەۋرەڭگى قىدەمسەنكىم،
ساڭا نى بىر شەرىكۇ نى ۋەزىرۇ پاسبان پەيدا.
نى جەۋھەرۇ، نى ئەرز، نى جىسمۇجان پىنھان ئىدى بارچە،
ئىدىڭ، ئەي پادشاھا، بارگاھى لامەكان پەيدا.
چۇ قىلماق ئىستەدىڭ رەڭگىن گۇلىستانى زۇھۇرىڭنى،
قارا تۇفراقدىن قىلدىڭ گۇلۇ ھەم ئەرغەۋان پەيدا.
ئاچىپ ھەر خارى ئالەم گۇلشەنى ئىچرە يۈز ئەلۋان گۇل.
بېرىپ ئەشجارۇ ئەسمار ئولدى باغۇ باغبان پەيدا.
كەلامى مۇئجىزىڭ بولدى چۇ ئىككى ھەرفغە ئامىر،
نەباتاتۇ جەماداتۇ ھەم ئولدى ئىنسۇ جان پەيدا.
چۇھەر گۇل ئەفسەرىغە بەرگىدىن يۈز لەئل قوندۇردۇڭ،
ئۇلار ۋەسفىدە بۇلبۇللارغەدۇر مىڭ داستان پەيدا.
نى نەفئۇ نى زەرەر، كامىل، ئاڭا جۇرمۇ سەۋابىڭدىن،
سېنى چۇن ئەيلەدى قىلماقغە مۇندا ئىمتىھان پەيدا.

* *

كۆڭلۈمكى قۇربى ۋەسلىڭ ئېرۇر مۇددەئا ئاڭا،
يا رەب، خەيالىڭ ئىلە مۇدام ئاشنا ئاڭا.
غەفلەت غۇبارى تىيرە كۆڭۈل كۆزگۇسىن قىلۇر،
ئاگاھلىق كۇلى بىلە يەتكۇر جىلا ئاڭا،
ئىسيان خەزانى ئايىتتى: كۆڭۈل گۇلشەنىن يىتۇر،
تەۋبە بەھارىدىن يانا نەشئۇۋۇ نەما ئاڭا.
سەرگەشتەئى تەرىقى زەلالەتدۇرۇر دىلىم،
لۇتفىڭنى ئەيلە راھنەمايى ھۇدا ئاڭا.
كۆڭلۈمغە كام ئەيلەمە مېھرىڭدىن ئۆزگەنى،
بەرگىل مۇھەببەتىڭ قۇياشىدىن جىلا ئاڭا.
مۇرغى دىلىم مۇقەييەد دامى ھەۋەسدۇرۇر،

بۇ قەيدىدىن كەرەم بىلە بەرگىل رەھا ئاڭا.
كامىلنى مەھۋ ھۇسنىڭ ئېتىپ، قىلمە جىلۋەگەر،
ئايىنەئى دىلىندە رۇخى ماسىۋا ئاڭا.

*　　　*

قەدىڭ نەخلى باغى نەزاكەت ماڭا،
قاشىڭ شەكلى تىغى شەھادەت ماڭا.
جەبىنىڭ مەھى ئەنۋەرى شامى قەدر،
يۈزىڭ مېھرى سۇبھى سەئادەت ماڭا.
مەتافىم مېنىڭ ئاستانىڭدۇرۇر،
قاپۇڭ كەلدى بابى زىيارەت ماڭا.
بىھىشتى بەرىندىن كۆپ ئەۋلادۇرۇر،
ھۇزۇرىڭدا بىر لەھزە سۇھبەت ماڭا.
رۇكۇئۇ سۇجۇدىم ئېرۇر قەددىڭە،
مۇئەززىن، دېمە قەددۇ قامەت ماڭا.
كۆتەرمەن باشىم جادەئى ئىشقدىن،
كى بۇدۇر تەرىقى سەلامەت ماڭا.
بۇ يولدىن ئۆيۈرمان يۈزۈم، ئۇچراسە
ئەگەر ھەر قەدەمدە يۈز ئافەت ماڭا.
ئىچىپ زەھرى قەھرىڭنى خۇشنۇدمەن.
كېرەكمەسدۇرۇر شەھدۇ شەربەت ماڭا.
كۆڭۈل خويى قىل مېھنەتۇ غەم بىلە،
كى مەتلۇب ئەمەس ئەيشۇ راھەت ماڭا.

*　　　*

تا ئىتاب ئاغاز قىلدى ئول قۇياش سىيما ماڭا،
تىيرە زىنداندىن بەتەردۇر بۇ يارۇق دۇنيا ماڭا.
سۇھبەتىدە بادەئى لۇتفىغە مەخمۇر ئولمىشەم،
ھاجەت ئېرمەس گۈلشەن ئىچرە ساغەرۇ سەھبا ماڭا.
كېچە - كۈندۈز خوردۇ خابىم رەنجۇ بىخۇدلىق ئېرۇر،
تەركى مېھر ئەتتى نىگارىم تۈند خويىم تا ماڭا.
دەھرنى بەرسە نېتاڭ ئەشكىم فەنا سىيلابىغە،
كۆزلەرىم چۇن چەشمەسار ئولمىش كۆڭۈل دەريا ماڭا.
يۈرمەكۇ ئولتۇرماقىمغە باقىبان ئەيب ئەيلەمەڭ،
ھەمنىشىن ھەيرانلىخ ئولمىش ھەم ئىنان سەۋدا ماڭا.
ھەجرىدە سۈزى نىھانىم ئۆلتۈرۈر بىر كۈن مېنى،
قىلماسە قەھرۇ مەلالى بائىسىن ئەفشا ماڭا.
قىلما، يا رەب، ھېچ كىشى مىئراجى ئىقبالىنى پەست،
رەھم ئېتەرلەر بارچە ئەھلى شەھر ئىلە سەھرا ماڭا.
ئۆلكى دايىم كۆرسەتۈردى سەدرى مەجلىسدە ئورۇن،
ئەمدى بارسام كەفشىنىڭ ئورنىدا بەرمەس جا ماڭا.
قايسى بىر كۈلفەتغە تاقەت ئەيلەسۇن مەھزۇن كۆڭۈل،
چەرخى دوندىن ھەر نەفەس يۈز ھادىسە پەيدا ماڭا.
نې قاتىغ ھالىمنى دەر ئەھباب دىلدار ئالىلىدا،
نى ئۆزىم ئايتۇرغە باردۇر قۇدرەتۇ يارا ماڭا.

بۇ جەھانى پەۋجدىن كەچمەككە ئار ئەتسەم نېتاڭ،
ھىممەتىڭ شۇلدۇرمۇ دەپ تەئنە ئەيلەر ئىستىغنا ماڭا.
دىل شىكەستۇ يۈز قارا قىلدى نىگىن ياڭلىغ مېنى،
قىلماغىز ئەمدى ئىمارەت سەرفىنى ئىنشا ماڭا.
تاپماسام شەھ ئىلتىفاتىن بىر نەفەس كامىل كەبى،
بىللاھ، يوقتۇر خەس كەبى دۇنياۋۇ مافىھا ماڭا.

*　　*

ئول پەرى پەيكەر كىيىپمۇ ئىگنىگە چەكمەن قارا،
يا لىباسىن تۈندىن ئەيلەپمۇ مەھى رەۋشەن قارا.
دىلبەرىم دائىم كىيەر شەبرەڭگى تون ئول ۋەجھىدىن،
كىم كۆرۈنمىش ئەلگە بارچە رەڭگىدىن ئەھسەن قارا.
دۇر تىشىڭ ھەجرىدە بولدىم ئەشكرىز ئول نەۋئىكىم،
تولدۇرۇپدۇرمەن گۆھەردىن جەيب ئىلە دامەن قارا.
ئەيلەگەن بەختىم قارا ئول كىم ساڭا چۈن ئەيلەدى،
قاش قاراۋۇ خەت قاراۋۇ چەشم فىتنە فەن قارا،
ئول گۈلى رەئنا جەمالىن كۆرمەسەم گەر باغ ئارا،
باردۇرۇر گۈلشەن كۆزىمگە ئۆيلەكىم گۈلخەن قارا.
تەشمەگۈنچە ناۋەكى كۆڭلۈمنى رەۋشەن بولمادى،
بولغۇسى ھەر ئۆيكىم ئاندا بولماسە رەۋزەن قارا.
ساف دىلىلىغ ئىستەسەڭ ئەۋۋەل تەۋازۇئ پىشە قىل،
كىم قىلۇر ئانى تەكەببۇر بىرلە ماۋۇ مەن قارا.
قىل يەقىن ھاسىل كۆڭۈلگە ئىستەسەڭ دىدارى يار،
يوقسە ئول كۆزگۈنى ئەيلەر ۋەھم بىرلە زەن قارا.
يانا بىر ئاقشام كېلىپ شەمئى شەبىستان بول ئاڭا،
كىم ئۆزارىڭ ھەجرىدە كامىلغەدۇر مەسكەن قارا.

*　　*

لەبىڭغە بىھىشت ئىچرە كەۋسەر فىدا،
سۆزىڭغە سەدەف ئىچرە گەۋھەر فىدا.
يۈزۈ زۇلفىگە سۇنبۇلۇ گۈل ئەسىر،
خەتۇ خالىڭە مۇشكۇ ئەنبەر فىدا.
ئۆزارۇ لەبۇ قامەتۇ چەشمىڭە،
گۈلۇ غۇنچەۋۇ سەرۋۇ ئەبھەر فىدا.
لەبۇ قەددۇ سىيبى زەنەخدانىڭە،
كۆڭۈل سەدقە، جان ۋالەۋۇ سەر فىدا.
قەدۇمىڭغە ھەم تەخت ئېرۇر تەختى پا،
ئانىڭدەككى، باشىڭغە ئەفسەر فىدا.

باشىڭدىن نېگە ئايلانۇر سۇبھۇ شام،
ئايۇ كۈن ساڭا بولماسە گەر فىدا.
كۆزىمدەك نېدىن بولدى لەبرېز ئەشك،
لەبىڭغە ئەمەس بولسە ساغەر فىدا.
ھەمىشە كۆتەرمەس باشىن سەفھەدىن،
خەتىڭغە مەگەر بولدى مەستەر فىدا.
قويار باش ئاياقىڭغە نېچۈن، ساڭا
ئەمەس بولسە زۇلفى مۇئەنبەر فىدا.
يولىڭغە ئاچۇق چەشم ھەيران كەبى،
ساڭا بولغالى مىھر ئەنۋەر فىدا.

فىدا بولسە كامىل ئاڭا خوبلار،
نېتاڭ بولغۇسى شەھغە لەشكەر فىدا.

* *

نى سۆد ئاچىلسە گۇل، ئولسە بەھار غۇربەت ئارا،
ماڭاكى بولماسا يارۇ دىيار غۇربەت ئارا.
ئاچىلمادى چەمەنىستان ھەۋاسىدىن كۆڭلۇم،
كۆزىمگە گۇل ئېرۇر ئانداقكى خار غۇربەت ئارا.
فىراق دەشتىدە بىر مۇشكىبۇ غەزال ئىستەپ،
كۆزۈمنى قىلدى چۇ دامى ئىنتىزار غۇربەت ئارا.
يىراق تۇشكەلى ئەھباب سۆھبەتى مەيىدىن،
نەشات جامىغە بولدۇم خۇمار غۇربەت ئارا.
چەمەندە گۇلدەك ئەھىببا ۋەتەن ئارا خەندان،
چۇ لالە باغرىم ئېرۇر داغدار غۇربەت ئارا.
ۋەتەندە كۆزىمە جاڭگالىستانچە يوق مەھمۇر،
ئاياز باغىدا تۇتتۇم قەرار غۇربەت ئارا.
چىقاي ۋەتەن سەدەفىدىن دېمە گوھەر ياڭلىغ،
ئەگەرچە بولسە ساڭا ئىئتىبار غۇربەت ئارا.
نىھان ئەت ئۆزنى ۋەتەن قافى ئىچرە ئەنقادەك،
ساڭا يوق ئولسە مۇرادى ئىشتىھار غۇربەت ئارا.
ۋەتەندە ساكىن ئولۇپ سەير ئەت ئالەمى بالا،
سەفەرنى ئەيلەمەگىل ئىختىيار غۇربەت ئارا.
پەيغەمبەر ئايدىكى: «ھۇببۇل ـ ۋەتەن مىنەل ـ ئىمان»①،
چۇ يەتتى سەمئىڭە بۇ سۆز نى بار غۇربەت ئارا.
تاپ ئەمدى خىۋەق ئىلە پەھلەۋاننى كامىل ئېسەڭ،
دېمە بۇخارى شەرىفۇ مەزارى غۇربەت ئارا.

* *


ماڭا ئەي پەرى، كۆپ ئىتاب ئەيلەمە،
غەم ئوتىغە باغرىم كەباب ئەيلەمە.
تۇزۇپ سۆھبەت ئەھلى جەھالەت بىلە،
كەمال ئەھلىدىن ئىجتىناب ئەيلەمە.
ۋىسالىڭدە راھەت يەتۈرگىل دەمى،
فىراقىڭدا دائىم ئەزاب ئەيلەمە.
ھۇزۇرىڭدا خەتدان ئېتىپ دۇشمەنىم،
ئىشكىدە كۆزۈمنى پۇرئاب ئەيلەمە.
چۇ كەلدىڭ قاشىمغە كېتەرىن دەبان،
يانا ئۆمر ياڭلىغ شىتاب ئەيلەمە.
قاۋۇپ مەجلىسىڭدىن مەنى، غەيرىنى
مەقامىمدا نايىب ـ مەناب ئەيلەمە.
مەنى سايەدەك خاكسار ئەيلەبان،
ئانى سەربەلەند ئافتاب ئەيلەمە.
زەغەنغە بېرىپ بۇلبۇل ئورنىدا جاي،
ھۇما ھەمنىشىنىن ئۇقاب ئەيلەمە.
قىلىپ ياد شايىستە خىدمەتلەرىم،
خەتا بىرلە سەھۋىم ھىساب ئەيلەمە.
باقاردا كۆزۈم چىھرەئى لۇتفۇڭە،
غەزەب بىرلە قەھرىڭ نىقاب ئەيلەمە.
فىراقىڭدا كامىلنى ناكام ئېتىپ،
نىفاق ئەھلىنى كامىياب ئەيلەمە.

* *

مۇقەۋۋەس قاشىڭ ھەسرەتى جان ئارا،
ئېرۇر ئۇيلەكىم قەۋس قىربان ئارا.
ھىجاب ئالما يۈزدىنكى ئۆرتەنمەسۇن،
جەھان ئوت تۇشۇپ ئىنس ئىلە جان ئارا.
مەلەكدۇرمۇسەن، ھۇر ياخۇد پەرى،
كى مەئدۇم مانەندىڭ ئىنسان ئارا.
دېگەي خارلار ئىچرە بىر تازە گۇل،
بىراۋ گەر سېنى كۆرسە خوبان ئارا.
يۈزىڭ كۆرمەسە باغ ئارا گۇل، نېدىن
بۇيالمىش يۈزىن يىرتىبان قان ئارا.
ئېرۇر چەشمەئى زەمزەم ئىچرە بىلال،
ۋەيا خالى مۇشكىن زەنەخدان ئارا.
رەقىب ئولدى ۋەسلىڭ مەيى بىرلە مەست،
مەنى خەستە مەخمۇر ھىجران ئارا.
خەتىڭ ئىچرە گۇلفام لەئلىڭمۇدۇر،
ۋەيا بەرگى گۇل تۇشتى رەيھان ئارا.
ۋەيا قەيدۇمەندۇدا مۇشكىن غەزال،
ئېرۇرمۇ كۆزۈڭ، يوقسە مىژگان ئارا.
ئەلىفدەك قەدىڭنى خىرامان ئېتىپ،
ۋەتەن قىل كېلىپ گۇلشەنى جان ئارا.
جەنابىڭدا ۋەسلىڭ تىلەرمەن مۇدام،
گادادەككى دەرگاھى سۇلتان ئارا.
ھۇجۇم ئەتكەن ئۇششاقمۇ دەۋرىڭە،
ۋەيا مۇر گەردى سۇلەيمان ئارا.
مۇھەممەد ئېسە يار، كامىل، ساڭا،
نى غەم غەرق ئېسەم بەھرى ئىسيان ئارا.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)

① ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر.



# «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر مەسىلىلەر ۋە ئامىللار

ئابدۇقادىر جالالىدىن

> شېئىرىي مۇلاھىزىلەرگە كەلگەندە بىز شاگا ئېيتساق، شېئىر يا ۋەزىنلەرگە قاراپ، يا مەنىلەرگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.
>
> — فارابىي

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى بالاغىتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى، ئەينى دەۋردە «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىنى يىرىك يازما داستانچىلىق ئەنئەنىسىگە نائىل قىلىپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى تاۋلاش ئاساسىدا ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، شۇنداقلا كېيىنكى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇستەھكەم ئۇل سالغان دەۋر بۆلگۈچ شائىر. ئۇ يەنە يېڭى ئىسلاملاشقان جەمئىيەتنى بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەسلىدىكى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بىلەن ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۇيغۇن بىر رەۋىشتە تەتبىقلاپ يېتەكلەش ھەم خەلقنى مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈستىدە دادىل ئىزدەنگەن جەمئىيەتشۇناس ۋە مۇتەپەككۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر پەلسەپە قاراشلىرى ۋە ئېستېتىك غايىسىنىڭ بەدىئىي قامۇسى سۈپىتىدە ئەينى يىللاردا ئەمەس، بۈگۈنكى شارائىتتىمۇ رېئال قىممەتكە ئىگە. بىز «قۇتادغۇ بىلىك»كە ئەستايىدىل نەزەر سالساق، ئۇنىڭدىن چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە غايىب بولۇپ كەتكەن بەزى ئەدەبىيات ئەنئەنىمىزنى بايقايمىز. تۇرمۇشتىكى تەخىرسىز سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلىش «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەكس ئەتكەن رېئالىستىك روھنىڭ بىر مەزمۇنى. «قۇتادغۇ بىلىك» بىزگە يەنە ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك ئۆرنەكلىرى، بەدىئىي تەپەككۇر ئەندىزىلىرى، ئۇسلۇبى، ژانىرلىرى توغرىسىدا يېتەرلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. بۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى مۇھىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1019 ـ يىللاردا قاراخانىيلارغا قاراشلىق يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى بالاساغۇن شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى مىلادىيە 1069 —

1070 ـ يىللاردا، يەنى 50 ياشلارغا ئۇلاشقاندا يېزىپ تاماملاپ، «مەشرىق شاھى تاۋغاچ بۇغراخان»غا تەقدىم قىلغان. كىتابنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەك مۇۋەپپەقىيىتى پادىشاھنى سۆيۈندۈرگەچكە، پادىشاھ ئاپتورغا «خاس ھاجىپ»لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. تارىخچىلار بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «تاۋغاچ بۇغراخان»نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمدار ھارۇن بۇغرا ئەبۇ ئەلى ھەسەن خان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى(زەكى ۋەلىدى توغان، م. خەيرۇللايېف، ئەنۋەر بايتۇر). ھارۇن بۇغراخان مىلادىيە 1075 ــ 1103 ـ يىللار ئارىلىقىدا قاراخانىيلار دۆلىتىنى باشقۇرغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرلەردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەسەررۇپىدىكى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىدىن باشقا يەنە غەزنەۋىلەر خانلىقى ۋە سەلچۇقىيلار خانلىقى بار ئىدى. بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام زېمىنىدىكى كاتتا ھاكىمىيەتلەر سۈپىتىدە تۈرك، ئەرەب، پارس مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇشىدەك مەدەنىيەت ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. لېكىن، بۇ ھالەتنىڭ دراماتىك تۈسى ناھايىتى قويۇق بولۇپ، بۇنى چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئىلمىي ھاياتىدىكى كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشنى ھېس قىلالايمىز.

ئىسلام مۇقەددەس دىن سۈپىتىدە پارسلارغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تىلى، يېزىقى ھەم ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىغا كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پارسلارغا ئوخشاش غەيرىي ئەرەب خەلقلىرىنىڭ سەرخىللىرىدا مەدەنىيەت جەھەتتە باراۋەرلىك قوغلىشىش، ھەتتا ئۈستۈنلۈك تالىشىش خاھىشى پەيدا بولدى. بۇ تارىختا «شۇئۇبىيە ئىدىيىسى» (Shu,ubiyya) دەپ ئاتالدى. «شۇئۇبىيە خەلىپىلىكتىكى غەيرىي ئەرەبلەر، يەنى شەھەر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن ئەجەمىيلەردىن ئىبارەت خەلقلەرنىڭ ئەرەبلەردىن باراۋەرلىك تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بارغان ھەرىكىتىدۇر» دەيدۇ م. ف. ئوسىيانىكوف ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ئېستېتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە[1]. ئوسىيانىكوف ئېيتقاندەك، ئۇنى بىر ھەرىكەت دېگىنىمىزدە، ئۇ دەل ئىدىيە ھەرىكىتىدىن ئىبارەتتۇر. «شۇئۇبىيە» دېگەن ئاتالغۇ ئەرەب تىلىدىكى «شۇئۇب» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «بىرىچە قوۋم»، «مىللەت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىدە مىللەتلەرنىڭ ئىرقى ۋە رەڭگىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ باراۋەرلىكى تەكىتلىنىدۇ، يەنى ئۇلار ئىرق جەھەتتە باراۋەر، ئەمما ئېتىقادىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ، دېيىلىدۇ. «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»[2]. ماددىي تەرەققىيات ئەۋزەللىكى، مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى نۇقتىسىدىن پارسلار ئۆزلىرىنى ئەرەبلەردىن يۇقىرى باھالىسىمۇ، تەقۋادارلىق باشقا بىر ئىش ئىدى. ئۇ ئىنساننىڭ ھازىر ۋە كەلگۈسىدە بىردەك بەختكە ئېرىشىشىنىڭ ھەقىقىي يوللىرى ھەققىدىكى ئىلاھىي ئۆگۈتۈم بولۇپ، ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە. ئاببASسىيلار دەۋرىگە كەلگەندە، پارسلاردا شۇئۇبىيە ھەرىكىتى ئەۋجىگە چىقىدۇ. پارس ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى جاڭ خۇڭنيەن (张鸿年) شۇئۇبىيە ھەرىكىتىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ: بىرى، پارسلار ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، پەھلىۋى تىلىدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، پارسلار ئەرەب تىلىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى

شېئىرلارنى ئىجاد قىلىدۇ③.

دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا تۈركىي خەلقلەر ئەسكەر ياكى ھەربىي قوماندان سالاھىيىتىدە خەلىپىلىكنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىغا سىڭىپ كىرىپ، بارا - بارا ئابباسىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدىكى ھالقىلىق كۈچكە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوردىدىكى مۇھىم سىياسىي ئورۇننىڭ ئىگىلىرى بولۇپ قالدى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ چاغدىكى ئوبرازى ماھىر چەۋەنداز، قورقماس جەڭچى سۈپىتىدە بولغان بولسا، مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆزگىچە خاس ھاكىمىيەت ئەنئەنىسى، جەمئىيەت سىستېمىسى ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە يارقىن ئوبرازىنى كۆتۈرۈپ چىقتى④.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىسلامدىن ئىبارەت يېڭى بىر ئەقىدىنىڭ تۈرتكىسىدە مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىنىڭ يېڭى ئىپراسىغا قەدەم تاشلىماقتا ئىدى. بۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇر سىياسىي قاتلىمىدىكىلەر دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىسلام مۇھىتىغا يارىشا دەستۇرغا ئېھتىياجلىق ئىدى. غەزنەۋىلەر، سەلجۇقىيلار ۋە قاراخانىيلاردىن ئىبارەت تۈركىي قوۋملار ھۆكۈمىتى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى بىلەن تۈرك، پارس مەدەنىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش مەۋقەسىدە فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»، نىزامۇل مۇلكنىڭ «سىياسەتنامە»، شەمسۇل مەئالى قابۇسنىڭ «قابۇسنامە»دىن ئىبارەت دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە باشقۇرۇش دەستۇرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زېمىن ياراتتى. بىز بۇلارغا يانداش ھالدا ھازىرقى تېمىمىزنىڭ ئوبيېكتى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئىپتىخار بىلەن ساناپ ئۆتىمىز. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىۋاتقان روبېرت دانكوف ۋە ناتان لايت قاتارلىق ئامېرىكىلىق ئالىملار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى سىياسىي مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ۋە ئەرەب تىلىدىكى باش ئىسلام مەنبەلىرىدىن تەسىرلەنگەن ھالدا مەملىكەت كاتتىلىرى، ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئەمەلدارلارنى نىشان قىلىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنى ساپ ئۇيغۇر تۈركچىسىدە يېزىپ چىققانلىقىنى قەيت قىلىدۇ⑤. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەقلىدچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاۋاتقان قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ تاشقى مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە ئىچكى ئېھتىياجىنى چوڭقۇر تەكشۈرگەن، ئۇلارغا ئەستايىدىل دىئاگنوز قويغان ھەمدە بۇ ھەقتە كۆپ قاتلاملىق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن سەزگۈر مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە قەلەم تەۋرەتكەن. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىدىكى قوشنا مەدەنىيەت ھەمدە ئىسلامىي ئەقىدىدىكى سىياسىي يۈزلىنىش تاشقى تەسىر سۈپىتىدە رول ئوينىغان. ئۇنداقتا، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۇنياغا كېلىشىدە يەنە قانداق ئىچكى سەۋەب رول ئوينىدى؟ بۇ مەسىلىگە ئالىم ئەھمەد زىيائىي مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدە قاراخانىيلار ئومۇمىي جەھەتتىن گۈللىنىپ، روناق تاپقان بولسىمۇ، ھاكىمىيەت بېشىدا مەلۇم چۈشكۈنلۈك ۋە سىياسىي قاتماللىق يوشۇرۇن ھالدا مەۋجۇت ئىدى. ئوردا ئىچىدە جاڭجاللار يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلىمىدىكى كەيپىياتلارمۇ قانائەتلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن يوشۇرۇن خەۋپ ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتكەن مۇتەپەككۇر شائىر ئۆزىنىڭ كىرىزىس تۇيغۇلىرىنى، جەمئىيەت ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىنى ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويماي، ئوبراز ۋە پاساھەت يولى بىلەن ئىزھار قىلىدۇ»⑥.

ئەھمەد زىيائىي مىسال تەرىقىسىدە «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى يۇقىرىقى ئىچكى سەۋەبكە دائىر مەزمۇنلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ:

6575 atï kaldï yalnuk kixi kïlkï bardï
bu kïlk kanqa bardï uḍu mən barayï

مەنىسى:

كىشى ئاتى قالدى، يوقالدى كىشىلىك،
قايان كەتتى كىشىلىك، سوڭىدىن بارايمەن.

6602 ulïndïm mən əmdi otunlarka tuxtum
əkünq birlə tün kün nəqə yük yüḍəyi

مەنىسى:

ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئىچرە،
پۇشايماندا كۈن - تۈن نېچۈك يۈك يۈدەيمەن.

6601 qaḍan təg tikərlər qïbun təg sorarlar
kəpək təg ürərlər kayusïn urayï

مەنىسى:

چاياندەك چاقۇلار، چىۋىندەك شورارلار،
ھەم ئىتتەك قاۋارلار، قايۇسىن ئۇرايمەن⑦.

گۈللەنگەن، كۈچلۈك ھاكىمىيەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جەمئىيەتنىڭ يوشۇرۇن كېسەللىكلىرىنى سېزىش ئادەتتىكى ئادەملەرگە نېسىپ بولمايدۇ، بەلكى ئۇ بىلىم ۋە ئەقىلدە توشقان، روھىي كامالەتكە يەتكەن، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، تىرەن پىكىرلىك زىيالىيلاردا بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىك. قاراخانىيلار جەمئىيىتىدىكى پاسسىپ، چىركىن ھادىسىلەرنى چوڭقۇر كۆزەتكەن ۋە ئۇلارنى دۆلەتنىڭ بېشىغا چىقىدىغان ئاپەت دەپ بىلگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەگەر ئەدىبلەردە بولىدىغان روشەن پىكىر، ئۆتكۈر تىل قابىلىيىتىنى ھازىرلىمىغان بولسا ھەمدە مەۋجۇت ئىللەتلەرنى ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى دائىرىسىدىكى ئۆرتىنىشلىك مۇلاھىزىلەرگە ئايلاندۇرمىغان بولسا، بۇنداق زور ھەجىملىك پەلسەپىۋى داستاننى تاماملاش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىلھامغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. مانا بۇ قەلەم ئىگىسىنىڭ جەمئىيەتكە قارىتا قايتۇرغان سۇبيېكتىپ ئىنكاسى ھەمدە ئەسەرنىڭ روياپقا چىقىشىدىكى مەنىۋى شەرت.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت ئەسەر نامىنىڭ «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆپلىگەن ئالىملار بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ (مالوف، رەشىد رەھمەتى ئارات، ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن). بۇنىڭغا يارىشا بۇ ئەسەرنىڭ نامى جۇڭگولۇق ئالىم فېڭ جياشېڭ تەرىپىدىن خەنزۇچە «福乐智慧» دەپ تەرجىمە قىلىندى. ئامېرىكىلىق ئالىم روبېرت

دانكوف تەرىپىدىن ئىنگلىزچە «Glory Wisdom» دەپ تەرجىمە قىلىنىدى. بۇ ئىسىملار ئومۇمەن «ئادەمگە بەخت ـ سائادەت، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان پاراسەت ۋە بىلىم» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ھازىرغا قەدەر «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچ خىل قوليازما نۇسخىسىنىڭ تېپىلغانلىقى ئىلىم دۇنياسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ۋېنا نۇسخىسى: بۇ نۇسخىنى پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ھىرات، ئىستانبۇل — ۋېنا نۇسخىسى» دەپ ئاتايدۇ[8]. ئۇ مىلادىيە 1439 ـ يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەنلىكى، 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىستانبۇلدا بايقالغانلىقى ۋە ۋېنا خانلىق كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك.

2. قاھىرە نۇسخىسى: بۇ نۇسخا مىلادىيە 1896 ـ يىلى قاھىرەدە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

3. نەمەنگان نۇسخىسى: بۇ نۇسخىنى ئەھمەد زەكى ۋەلىدى 1913 ـ يىلى نەمەنگاندىكى بىر كىشىنىڭ قولىدىن بايقاپ، ئىلىم دۇنياسىغا ئۇچۇر بەرگەن. 1924 ـ يىلى پروفېسسور فىترەت كىتابنى قولغا كەلتۈرۈپ، كېيىن ماقالە ئېلان قىلىدۇ.

كىتابنىڭ بىرىنچى نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى نۇسخىلىرى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن.

پۈتكۈل داستان 85 باب، 6654 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۈچ باسقۇچلۇق مۇقەددىمە قىسمى، ئاساسىي قىسىم ۋە خاتىمە قىسىملىرى داستاننىڭ قۇرۇلمىسىغا ئۆزگىچىلىك ئاتا قىلغان. داستاندا مەرسىيە، قەسىدە، غەزەل، رۇبائىي، ئەقلىيە قاتارلىق تۈرلۈك ژانىرلار تەبىئىي جىپسىلاشتۇرۇلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگۈچى ئالىم روبېرت دانكوف داستاننىڭ تەسىرى مەنبەلىرى ھەققىدە توختالغاندا، تۈركىي بەگلىك (ھۆكۈمدارلىق) ئەنئەنىسى، پارسىي ئەدەبىي ئەنداز، ئىسلامىي ئەقىدە، گرېك پەلسەپىسى، بۇددىزم، سوپىزم تەرەققىتلىرىنىڭ روشەن تەسىرلىرىنى كونكرېت مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن[9].

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لاڭ يىڭ خانىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇس قىلغان خانغا بولغان ساداقەتمەنلىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ نېگىزى بولغان كۇڭزى ئىدىيىسىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭچە بولغاندا «پادىشاھلارغا سادىق بولۇش ئىدىيىسى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى»[10]. ئۇ يارىتقۇچىنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تۈپ پرىنسىپنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلىغان. ۋەھالەنكى، بىز داستاننىڭ باش قىسمىدىكى تەۋھىد زىكىرلىرى بىلەن پۈتۈن داستاننىڭ ئاساسىي قىسمىدىكى پىكىر ـ تەلقىنلەرنى باغلاپ چۈشەنمىگىنىمىزدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلغا ئالغان پادىشاھنىڭ ئاللاغا ۋاكالىتەن ھوقۇق تۇتىدىغانلىقىنى، ئاللانىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغان بۇنداق پادىشاھلارغا بولغان ساداقەتمەنلىكنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللاغا بولغان ساداقەت ئىكەنلىكىنى جەزم قىلالايمىز.

تۈركىيىلىك ئالىم فۇئاد كۆپرۈلۈ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئەدەبىي تەسىر نۇقتىسىدىن قەدىمكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىن كەلگەن مىللىي تەركىبلەر بىلەن كلاسسىك ئىران شېئىرىيىتىدىن كەلگەن تەركىبلەرنىڭ مۇجەسسەم بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ[11]. ئۇ يەنە داستاندىكى بەزى

قەسىدىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تۈركىي خەلق قوشاقلىرىدىكى سادda، سەممىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئىران ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىگە رىئايە قىلىش رەۋىشىدە نەتىجىلەنگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ ئۆتىدۇ.

دوكتور ناتان لايتمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىرانىنىڭ سىياسىي نەزەرىيىلىرى بىلەن ئىسلامىي پەلسەپىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىي خەلقلەر جەمئىيىتىدىكى سەرخىللار ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئېتىكىلىق قىممەت سىستېمىسىنى تەقدىم قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە مەھمۇد كاشغەرىي ماقال - تەمسىللەرنى ساپ تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىي ئىپادىسى سۈپىتىدە نامايىش قىلغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ماقال - تەمسىل ۋە ئەقلىيىلەرنى داستاننىڭ ئاساسىي قاپىيە ئىزچىللىقى ئىچىگە ئۆزلەشتۈرۈپ قويغان. شۇنداقتىمۇ، بۇ ماقالىلەر ۋە ئەقلىيىلەر قاپىيە سىخېمىسىدىكى خاسلىقى بىلەن مۇستەقىللىقىنى يوقاتمىغانىدى⑫.

دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە كاتتا بىر ئەسەر ھەرگىزمۇ مەھەللىۋى ئەقىل - پاراسەتتىن ئاپىرىدە بولمايدۇ. ئېنىقكى، ئۇ دۇنياۋى ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن ئىلھام ئالىدۇ، ئاندىن يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئەقىل بايلىقلىرىنىڭ قېزىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل خەزىنىسىنى يېڭى - يېڭى جاۋاھىرلار بىلەن بېيىتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان باشقا دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا ئېغىر كرىزىس تۇيغۇسىنىڭ دۇنياۋى كەڭلىكتىكى پىكىر دولقۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىدىن مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تەپەككۇرىنىڭ يەرشارى مىقياسىدىكى يارقىن جۇلاسىدىن بىر يادنامە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە ئەرەب - پارس تىللىرىدىكى ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرى ۋە ئەدەبىي ئىستىللارنىڭ تەسىرىگە شۇنچە كۆپ ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۆزى ئەسەر يېزىۋاتقان ئانا تىلىنىڭ ساپلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. بۇ ھەقتە ئالىم ئەھمەد زىيائىي مۇنداق دېگەنىدى: «ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا قوللىنىلغان ئەرەب، پارس سۆزلىرى ئورنىدا ئۆز ۋاقتىدا ئۆز تىلىمىزدا گۈزەل سۆزلەر بار ئىدى. 13290 مىسرالىق ‹قۇتادغۇ بىلىك›نى تىزىپ چىقىشتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 60 مىڭ سۆز ئىشلىتىپ، بۇنىڭغا ئاران 400 چە چەتتىن كىرگەن سۆزنى قوشقانلىقى تىلىمىزنىڭ بايلىقىنى، چەتتىن كىرگەن سۆزگە موھتاج ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر»⑬.

تىلدىكى ساپلىق بىر مىللەتنىڭ تەپەككۇرىدىكى خاسلىقى، ئۆزى ياشىغان ئىقلىم بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە شەيئىلەرگە بولغان مۇستەقىل ئىنكاسىدىن دېرەك بېرىدۇ. ساپ مىللىي تىلدىكى بىر پارچە ئەسەر مىللەتچىل روھنىڭ بىر تۈرلۈك جەۋلان قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز تاۋۇش، سۆزلۈك، ئوبراز، قاپىيە، كومپوزىتسىيە، ژانىر، تېما ۋە ئۇسلۇبلارنى شېئىرنى شېئىر قىلىپ تۇرىدىغان ئەزالار دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ بىر تىلنىڭ ئىچكى ئامىللىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز. دېمەك، بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مىللىيلىكىدىكى ئانا ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، يەنى تىل بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى قۇرۇپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق ماتېرىيال بولۇپ، مىللەت ئۆزى بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئانالوگىيىلىك مۇناسىۋەتنى تىل ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ؛ دەل مۇشۇ مۇناسىۋەتتىن گۈزەللىكنىڭ ئىپادىلىنىشىدىكى ئايرىم بىر خاسلىق دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي تىلدىكى ساپلىقنى ئەدەبىياتتىكى ئېستېتىك ئامىلنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش تامامەن يوللۇقتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلدىكى ساپلىقنى پاساھەتلىك، گۈزەل ئەدەبىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە، تەپەككۇردىكى يارقىنلىق تىل يارقىنلىقى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، بارلىق ئىلىملەر ئۈچۈن داغدام يول ئاچاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى ئالىملار تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ غايىۋى تەسۋىرى، ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. بىز ئۇنى يۈكسەك بىر ئەدەبىي نامايەندە دەپ قارىغىنىمىزدا، بۇ ئۇنىڭ ئەينى دەۋرگە دائىر ئېستېتىك خاھىش ۋە ئۆلچەملەر، ئەدەبىيات قائىدىلىرى، شەكىل ۋە ژانىرلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر مۇجەسسەملەنگەن خەزىنە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىسلام ئەقىدىسىنى يېتەكچى قىلىپ راۋاجلاندى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين، ئەپلاتون، ئەرەستۇ (ئارستوتېل)، ئىبنى سىنا، سوپىزم دېگەنگە ئوخشاش سىيمالار ۋە ئۇقۇملار ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئاچقۇچلۇق سۆزلەردۇر. شۇڭا، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىكى، ھەتتا يۇنان ئەدەبىياتىدىكى ئېستېتىك پرىنسىپلارنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەتبىقلاش تامامەن مۇمكىن. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى پادىشاھ كۈنتۇغدى (ئادالەت)، ۋەزىر ئايتولدى (بەخت ـ دۆلەت)، ئۆگدۈلمىش (بىلىم)، ئۇدغۇرمىش (قانائەت) قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشىدىن مۇنداق يەكۈنگە كېلىش مۇمكىن: ئادالەت قۇياشتەك باراۋەر نۇر چاچىدۇ. بەخت ئايدەك تولىدۇ ۋە يېرىم بولىدۇ، ئۇنى پەقەت بىلىم ۋە قانائەت ئارقىلىق مەڭگۈلۈك نەرسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئەسەردىكى قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۇدغۇرمىش كىشىلەرنى ئاخىرەتنى ئويلاشقا ئۈندەيدۇ، چۈنكى قانائەت ئاخىرەتنىڭ ھېساباتىدىن چۆچۈگەن كىشىلەردىلا مەۋجۇت بولاتتى. بۇ يەردىكى ھەربىر ئوبراز مۇئەييەن جۈزئىي شەيئىنىڭ خاسلىقىدىكى خىسلەت ۋە گۈزەللىككە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ يەردىكى گۈزەللىك مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ يەنە بىر شەيئىدىكى ئارتۇقچىلىق ئارقىلىق ئۆزىنى تولۇقلايتتى. شۇنداق قىلىپ شەيئىلەر ئۆزئارا گارمونىك مۇناسىۋەت ئارقىلىق مۇكەممەل گۈزەللىكنى تاپالايتتى. ئۇدغۇرمىش پانىي دۇنياغا خاس خۇشاللىقتىن يىراقلاپ ئاخىرەتنىڭ ئەبەدىي خۇشاللىقىغا ئىنتىلگەن ئوبراز بولسىمۇ، مۇتلەق مەنىدىكى تەركىدۇنيالاردىن ئەمەس ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

6105 akï təp ayurlar kayu ol akï
akï jan yuluoqlap ətər ər ḥəkï

مەنىسى:

سېخىي دەپ ئاتارلار، كىمدۇر ئول سېخىي؟
سېخىي جان پىدالاپ، ئۆتەر ئەر ھەققى.

6106 akïlïk ol ərməz üləsə kümüx
akï janï həlkka kïlur ol yulux

مەنىسى:

سېخىيلىق ئەمەستۇر تاراتماق كۈمۈش،
سېخىيلىق خەلققە جان پىدا بولۇش.

دېمەك، ئۇدغۇرمىشنىڭ «قانائەت»ى رېئال دۇنيادىن ئايرىلىپ، باقىي دۇنياغا باغلانغان «قانائەت»

بولماستىن، بەلكى رېئال دۇنيادىكى ئاۋامنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت بۈرچ تۇيغۇسى بىلەن زىچ باغلانغان قىممەت قارىشى ئىدى. كامالەتكە يەتكەن ئىنسان ئۆز ئۆمرىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، قولىدىكى ماددىي دۇنيانىڭ پەقەت بىر ئامانەت ئىكەنلىكىنى بىلىش شەرتى ئاستىدا ياشىغاندا، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى مەھكۇم بەندىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويماي، ئەمەلىي ھەم كۆڭۈللۈك ياشىيالايتتى.

6148 tilək arzu ni'mət tükəl yəsə sən
tiriglik suvïn sən bulup iqsə sən

6149 sunup tutsa əlgiŋ əgər kək kəzin
baxïŋ kəkkə təgsə yana yərdə sən

مەنىسى:

جىمى ئارزۇ - نېمەتكە يەتسەڭمۇ گەر،
تېپىپ ئابىھايات ئىچسەڭمۇ گەر؛

قولۇڭ يەتكەندىمۇ يۇلتۇزغا ھامان،
بېشىڭ كۆككە تەگسە، ئورۇن ساڭا يەر.

ئەگەر ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگۈتلىرىنى ھايات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى بىلىم دەپ قارىساق، بۇ غەززالىي ئېيتقان: «بىلىم ئاخىرەتتىكى بەختنىڭ ۋاستىسى، شۇنداقلا ئاللاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىردىنبىر ۋاستە»[14] دېگەن ھۆكۈمنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

ئىسلامدا بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئاللا ياراتقان، بارلىق نەرسىلەر پەقەت يارالغۇچى سۈپىتىدە ئاللاغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئىنسان ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئالىيسى سۈپىتىدە ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيانى چەكلىك دائىرىدە بىلەلەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. «قۇرئان»دىكى يارىلىش قىسسىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنساننىڭ تېنى تۇپراقتىن، جېنى بىۋاسىتە ئاللادىن بەخش بولغانمىش. شۇنداق ئىكەن، ئىنسان ئاللا ياراتقان بارلىق شەيئىلەرگە بولغان كۈچلۈك ھېرىسمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شەيئىلەرنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇش، ئۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلىش، ياراتقۇچىنىڭ مۆجىزىلىرى ئارقىلىق ياراتقۇچىنى ئىزدەش ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىدىكى تەبىئىي خۇلق بولۇپ سانىلىدۇ. «روھ ۋۇجۇدتىن ئۆزىنى خالىي قىلىش ۋە مۇتلەق گۈزەللىك، مۇتلەق ھەقىقەتنى ئىزدەش ئارقىلىق ماددىي دۇنيا بىلەن روھىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى بولغان ئاكتىپ ئەقىلنىڭ ياردىمىدە ۋەھدەتكە قايتىدۇ»[15].

روشەنكى، تەۋھىد ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم بىر تېما. «قۇتادغۇ بىلىك»مۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى باشقا بارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلانغان. تەڭرى بارلىق جەريانلارنىڭ بېشى، شۇنداقلا مۇئەللىپنىڭ قەلىمىگە ئىلھام ۋە كۈچ بەرگەن ئورگىنال مەنبە. بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەن مۇئەللىپ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ رازىلىقىنى ئىستەپ قولىغا قەلەم ئالىدۇ. ئۇ مەدەتنى دەرەخ، تاغ - دەريا ۋە ئادەمگە

ئوخشاش چەكلىك، ئاجىز نەرسىلەردىن ئەمەس، بەلكى شېرىكسىز خۇدادىن ئىزدەيدۇ. بۇ ھالنى بىز «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مۇقەددىمىسى ۋە بىرىنچى بابىدىن ئۇچرىتىمىز. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، تەۋھىد مەۋجۇتلۇق ۋە گۈزەللىكنىڭ بۆلۈنمەس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلام ئەدەبىياتىدا بىردەك ئەمەل قىلىنىدىغان ئومۇمىي پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىسلام ئەدەبىياتى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر توغرىسىدا گەپ ئاچقىنىمىزدا، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئەدەبىي ئېلېمېنتلار ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، تەۋھىد ھەققىدە مۇلاھىزە قىلماي بولمايدۇ. تەۋھىد بىر ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللانى يېگانە دەپ بىلىش، شەيئىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئاللانىڭ ياراتمىش ئىرادىسى بىلەن باغلاپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە «بىلىش» ۋە «چۈشىنىش» نوقۇل بىلىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇ ھەقىقىي ئىرادە ۋە مەقسىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 yaqïz yər yaxïl kək kün ay birlə tün
tərütti həlayik əḍ əḍlək bu kün

مەنىسى:

قوڭۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۈن.

4 tilədi tərütti bu bolmïx kamuq
bir ək bol tədi boldï kolmïx kamuq

مەنىسى:

ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى «بول»، بار ئولدى پۈتۈن.

13 nə ərsədin ərməz sənin birlikin
nə ərsələrig sən tərüttün sənin

مەنىسى:

نېمىلىكتىن ئەمەس سېنىڭ بىرلىكىڭ،
ياراتتىڭ جىمىنى، جىسمى سېنىڭ.

14 kamuq sən tərüttün nə ərsələrig
yokaḍur nə ərsə sən ək sən tirig

مەنىسى:

پۈتۈن بار نېمىنى ياراتتىڭ ئۆزۈڭ
يوقىلۇر جىمىسى، تىرىك سەن ئۆزۈڭ.

ئاللانىڭ بىرلىكىنىڭ نېمە ئۇچۇنلۇكىنى بىلىش ئىنسانىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، چۈنكى ئىنسان ئەقلى بۇ يەردىكى «نېمە ئۇچۇنلۇك»نى مەخلۇقات دۇنياسىغا تەۋە ماتېرىيال دۇنياسىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە چۈشىنىشكە ئۇرۇنغانسېرى خاتالىشاتتى. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «نېمىلىكتىن ئەمەس سېنىڭ بىرلىكىڭ» دېيىش ئارقىلىق سەۋەبلەردىن تاشقىرى بىر زاتتىن بېشارەت بېرىدۇ. مۇئەللىپ

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بابىدا پەيغەمبەر مەدھىيىسى، ئۈچىنچى بابىدا تۆت ساھابە (چاھار يار) مەدھىيىسى، تۆتىنچى بابىدا بۇغراخان مەدھىيىسى ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىدۇ. بۇ تەرتىپتىن بىز مۇنداق بىر ئىزچىللىقنى ئىگە بولىمىز: ياراتقۇچى ئاللا، ئاللانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەلچىسى پەيغەمبەر، پەيغەمبەرنىڭ سەپداشلىرى ۋە يولداشلىرى، ساھابىلەر، پەيغەمبەر يولىنىڭ ئىزباسارى پادىشاھ قاتارلىقلار تەۋھىدتىن ئىبارەت سىستېمىنى روياپقا كەلتۈرىدۇ، بۇ يەردە مۇئەللىپنىڭ ئۆزىمۇ بار. مۇئەللىپ بۇغراخان مەدھىيىسى بابىدا گۈزەل تەبىئەت لىرىكىسىنى قىستۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ھەق - ئادالەت ۋارىسى بۇغراخان دەۋرىدىكى تىنچ، خاتىرجەم، گۈللەنگەن جەمئىيەتنىڭ تەسۋىرىنى تەقدىم قىلىدۇ. «پارلاق ياز دۆلەت ياسىنى قۇرۇپ»، «قوڭۇر يەر يېشىل تون كىيىپ»، «تۈمەن رەڭلىك چېچەكلەر ئېچىلىپ» تۇرغان كۆڭۈللۈك دەۋراندا مۇئەللىپ دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئاسايىشلىقى ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئالغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

تەبىئەت گۈزەللىكى مۆجىزىلىك دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىكى ئاشكارا ئامىل بولۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى كۆز كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆڭۈل تەنتەنە قىلىدۇ. بۇ ياراتقۇچىنىڭ گۈزەللىكىدىن بىر بېشارەت بولۇپ، كۆڭۈل شەيئىلەرنىڭ جامالىغا بولغان شەيدالىق بىلەن ئۆزىنى بەختىيار سېزىدۇ. ئىنسانلار كۆزى بىلەن ئەمەس، ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرىدىغان ئىلاھىي گۈزەللىك 99 سۈپەتتە ئۆزىنى قىسمەن نامايان قىلاتتى. ئىنسانلار خۇدانىڭ 99 سۈپىتىنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمايدۇ، پەقەت ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىق نەتىجىسىدە ئايرىم - ئايرىم ۋاقىتلاردا كۆرەلەيدۇ. ئىنسان ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئۆز روھىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئارقىلىقلا دۇنيادىكى گۈزەللىكنىڭ ئەسلىي زاتى بولغان ئالىي گۈزەللىكنىڭ ۋەسلىگە ئىدراكىي رەۋىشتە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتتىكى گۈزەللىكنىڭ كونكرېت بەلگىلىرىنى، روھىيەتتىكى گۈزەللىكنىڭ ئابستراكت بەلگىلىرىنى ئىلغا قىلالايدىغان كامالەت ئىگىسى بولۇشى لازىم بولىدۇ.

تەۋھىد ئىسلامىي ئەدەبىياتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ، ئەدىبلەرنىڭ دۇنيانى كۆزىتىشى ۋە چۈشىنىشىگە نىسبەتەن ئەخلاقىي كۆز، مېتافىزىك سەزگۈرلۈك ئاتا قىلغان. ئەسەرلەردىكى ياخشىلىق، گۈزەللىك، يۈكسەكلىك، نەپىسلىككە ئوخشاش ئېستېتىك كاتېگورىيىلەر ئاشۇ ئىدىيىنىڭ ئۆلچىمىدە كونكرېتلىشىدۇ. ئەگەر بىز «قۇتادغۇ بىلىك»كە ھازىر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان غەرب ئەندىزىسىدىكى ئىلمىي (政教分离的) ئەدەبىيات قائىدىلىرىنى ئۆلچەم قىلىپ باھا بەرسەك، سۇبيېكتىۋىزملىق قىلغان بولىمىز - دە، شەيئىلەرگە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرۇپ باھا بېرىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. يىغىپ ئېيتقاندا، تەۋھىد ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئۇقۇملىرى دائىرىسىدە ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئۇقۇم ۋە مەخسۇس تېرمىندۇر. ھەقىقىي بىلىش سوغۇق قانلىق ۋە ئوبيېكتىپلىق ئاساسىدا قولغا كېلىدىغان بولغاچقا، ئۆتمۈش يادىكارلىقلىرىغا نىسبەتەن شۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇسۇل قوللىنىش لازىمدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ژانىر ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. مەسىلەن، «دىداكتىك (تەلىمى) داستان»، «پەلسەپىۋى داستان»، «دراماتىك ئەسەر»، «سىياسىي - قانۇن دەستۇرى» (ئارسال، كاپەسوغلۇ، رەشىد رەھمەتى ئارات ۋە باشقىلار)[16].

ناتان لايت «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دىداكتىك خاراكتېردىكى داستان ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۈركىي خەلقلەردە ئەسلىدە بار بولغان ماقال - تەمسىللەرنى

داستانىنىڭ ۋەزىن ۋە قاپىيە مۇھىتىغا ئۇستىلىق بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بەزى ئورتاقلىقى بار، يەنى ھەر ئىككى ئەسەر قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر مىفلىرى ۋە بەگلەر ناملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ئۆز سەھىپىلىرىنى بېزىگەن، شۇنداقلا ئىسلام مۇھىتى ئاستىدىكى مەدەنىي مەۋجۇتلۇق ۋە كىملىك ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان تىندىنسىيىگە ئىگە. ناتان لايىتىنىڭ بىر قىسىم مۇھاكىمىسى ئارقىلىق شۇنداق قاراشقىمۇ كېلىمىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك» قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق ژانىرلارنىڭ بىرى بولغان ماقال - تەمسىللەرنىڭ غايەت زور دەرىجىدە كېڭەيتىلىشى، كۆلەملىشىشى ۋە سۇژېتلىشىشىدىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر نوپۇزلۇق ئالىم روبېرت دانكوف، مەزكۇر ئەسەرنى «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» دەپ سۈپەتلەشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. ئۇ بىلىملىك، ئاقىل كىشىلەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرى، مەملىكەتنى تىنچ، ئۇزاق ساقلاشنىڭ چارىلىرى ئەكس ئەتكەن دەستۇر خاراكتېرلىك كىتابلارنى يېزىشى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، جۇڭگو قاتارلىق ئەللەردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال دەپ يەكۈنلەيدۇ. ئۇ يەنە قەيەردە بيۇروكرات سىستېمىسى كۈچلۈك دۆلەت بولىدىكەن، شۇ يەردە ھۆكۈمرانلار ئەينىكى خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر بارلىققا كېلىدۇ، دەيدۇ[17]. دەرۋەقە، ھەرقايسى ئەللەر ۋە ھەرقايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەردىن «مۇھاكىمە ۋە بايان» (كۇڭزى)، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «پولىتىكا» (ئارستوتېل)، «شاھنامە» (ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي)، «سىياسەتنامە» (نىزامۇل مۈلك)، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» (ماكىياۋىللى)، «قابۇسنامە» (شەمسۇل مائالى قابۇس) قاتارلىقلارنى ھۆكۈمرانلار ئەينىكى قاتارىدا ساناش مۇمكىن.

بۇنداق تىپتىكى ئەسەرلەر شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ دانىشمىنى ياكى دۆلەتنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ۋەزىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۆلەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كرىزىس، ھۆكۈمدارنىڭ مەسئۇلىيىتى، پەزىلىتى ۋە خەلققە تۇتۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيىسى، ئادىل ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنىڭ يوللىرى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى، ۋەزىرنىڭ پادىشاھ ۋە دۆلەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى، ئوردىدىكى ھەرقايسى قاتلامدىكى ئەركانلار، خىزمەتچى ۋە پاسىبانلارنىڭ ۋەزىپىلىرى، ئاددىي كىشىلىك ھاياتتىكى قىلىق - ھەرىكەتلەرنىڭ نورمىسى، ئەخلاقىي تەرتىپلەر، ئائىلىۋى تۇرمۇش نىزاملىرى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تەرەپلەر ھەققىدە چوڭقۇر نەسىھەتلەرنى، تەرغىبات - تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ خىل تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆگۈت - نەسىھەت شەكلىدە، بەزىلىرى ھېكايەت شەكلىدە، بەزىلىرى مەسەل ۋە تەمسىل شەكلىدە، بەزىلىرى تارىخىي بايانلاردىن ساۋاق ئېلىش شەكلىدە، بەزىلىرى پەلسەپىۋى داستان شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ شەكلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆكۈمدارنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر تەجرىبە - ساۋاقلار، خەلقنىڭ پېئىل - ئەتىۋارى ھەققىدىكى ئۆگۈتلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. يۇقىرىدىكى ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتىن ئۆز دەۋرىدىكى دىنىي مەنبەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھالدا ئوخشىمىغان دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قارىشى، جەمئىيەت پەرقى ۋە باشقا سىياسىي ئىدېئولوگىيە تۈسىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ھۆكۈمدارلار ئەينىكىنىڭ كونكرېت ماكان - زامان بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، كۈچلۈك رېئالىستىك مەۋقە ۋە روشەن قاراتمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»كە قارايدىغان بولساق، ئەسەر ھەققىدە «ئەدەبۇل - مۇلك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى)، «ئايىنۇل - مەملىكە» (مەملىكەت دەستۇرى)، «زىننەتۇل - ئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)، «پەندنامەئى مۇلك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) قاتارلىق تەرىپلەش سۆزلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ سۈپەتلەر روبېرت دانكوفنىڭ «ھۆكۈمرانلار ئەينىكى» قارىشىغا ئومۇمەن ماس كېلىدۇ. بىز داستان شەكلىدىكى، بۇ يىرىك ھەجىملىك ئەسەردىن لىرىك شېئىرلارنى، ئېپىك بايانلارنى، پاساھەتلىك نۇتۇقلارنى، روشەن دراما ئېلېمېنتلىرىنى، مۇنازىرىلەرنى، ھېكمەت بىلەن سۇغىرىلغان پارچە ۋە رۇبائىيلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇ گويا ھەرخىل شەكىلدىكى قەسىرلەر، مۇنارلار، نەپىس گۈلشەنلەردىن تەشكىل تاپقان ھەيۋەتلىك ئوردا مىمارچىلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تۈرلۈك ژانىرلار كىرىشتۇرۇپ دەستىلەنگەن بۇ ئەسەر ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىملارنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

«يۈسۈپ ئارىسالدىلىقتىن خالىي ھالدا كونكرېتلىقتىن ئابستراكتلىققا، رېئاللىقتىن تەسەۋۋۇرغا كۆچەلەيدۇ»⑱. بىز ئەسەردىن قانۇن ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى ئېلىگ (خان)نى، بەخت - دۆلەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئايتولدى (ۋەزىر)نى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۆگدۈلمىشنى، قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىشنى كۆرىمىز. ئەسەردىكى ئىدىيە مۇشۇ تۆت ئوبراز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە مۇنازىرىلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئەمەلىيەتتە ئادالەت، بەخت، پاراسەت ۋە قانائەت دېگەن ئۇقۇملار ئىنتايىن ئابستراكت بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتلىمى ۋە مەزمۇنىنى كىشىلەرگە بىۋاسىتە ھېس قىلدۇرۇش قىيىن ئىدى، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇلارنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئادەمىي ئوبراز ھالىتىگە كەلتۈرگەن. بۇ نۇقتىنى ئەدىب ۋە ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ناھايىتى ئوبدان شەرھلىگەن: «ئادالەتكە سىمۋول بولغان كۈنتۇغدىنىڭ ئىسمىدىن مەلۇمكى، كۈن ئۆز نۇرىنى تەكشى چېچىشتەك تەڭلىك ۋە ئادالەت رەمزىگە ئىگە؛ كۈنتۇغدى قولىدا خەنجەر - پىچاق، بىر يېنىدا شېكەر، بىر يېنىدا زەھەر قويۇقلۇق ھالدا چېتىقلىق ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ. دېمەك، ھاكىمىيەت تۇتۇش ئاسان ئەمەس، سەل دىققەت قىلمىساڭ، موللاق ئاتىسەن. ئۇنىڭ يېنىدىكى شېكەر مەزلۇملارغا دەرمان، زەھەر زالىملارغا جازا مەنىسىدىن بېشارەت بېرىدۇ»⑲. ئۆگدۈلمىش ۋەزىر ئايتولدىنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇراقسىز بەختنىڭ بىلىم ۋە پاراسەت ئارقىلىق مۇقىم بولىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر. قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىش بەختكە بېرىلگەن تەبىرنىڭ يەنە بىر تولۇقلىمىسى، يەنى بەخت قانائەتنى شەرت قىلماي بولمايتتى. ئابستراكتنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ۋە جانلىق ئوبراز ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، كىشىنىڭ تۇيغۇسىغا ئۆتكۈر تەسىر قىلىدىغان دەرىجىدە ئىپادىلەش ئاللېگورىيىلەشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ، شۇڭا ئەسەردىكى غوللۇق ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى ئاللېگورىيىلىك ئوبرازلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ.

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك»نى ژانىر جەھەتتىن ھۆكۈمرانلار ئەينىكى دېگىنىمىزدە، ئۇ شېئىرىيەت ۋە پاساھەت ئىلمىنىڭ بارلىق ئېلېمېنتلىرى بىلەن سۇغىرىلغانىدى. بىز ھۆكۈمرانلار ئەينىكىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر تۈرلۈك ژانىر دەپ تونۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي، ئىلمىي خۇسۇسىيەتلىرى، تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشىمىز لازىم.

ھۆكۈمرانلار ئەينىكى ژانىرى دەۋرىمىزگە كەلگەندە غەرب دۇنياسىدا ناھايىتى گۈللىنىپ، كارخانا باشقۇرۇش، مۇلازىمەت، پېداگوگىكا، ئائىلە تەربىيىسى، پسىخولوگىيە، سىياسىي قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەر بويىچە مەخسۇسلاشقان ژانىرغا ئايلاندى.

«قۇتادغۇ بىلىك» ژانىرلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىن قاتلاملىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى مۇرەككەپ بىر

سىستېما دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا شېئىرىيەتنىڭ غەزەل، قەسىدە، رۇبائىي، تۇيۇق، مەرسىيە، مەسنەۋى قاتارلىق ژانىرلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئەگەر بىز «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئۇزىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىغا تەرتىپ بىلەن قويساق، ئۇنىڭ ئەرەب، پارس شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئەسلىدىكى بارماق ۋەزنى جەھەتتىكى ئىزچىللىقتىن ئارۇزدىكى ژانىرلارغا ئۆتۈش ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى بايقايمىز. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» ژانىر جەھەتتىن كۆپ خىللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان.

ئىسلامىي ئەدەبىيات تەسىرى بويىچە قارىغاندا، ئەرەب، پارس، تۈرك، ئوردۇ شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ئۆلچەملىرى ئومۇمەن بىردەك، بۇنى ئەدەبىيات تارىخىغا قاراساقلا بايقايمىز. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي شەكىللىرىنى چۈشىنىش ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنى چۈشىنىشتىن ئايرىپ قارالمايدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىن زوق ئېلىش ئۈچۈن، ئارۇزنىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىدىن خەۋەردار بولۇش، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق ژانىرلارنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىنى چۈشىنىش كېرەك.

ئادەتتە ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپ چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان كىشى خېلىل ئىبنى ئەھمەد (مىلادىيە 767 - يىلى) دەپ قارىلىدۇ. ئۇ «كىتابۇل - ئارۇز» دېگەن ئەسىرىدە ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى شۇ چاغقىچە مەۋجۇت بولغان بەھرلەرنى 15 تۈرگە ئايرىپ چىققان؛ كېيىن ئەخفەش دېگەن ئالىم تەرىپىدىن بايقالغان بىر بەھر قوشۇلۇپ، جەمئىي 16 بەھر بولغان. پارس شائىرلىرى ئەرەبلەردە بولغان 16 بەھردىن باشقا يەنە 3 بەھرنى قوشۇپ، پارس شېئىرىيىتىدە 19 بەھر بار دەپ يەكۈن چىقىرىشقان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» ئەسىرىدىكى مۇھاكىمە مەزمۇنلىرى يۇقىرىقىلارنىڭ ئىزىنى بويلىغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نامايەندە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ ئارۇز ۋەزنى ھەققىدىكى بىر ماقالىسىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بەزى قوشاقلارنى مىسالغا ئېلىپ، ئارۇز ئىسلام تەسىرىدىن مۇستەسنا ھالدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ بار ئىدى، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[20]. ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىك»تە قوللىنىلغان شېئىر ۋەزنىنىڭ بارماق ۋەزنى بويىچە 11 بوغۇملۇق سخېمىدا، ئارۇز ۋەزنى بويىچە مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ بەھرنىڭ سخېمىسى مۇنداق:

260 nəgü bar aẓunda bilikdə kəsüx
biliksiz təsə ərkə kərksüz səküx

مەنىسى:

جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن ئەزىز،
بىلىمسىز دېسە ئەر ئۈچۈن بەكمۇ سەت.
–V / ––V / ––V / ––V

ئەمدى بىز «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى شېئىرىي ژانىرلارغا قاراپ باقايلى:

غەزەل: ئادەتتە ئۇ ئىشقىي ھېسسىيات ۋە تۇيغۇلار ئىزھار قىلىنىدىغان لىرىك ژانىر. بۇ سۆز ئەرەبچە بولۇپ، «ئوينىشىش»، «كۆيۈپ قېلىش»، «ئىشق ئىزھار قىلىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. غەزەل ئەڭ قىسقا بولغاندا 10 مىسرا بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ قاپىيە سخېمىسى aa، ba، da، fa ھالىتىدە

بولىدۇ، يەنى بىرىنچى كۇپلېت (مەتلەئ) ئۆزئارا قاپىيىداش، كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ تاق (بىرىنچى) مىسراسى ئەركىن، جۈپ (ئىككىنچى) مىسراسى بىرىنچى كۇپلېتكە قاپىيىداش بولۇپ داۋاملىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېت (مەقتەئ)تا شائىرنىڭ نامى ياكى تەخەللۇسىغا ئورۇن بېرىلىدۇ. تەخەللۇس ئادەتتە شائىرنىڭ يۇرتىنىڭ نامىدىن ياكى روھىي ھالىتى، ئەقىدىسى ۋە غايىۋى ئىنتىلىشىدىن كەلگەن تېپىك سۆزدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن، نەۋائىي، لۇتفىي، فۇزۇلىي، ھافىز، دېھلەۋى . دېگەنلەردەك. نورمال غەزەللەر 14 مىسرا (يەتتە بېيىت) دىن تۈزۈلىدۇ، غەزەللەرنىڭ ھەجمى كۆپ ھاللاردا يۇقىرىدا ئەسكەرتىلگەن دائىرىدە بولسىمۇ، مۇتلەق ئەمەس، شائىرنىڭ ئىپادىلەش ئېھتىياجى ئۈنداق نورمال تەرتىپتىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

غەزەلدە كۈيلەنگەن مۇھەببەت ئىلاھىي ۋە ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ھەرقايسى كۇپلېتلار ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق باغلىنىش كەمدەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئۇلار رېتىم، ۋەزىن ۋە قاپىيە ئىزچىللىقى نۇقتىسىدىن بىر - بىرىگە يېپىشىپ تۇرىدۇ. مۇھەببەت، ئازاب، ئىنتىزارلىق، ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك، باھار زوقى، كۆز ھەسرىتى دېگەنلەرگە ئوخشاش كىشىلىك ھاياتتا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان دائىمىي ھېسسىياتلار غەزەلنىڭ تېمىلىرى بولۇپ، شائىرلار تەۋە بولغان مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى ئوبرازلار غەزەلدىكى مۇزىكا ئەۋجىدە جانلىق كارتىنىدەك ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىر غەزەل شەكلىدە كەلگەن (6521 ـــ 6645 ـ بېيىتلەر). «غەزەل» ئۇقۇمى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «ناخشا» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ، ئاددىي خەلق «ناخشا ئېيتماق» دېگەن گەپنى «غەزەل ئوقۇماق» دەيدۇ. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىدىكى غەزەل ژانىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە خەلق ئارىسىدىكى «غەزەل» ئۇقۇمىدىن كۆرۈنۈشكە بولىدۇكى، غەزەل ساز بىلەن ئىجاد قىلىنغان، مۇزىكا بىلەن قوشكېزەك ھالدا تۇغۇلغان. مۇئەييەن مۇزىكا سەزگۈسىگە ئىگە بولمىغان ئادەم غەزەلنى دېكلاماتسىيە قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالمايدۇ.

ئوردا ـ سارايلاردا، مۇشائىرە سورۇنلىرىدا، توي ئەنجۈمەنلىرىدە ئەدەپ، شەرم ـ ھايا پەردىسىدە ئوقۇلغان ئاشىقانە لىرىكىلار كېيىنچە تۇرمۇشنىڭ بارچە ساھەلىرىدىكى تېمىلار بىلەن يۇغۇرۇلىدىغان بولغان. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى غەزەللەر مۇخلۇق سۆيگۈ مۇناجاتلىرى بولماستىن، بەلكى ھاياتتىكى ھەققانىيەت، مەرىپەت، نادانلىق، قېرىلىق ۋە ياشلىق كەبى كەڭ تېمىلار ئاساسىدا ئۆزىنىڭ پاساھەت جۇلاسىنى يايغان.

قەسىدە: بۇ سۆز «مەدھىيىلىمەك»، «ماختىماق»، «كۈيلىمەك» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ شەكلى غەزەلگە ئوخشايدۇ، ئەمما ھەجىم جەھەتتىن غەزەلدىن چوڭ بولىدۇ. ئەڭ قىسقا بولغاندا، ئۇ 15 ـ 20 بېيىتتىن تۈزۈلۈشى، نورمالدا 30 ـ 50 بېيىت ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇنى مۇتلەق ئۆلچەم قىلىۋالغىلى بولمايدۇ.

قەسىدە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب، پارس شېئىرىيىتىدە دائىم قوللىنىلىدىغان شەكىل دېيىلىدۇ. شۇ دەۋرلەردە شائىرلار ھەربىي يۈرۈشلەردە ۋە سەپەرلەردە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرىدىن پەيدا بولغان تەسىراتلىرىنى، بۇ جەرياندا كۆرگەن قەھرىمان سۈپەت، مۆجىزىكار ئادەملەرنى دەبدەبىلىك ئىبارىلەر بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئەرەبلەردە قەسىدە ژانىرىنى تۇنجى بەرپا قىلغان شائىر مۇھەلھىل (Muhelhil)؛ ئۇنى كېڭەيتكەن، تەرەققىي قىلدۇرغان شائىر بولسا

ئىمرۇل قەيس (Imrul - Qays). پارسلاردا بولسا شائىر رۇداكىي قەسىدە ئۇستىسى دەپ قارىلىدۇ[21]. پارس شائىرلىرى شاھلارنى، ھەشەمەتلىك ئوردا تۇرمۇشىنى، ھۆكۈمدارلار قازانغان غەلىبىلەرنى، مىللىي، دىنىي بايراملارنى، باھار ۋە كۈزنىڭ ئەلۋەك ھۆسن - جامالىنى قەسىدە ژانىرىدا يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتنى بىلەن مەدھىيىلەشكەن. شائىر ئەنۋەرىي، خاقانىي قاتارلىقلار پارس ئەدەبىياتىدىكى قەسىدە ژانىرىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى «زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا» ناملىق بۆلەكنى ئالىم ئەھمەد زىيائىي قەسىدە دەپ تونۇشتۇرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ بۆلەكتە ئۆزىنىڭ ئىنسان، جەمئىيەت، بەخت توغرىسىدىكى غايىۋى چۈشەنچىسى بىلەن ئەينى دەۋرنىڭ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بۇزۇق ئەپتىدىن زارلىنىپ ئاھ ئۇرىدۇ. گەرچە ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن مەدھىيىلەش تۈسىگە ئىگە بولمىسىمۇ، قەسىدە ژانىرىدىكى شەكلىي ئامىللارنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان. بەلكىم ئەھمەد زىيائىي بۇ بۆلەكنى ئاشۇ نۇقتىدىن قەسىدە دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن[22].

«قۇتادغۇ بىلىك»تە «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانىدا» ناملىق بىر باب (تۆتىنچى باب) بار. بۇ باب گەرچە شەكىل جەھەتتىن مەسنەۋى بولسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن مۇكەممەل قەسىدىدۇر. شائىر بۇ بابتا بۇغراخان دەۋرىدىكى گۈللىنىش مەنزىرىسىنى گۈزەل باھار تەسۋىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. 63 - بېيىتتىن 80 - بېيىتكىچە بولغان ئارىلىقتا شائىر يېشىل، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل رەڭلەر بىلەن بېزەنگەن باھار ھۆسنىنى، خۇشال - خۇراملىقنى ئەسلىتىدىغان غاز - ئۆردەكلەرنى، خۇشناۋا قۇشلارنى، تاقلاپ يۈرگەن جەرەنلەرنى زوق - شوخ بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئاندىن 81 - بېيىتكە كەلگەندە بىۋاستە تاۋغاچ بۇغراخان دەۋرىنىڭ خاسىيىتىنى تەرىپلەشكە ئۆتىدۇ ۋە تاكى 115 - بېيىتكە قەدەر خاقانىنىڭ دۆلىتىگە قوشقان تۆھپىسى، ئۇ ئېلىپ كەلگەن تىنچلىق، خاتىرجەملىك، بەخت - سائادەت، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى كۈيلەيدۇ. 116 - بېيىتتىن باشلاپ ئاخىرىغا (123 - بېيىتكە) قەدەر بولسا ئۆزىنىڭ خانغا بولغان سەمىمىي تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ.

يۈەن ۋېنچى (元文琪) «ئىسلام ئەدەبىياتى» (《伊斯兰文学》) دېگەن كىتابىدا پارس شېئىرىيىتىدىكى ژانىرلار ھەققىدە توختىلىپ، قەسىدىنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىن مەتلەئ (تۇنجى بېيىت)، مەخلەس (ئوتتۇرىدىكى بۆرۈلۈش)، مەقتەئ (ئاخىرقى بېيىت) قاتارلىق ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدىغانلىقىنى، ھەرقايسى بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئىچكى جەھەتتىن تەبىئىي ھەم زىچ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان[23].

مەشھۇر پارس ئەدەبىياتى مۇتەخەسسىسى ئانىماريە شىممېل «رەڭدار كىمخاب» دېگەن ئەسىرىدە تەسىرلىك قەسىدىنىڭ تۇنجى بېيىتى كىشىلەرنى قاتتىق جەلپ قىلىدىغان دەرىجىدە قىزىقارلىق، گۈزەل بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ باشلانما مىسرالىرىدا گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن باغلار، كۆركەم تەبىئەت ۋايىگە يەتكەن ئوخشىتىشلار بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولىدۇ، ئاندىن تېما مەدھىيىلەنگۈچى ئوبيېكت — بەلكىم پادىشاھ ياكى باشقا باشپاناھقا بۇرۇلىدۇ. ئاخىرقى قىسمىدا بولسا شائىر ئۆزىنىڭ تىلەكلىرىنى مۇبالىغىلىك ئىبارىلەر بىلەن بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ[24].

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بۇغراخان مەدھىيىسى مەسنەۋى شەكلىدە بولسىمۇ، يۇقىرىقى ئىككى تەتقىقاتچى يەكۈنلىگەن ئىچكى قاتلام ئەندىزىسى بويىچە ئۇنى مۇكەممەل، تىپىك قەسىدە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار مەرسىيە، مەدھىيە، فەخرىيە، مۇنازىرە (مەسىلەن، قەلەم

بىلەن شەمشەر، كېچە بىلەن كۈندۈز، باھار بىلەن قىش ئوتتۇرىسىدىكى) دېگەندەك مەزمۇنىي ئامىللارنى قەسىدىنىڭ تەركىبىي سۈپىتىدە ئىزاھلىشىدۇ.

قەسىدە شەكلىنى تارراق مەنىدە غەزەل شەكلىدىكى قاپىيە ئەندىزىسىگە يىغىنچاقلىغىلى بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەكلىنى ئەركىن ھالدا كېڭەيتىشكە بولىدىغانلىقىنى «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئۆرنەكتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئۆلگىلەر ۋە تۈرپان تېكىستلىرىدە ئۇچرايدىغان ئۆلگىلەردىن شەكىلدىكى ئامىللارنىڭ مۇتلەق بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

رۇبائىي: بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تە خېلى گەۋدىلىك بولغان شېئىرىي ژانىر. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «قۇتادغۇ بىلىك»تە 200 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي بار دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى رۇبائىي پېشۋاسى دەپ قارايدۇ[25]. رۇبائىي تۆت مىسرادىن تۈزۈلىدىغان بولۇپ، بىرچە تۆتلۈك دېگەنلىك بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدا مۇئەييەن پەلسەپىۋى ئىدىيە، ئەخلاقىي قاراش، ئەقلىي يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. قاپىيە سىخېمىسى كۆپىرەك aaaa، abaa شەكىللىرىدە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىككىنچى مىسرالاردا تېما ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؛ ئۈچىنچى مىسرادا باشقىچە بىر ئىدىيە قويۇلىدۇ؛ تۆتىنچى مىسرادا بولسا ھەرقايسى مىسرالارغا ئورتاق ئىدىيە بىرلەشتۈرۈلىدۇ ياكى تۈگەللىنىدۇ.

مەسىلەن:

3401 kiqig duxmanim̈ tə̩p usanma əzün
nəlük ķorķayīn tə̩p küvənmə səzün
3402 yaoqīn̡ boldī ərsə usal bolmaoqīl
yaoqīķa yaoqī bol tüzünkə tüzün

مەنىسى:

غاپىل بولما، دۈشمەن كىچىك دەپ ئۆزۈڭ،
نېچۈن قورقايىن دەپ، چوڭ ئېيتما سۆزۈڭ.
ئەگەر بولسا دۈشمەن، غاپىل بولمىغىن،
يېغىغا يېغى بول، دوستقا ئاچ يۈزۈڭ.

رۇبائىيدا مۇستەقىل بىر پۈتۈن مەزمۇن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەمدە ھەربىر مىسرادا ئومۇمىي مەزمۇننى يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتىكى قاراتمىلىق روشەن بولۇشى كېرەك. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆرۈنۈشتە رۇبائىي شەكلىنى ئالغان ھەرقانداق تۆتلۈكنىڭ ھەقىقىي رۇبائىي بولۇشى ناتايىن.

يەنە بىر ئۇقۇملاشقان شەكىل بولۇپ، ئۇنى دۇبەيتى دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭ قاپىيە سىخېمىسى baba، بۇ شەكىل «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئۇچرىمايدۇ. پارسلاردىكى سوپى شائىر بابا تاھىر (1019 — ؟) دۇبەيتى (تارانە) يېزىشنىڭ ئۇستىسى دەپ قارىلىدۇ.

تۇيۇق: بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى سۆز سەنئىتىنى نامايان قىلغان يەنە بىر ژانىر. ئۇ «تۇيماق»،

«سېزىنۋالماق» دېگەن يېشىلدىن كەلگەن («تۇي» دېگەن تۇپ يېشىلدىن)؛ ئەرەبچىدە ئۇ تەجنىس دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ تۆت مىسرادىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، قاپىيىلەر شەكىلداش (ئاھاڭداش) سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان يەشمىسىنى ئىشلىگۈچى ئەھمەد زىيائىي ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەر بىردەك ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۆزىنىڭ شەكىل سەنئىتىنى تۇيۇق ژانىرىدىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ نامايان قىلغان دەپ قارايدۇ[26].

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئۇچرايدىغان تۇيۇقلار ئىككى مىسرالىق بېيىت شەكلىدە بولۇپ، بىز ئادەتلەنگەن تۆت مىسرادا ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن تۇيۇقنى ئومونىم (ئاھاڭداش) سۆزلەردىن شېئىر تۈزۈش سەنئىتى دەپ يەكۈنلەش مۇمكىن. مەسىلەن:

564 bu mundaqı kixilər bolur ədi kïz
bu kïz kïzlïkï kïldï kïz atï kïz

مەنىسى:

مۇشۇنداق كىشىلەر بولۇر بەكمۇ قىز.
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز.

بۇ يەردىكى «قىز» سۆزى ھازىرقى «قىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئەينى ۋاقىتتا «قىس»، «كەم» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرەتتى.

يەنە «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى 1247 ـ، 1628 ـ، 2221 ـ، 4246 ـ، 4289 ـ، 4558 ـ بېيىتلەرمۇ تۇيۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇيۇق ژانىرى بىزدە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

مەسنەۋى: بىزچە «ئىككىلىك» دېگەن مەنىدە. بۇ ئىككى مىسرادىن بىر كۇپلېت (بېيىت) ھاسىل بولىدىغان، ھەر ئىككى مىسرا بىر خىل قاپىيىدە كېلىدىغان شېئىرىي شەكىل بولغاچقا، «ئىككىلىك»، «جۈپلۈك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاپىيە ئېتىبارىدىن مەسنەۋى غەزەل، قەسىدە، رۇبائىي، تۇيۇقلارغا قارىغاندا كۆپ ئەركىن شېئىرىي شەكىل بولغاچقا، ۋەقەلەرنى بايان قىلىشقا ناھايىتى ئەپلىك. شۇڭا، فىردەۋسىيدەك شائىر «شاھنامە»دەك 120 مىڭ مىسرالىق تارىخىي داستانىنى مۇشۇ شەكىلدە يازغان، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»مۇ مۇشۇ شەكىلدە يېزىلغان. تارىختىكى ئەپسانىۋى داستانلار، دىداكتىك داستانلار، سوپىيانە رومانتىك داستانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شەكىلدە يېزىلغان. پارس شائىرلىرىدىن سانائىي، فىردەۋسىيلەرنى، ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي، ئابدۇرېھىم نىزارىيلارنى مەسنەۋى پىرلىرى دەپ ساناش مۇمكىن.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قايسى ۋەزىندە يېزىلغانلىقى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ ئەسەرنىڭ تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن بارماق ۋەزنىدە يېزىلغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلارنى رەت قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ[27]. ئۇنىڭ ۋەزىن سخېمىسى:

فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇل
– V/ – – V/ – – V/ – – V

مەسىلەن:

650 əxitməzmü ərdiŋ bəgüdin bu səz
yakïn bolsa bəgkə küdəzgü kəd əz

−V/ −−V/ −−V/ −−V

مەنىسى:

هاراق ئىچسە ئالىم ئىلىمسىز بولۇر،
ئىلىمسىز مەست ئولسا نېمىلەر قىلۇر؟

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىگە كەلگەندە، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ مۇئەللىپلىرى مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ:

«قۇتادغۇ بىلىك» مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر تۆتلۈك (3800 ـ، 3801 ـ بېيىتلەر) ۋە ئاخىرىدىكى لىرىك ئىلاۋىنىڭ ئىككىسى ( I ، II ) مۇتەقارىبنىڭ مۇسەممەنى سالىم (فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن) رۇكنىدا، قالغان بېيىتلەرنىڭ ھەممىسى مۇتەقارىبنىڭ مۇسەممەنى مەھزۇب ياكى مۇسەممەنى مەقسۇر (فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇل) رۇكنىدا يېزىلغان. داستاننىڭ ھەممە مىسرالىرى ئارۇزنىڭ بەھر (مۇتەقارىب بەھرى) قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق بويسۇندۇرۇلغان ھالدا ئاھاڭدار ۋە جەلپ قىلارلىق تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قاپىيىلەنگۈچى سۆزلەرنىڭ تولۇق ئاھاڭدارلىقى بىلەن تىلىنىڭ جانلىق ۋە مەنتىقىلىقى زىچ جىپسىلاشتۇرۇلغان؛ قاپىيە سەنئىتىنىڭ كۆركەم، نەپىس ۋە رەڭدار قىياپىتى ۋە قانۇنىيەتلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان»⑳.

ئەگەر بىز چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن راسا بېيىغان دەپ قارىساق ۋە بۇ دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەكشۈرسەك، بۇ ۋاقىتتىكى ئەنئەنىنىڭ ئاللىبۇرۇن «قۇتادغۇ بىلىك»تە يىلتىزلانغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ژانىر ئەنئەنىسى، پاساھەت ئەنئەنىسى، جۈملىدىن مەسنەۋى ئەنئەنىسى لۇتفىي، نەۋائىي دەۋرىگە كەلگەندە ئىشقىي داستانلارنىڭ بەشلىمىسى (خەمسە)گە ئايلىنىپ، تاكى ئەھمەد زىيائىينىڭ «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» داستانىغا قەدەر ئۆز جۇلاسىنى كۆرسەتتى.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى ھەققىدە بىر باب بار (85 ـ باب). بۇ مەرسىيە بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن قەسىدىنىڭ مەزمۇنى بىلەن پەرقلىنىدۇ، چۈنكى مەرسىيە ئۆز نۆۋىتىدە مۇسىبەتنامىدۇر. ئېينى دەۋرلەردە مەرسىيە مەرھۇمنىڭ سۈپەتلىرىنى مەدھىيىلىگەنلىكى ئۈچۈن قەسىدە بىلەن بىر سەپتە سانالغان. قەسىدە بىلەن مەرسىيە ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ژانىر پەرقى كېيىنكى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شائىرانە سۈپىتى «قۇتادغۇ بىلىك»تىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەردىن بىز ئۇنىڭ دەۋر ۋە خەلققە بولغان مەسئۇلىيەتچان روھىنى، ئانا تىلىنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي، بەدىئىي كامالىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك مىللەتچىل روھىنى، ئانا تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى يۈكسەك پاساھەت، پەلسەپىۋى بالاغەت، مىللىي سالاپەت نۇقتىسىدىن نامايىش قىلىشتەك شائىرانە

تالانتىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ 56 ـ بابىدا شائىرلارغا سەھىپە ئاچىدۇ، بۇ سەھىپە بىزنى شائىرلارنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى بىۋاسىتە مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىز تېكىستكە نەزەر سېلىپ باقايلى:

4392 basa kəlḍi xa'ir bu səz tərgüqi
kixig əggüqilər yəmə yərgüqi

4393 ķïlïqta yitigrək bularnïŋ tili
yana ķïlda yinqkə bu haṭir yolï

4394 patïoq yinqkə səzlər uķayïn təsə
bulardïn əxit səz uķuloqay basa

4395 təŋizkə kirür kərsə kəŋlün tükəl
güḥər yinqü yaķut qïķarur məšəl

4396 olar əgsələr əgdi əlkə barïr
ķalï səksələr atï artap ķalïr

4397 usa əḍgü tutoqïl bularnï ķadax
bularnïŋ tiliŋə ilinmə adax

4398 ķalï əḍgü əgdi tiləsə əzüŋ
bularnï səvindür kəsildi səzüŋ

4399 nəgü ķolsa bərgil bularķa tükəl
bularnïŋ tilindin əzüŋ satoqïn al

مەنىسى:

كېلۇر ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ ۋە ھەم سۆككۈچى.

قىلىچتىن ئىتتىكرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.

نەپىس ھەم تېرەن سۆز دېسەڭ ئوقايىن،
بۇلاردىن ئىشتكىن ئوقۇلۇر كېيىن.

كۆرەرسەن، دېڭىزغا كىرۇر كىشىدەك،
گۆھەر، ئىنجۇ، ياقۇت چىقىرۇر، دېمەك.

ئۇلار ماختىسا ئەلگە تارار شۇ پېتى،
ئەگەر سۆكسە كىمنى، سېسىيدۇ ئېتى.

تولا ياخشى تۇتقىن بۇلارنى قاياش،
بۇلارنىڭ تىلىغا ئىلىنما ئاداش.

ئەگەر ماختىلىشنى تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
بۇلارنى سۆيۈندۈر، بەس ئەمدى سۆزۈڭ.

نېمە تىلىسە، بەرگىن سەن تۈگەل،
ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئۆزۈڭ سېتىۋال.

ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا شائىرلىرى ھەم ئۆزىگە خاس تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان دىنلىرى بولغان. شائىرلار ئەنە شۇ دىن ئاساسىدىكى تۇيغۇلارنىڭ ئىجراچىلىرى سۈپىتىدە رول ئېلىپ، ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرىنى قالدۇرۇشقان. ئۇلار ئۆز زامانىغا تۇشلۇق ياخشىلىق ـ يامانلىق، گۈزەللىك ـ رەزىللىك، ھەق ـ ناھەق، يۈكسەكلىك ـ پەسلىك كاتېگورىيىلىرى بويىچە شۇ دەۋرنىڭ روھىغا سەلبىي ۋە ئىجابىي نۇقتىدىن ۋەكىللىك قىلىشقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلامىي تەسىردىكى شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن شائىرلىقنىڭ ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىك ئۆلچىمى توغرىسىدا ئىسلام مۇھىتىغا يارىشا ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ غايىسى ۋە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادالەت، ھەققانىيەت ۋە گۈزەللىكنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدىكى شائىرلارنىڭ تىلىدىن ھەزەر ئەيلەشنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان شائىر ئىسلامىي قىممەت قارىشىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، ئالىيجانابلىقى، روھىي كامالىتى، گۈزەل ئادىمىيىتىگە زوقمەنلىك بىلەن نەزەر تاشلاۋاتقان غايىۋى بىر ئىنساننىڭ بېشارىتىدۇر. شائىرلار ئەنە شۇنداق شەرتنى ھازىرلىغاندىلا قىلىچتىن ئىتتىك تىل، قىلدىنمۇ نازۇك تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇتلۇق ئالىمىگە كىرىپ، مەنىلەر دېڭىزىدىن گۆھەر سۈزەلەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى دەل مۇشۇنداق شائىرلاردىن دېيىشكە بولىدۇ.

غەززالىي ھېكمەت، ئىپپەت، كۈچ ۋە ئادالەتنى ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك تۆت پەزىلەت دەيدۇ. شائىر چوڭقۇر تەپەككۇرنى، غۇرۇر ۋە ئىنسابنى، ناھەققە قارشى نەپرەتنى، ساپ گۈزەللىككە بولغان مۇھەببەتنى ئۆزىدە ھازىرلىسا، ئۇ ئۆز قوۋمىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى بولالايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئىسلام دىنىنى يادرو قىلغان بۈيۈك بىر مەدەنىيەت بۇرۇلۇشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن دەۋر، شۇنداقلا بەدىئىي تەپەككۇر، ئىجتىمائىي غايە، مۇتلەق ھەقىقەت ئىنتىلىشلىرىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ ئىنقىلابتۇر. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ يىرىك زىيالىيلىرىنىڭ ئىزدىنىشى مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان:

1) ئىسلام مەدەنىيىتى جەمئىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە، قانۇن سىستېمىلىرىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتقان شارائىتتا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ـ تۈرك مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئىجادىي تەتبىقلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سوتسىيال مۇھىتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قىممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ بەرپا قىلىش. بۇ جەھەتتە مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى فولكلورى ھەققىدە ئىسلامىي كونتېكىست ئاساسىدا سېلىشتۇرما مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، تارىختىن بۇيانقى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ شۇ چاغدىكى دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، ئەنئەنىۋى تۈركىي ئاتالغۇلار ۋە تەمسىللىك

ئىپادىلەش شەكلى ئارقىلىق ئىسلامىي ئاڭ، غايە ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنى جەمئىيەت سەرخىللىرىغا كۆرسىتىپ، مۇقىم، گۈللەنگەن، ئادىل جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ چىقتى.

2) ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ۋە قىممەت قارىشىنى قانداق شەكىلدە ئىپادىلىگەندە يەرلىك خەلقنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ؟ بۇ جەھەتتە مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكىي قاتارلىق ئەدىبلەر ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، سىرتتىن قوبۇل قىلىش، ئىجادىي يېڭىلاش پوزىتسىيىسى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلام دەۋرىدىكى فورمىسىنى ۋە ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى. بۇ جەرياندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى قەھرىمانلىق داستانلىرى، قوشاقلىرى، ماقال ـ تەمسىللىرى ئەجدادلار ھاياتىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى سۈپىتىدە يېڭى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاۋادا ئۆزلەشتۈرۈلدى. ماقال ـ تەمسىل تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى ئورگىنال ئېلېمېنت سۈپىتىدە تېخىمۇ كېڭەيتىلگەن ھالدا، چوڭ ھەجىمدىكى داستاننىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلدى. كۈندىلىك نۇتۇقلىرىدا ماقال ـ تەمسىللەر ئارقىلىق مەقسەتنى ئىخچام، دەل، چوڭقۇر ئىپادىلەش تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئالاقە مەدەنىيىتىدىكى بىر مۇھىم خاسلىق. ماقال ـ تەمسىللەر دەۋردىن ـ دەۋرگە ئۆتۈپ، ھەرخىل سوتسىيال ئورامدا تاۋلىنىپ، دەۋر ھالقىيالايدىغان ئەقلىي بايلىققا ئايلانغان. ئەدەبىياتنىڭ دىداكتىك شەكلى ئەمەلىيەتتە ماقال ـ تەمسىللەردىكى ئۇسلۇبنىڭ كېڭەيگەن، ئېچىلغان ۋە ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن ئۇچراشقان ۋارىيانتى دېسەك خاتالاشمايمىز.

3) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مۇئەللىپلەر يېڭى ئىدېئولوگىيىنى قوبۇل قىلىش، تەتبىقلاش جەھەتتە ئەقلىي سەگەكلىك، تەنقىدىي پىكىر، توغرا مىللىي ئاڭ، كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى نامايان قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى تەپەككۇر بايلىقىنى ساپ، گۈزەل ئانا تىلىدا ئىپادىلەشكە تىرىشتى ۋە بۇ جەھەتتە تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ھەرقانداق ئەقلىي بايلىق، بىلىم بايلىقى ۋە ھەقىقەتنى ساپ مىللىي تىلدا قوبۇل قىلىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى تارىخىي ھەقىقەت سۈپىتىدە نامايان قىلدى. تىل ساپلىقى بىلەن تىل ساقلىقىنىڭ گۈللەنگەن ئەدەبىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى بىز قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدىبلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلاردىن ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز.

4) ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى شەكىل خۇسۇسىيەتلىرى روشەن ساقلانغان ھالدا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىكى مەزمۇنلار بىلەن تېخىمۇ بېيىدى. ئاغزاكى ئەدەبىياتتىكى ژانىرلار يازما ئەدەبىياتتا يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ژانىرلار بىلەن سىڭىشتى ياكى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ تاۋلىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غەزەل، قەسىدە، رۇبائىي، تۇيۇق، مەسنەۋى قاتارلىق ئومۇمىي ئىسلام ئەدەبىياتىغا ئورتاق ژانىرلار كۆلەملىشىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ شەكلىنى تېخىمۇ مول ۋە رەڭدار قىلدى. تىلىمىزنىڭ ئىستىلىستىكا بايلىقىنىڭ ئەينى دەۋردە قايسى دەرىجىگە بارغانلىقىنى «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»تىنلا ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئوخشاشلا خاقانىيە ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە جەمئىيەت ئەنئەنىسىگە تەتبىقلانغان ئىسلام قىممەت قارىشىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەھمەد يۈكنەكىي ئىسلام بىلەن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ تىپىكلىككە ھەم يارقىنلىققا ئىگە بولغان. «ئىسلام ۋە تۈركىي ئەدەبىيات ژانىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە، ئەدىب ئەھمەد ‹قۇتادغۇ بىلىك›تىنمۇ ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ تۈركىي تەمسىل ئۇسلۇبى بىلەن چوڭ ئىسلامىي ئىدىيىنى ئىپادىلىگەن». بىز «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»تىن نۇتۇقنى كۈچكە ۋە جەلپكارلىققا ئىگە قىلىدىغان جانلىق ئوخشىتىش ۋە مېتافورا (مەجاز) لارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ ئۇسلۇبى خەلق ئەدەبىياتى ۋە تىلىغا بەكرەك يېقىن بولغان.

5) بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرى، تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە بولغان ئىنكاسى ئۇنىڭ تىلىدا ۋە ئەدەبىياتىدا بىۋاستە ئەكس ئېتىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات بۇ نۇقتىلارنى ئۆزىدە مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە ئۇيغۇر پەلسەپىۋى تەپەككۇرى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قانۇن ۋە ئېستېتىكا سىستېمىسى، ئېستېتىك فورمىسىدىن ئىبارەت مۇھىم ساھەلەرگە ئاساس سالدى. بۇ ئاساسلار شۇ قەدەر پۇختا ۋە ئىلمىيكى، ھەتتا ئۇلار بۈگۈنكى سوتسىيال ھاياتىمىز ئۈچۈنمۇ زور قىممەتكە ئىگە. ئۇلار بۇ ئۇتۇقلىرى ئارقىلىق تىل ۋە ئەدەبىياتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي كىملىكتىكى تەڭداشسىز ئورنىنى ئەسكەرتتى.

ئىزاھلار:
① م. ف. ئوسيانكوف: «ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ئېستېتىكىسى»، خەنزۇچە، 120 - بەت، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 - يىلى نەشرى.
② «قۇرئان كەرىم» 49 - سۈرە ھۇجۇرات 13 - ئايەت.
③ جاڭ خۇڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، خەنزۇچە، 30 - بەت، تۇزۇم نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2003 - يىلى نەشرى.
④ ناتان لايت: «تايغاق يول».
⑤ ناتان لايتنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، روبېرت دانكوفنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 6 - سانى ۋە 2005 - يىللىق 1 -، 2 -، 3 - سانلىرى.
⑥ «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە، 191 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.
⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 194 — 199 - بەتلەر.
⑧ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قۇتادغۇ بىلىك، خەزىنىسى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.
⑨ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 5 - ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگەن سانلىرى.
⑩ لاڭ يىڭ: «قۇتادغۇ بىلىك، ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى»، ئۇيغۇرچە، 310 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى.
⑪ فۇئات كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، تۈركچە، 6 - نەشرى، 195 - بەت.
⑫ ناتان لايت: «تايغاق يول»، 131 - 132 - بەتلەر.
⑬ ئەھمەد زىيائىي: «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە، 132 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.
⑭ غەززالىي: «ئەھيائۇل - ئۇلۇمىد - دىن» («دىنىي ئىلىملەر ئەھياسى»)، خەنزۇچە ئاۋۋالقى قىسمى، 12 - بەت، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2001 - يىلى نەشرى.
⑮دورس بېرېنس ئابۇسېف (Dors Behrens Abouseif): «ئەرەب مەدەنىيىتىدە گۈزەللىك»، ئىنگلىزچە، ماركۇس ۋىتنېر (Markus Witner) نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.
⑯ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قۇتادغۇ بىلىك، خەزىنىسى».
⑰ روبېرت دانكوف: «قۇتادغۇ بىلىك، نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى»، (ئەكبەر ئەمەت تەرجىمىسى)، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2004 - يىللىق 6 - سان.
⑱ ناتان لايت: «تايغاق يول»، 148 - بەت.
⑲ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، 30 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.
⑳ يۇقىرىقى كىتاب، 158 - بەت.
㉑ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 162 - بەت.
㉒ «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى»، 192 - بەت.
㉓ يۈەن ۋېنچى: «ئىسلام ئەدەبىياتى»، خەنزۇچە، 43 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.
㉔ ئاننېمارىيە شىممېل: «رەڭدار كىمخاب» ، ئىنگلىزچە، پاكىستان لاھور، 2004 - يىلى نەشرى.
㉕ ئا. ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا».
㉖ «خەزىنىلەر بوسۇغىسى» ۋە «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى».
㉗ «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا».
㉘ ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 442 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.
㉙ ناتان لايت: «تايغاق يول»، 156 - بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا، پىروفېسسور)



# قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توتېم ئېڭى توغرىسىدا

ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە

توتېمىزم ھادىسىسى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۇرۇق ۋە قەبىلە بىلەن تەڭ شەكىللەنگەن بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھادىسە بولۇپ، بۇنىڭدىكى «توتېم» (Totem) سۆزى ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئالگونكىئان قەبىلىسىگە قاراشلىق ئوجىبىۋا ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ «Ototeman» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان، ئەسلىي مەنىسى «ئۇرۇق»، «ئەجداد»، «يىلتىز»، «قان قېرىنداش» دېگەنلىكتۇر.

سىگمۇند فرېئۇد ئۆزىنىڭ دىنشۇناسلىققا بېغىشلانغان ۋەكىللىك ئەسىرى «توتېم ۋە پەرھىز»دە توتېمىزم ھادىسىلىرىنى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىك ياكى ئورتاقلىققا ئىگە دەپ كۆرسەتكەن:

1) توتېم ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش ياكى يېيىش قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇ خىل ھايۋانلار ئالاھىدە بېقىلىدۇ ياكى قارىلىدۇ؛ 2) توتېم ھايۋان تاسادىپىي ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا باشقا ئۇرۇق ئەزالىرىغا ئوخشاش تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ ۋە دەپنە قىلىنىدۇ؛ 3) مەلۇم شارائىتتىلا توتېم ھايۋاننى توتېمنىڭ مەلۇم ئەزاسىنىڭ يېيىشىگە يول قويۇلىدۇ؛ 4) مەلۇم شارائىتتا ياكى مەلۇم ئېھتىياجنىڭ قىستىشى بىلەن توتېم ھايۋان ئۆلتۈرۈلگەندە، گۇناھىنى تىلەش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ 5) توتېم ھايۋان مۇراسىم ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنسا، ئۇنىڭغا ئاتاپ داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ 6) داغدۇغىلىق سورۇنلاردا ياكى دىنىي مۇراسىملاردا كىشىلەر مەلۇم ھايۋاننىڭ تېرىسىنى يېپىنىۋالىدۇ، مۇشۇ خىل ئەھۋالدىمۇ توتېم ئېتىقادى رول ئوينىۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار توتېم ھايۋان ھېسابلىنىدۇ؛ 7) قەبىلە ۋە قەبىلە ئەزالىرى توتېم ھايۋاننىڭ نامىنى قوللىنىدۇ؛ 8) نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى، قورallىرىغا توتېم ھايۋاننىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ، كىشىلەرمۇ بۇ خىل رەسىملەرنى بەدەنلىرىگە چېكىۋالىدۇ؛ 9) ئەگەر توتېم ناھايىتى ۋەھشىي، قورقۇنچلۇق ھايۋان بولسا، قەبىلە ئەزالىرى شۇ توتېم نامى بىلەن ئاتالغان كىشىنىڭ ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلىنالايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ؛ 10) توتېم قىلىنغان ھايۋان قەبىلىنى قوغدايدۇ ۋە بولغۇسى ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ دەپ

قارىلىدۇ؛ 11) كىشىلەر توتېم ھايۋاننىڭ قەبىلىسىنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىدىن بېشارەت بېرەلەيدىغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ؛ 12) توتېم ئەزالىرى توتېم ھايۋاننىڭ ئۆزلىرى بىلەن نەسىلداش ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدۇ[1].

توتېمنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى ئەجدادلىرىمىز توتېمىزم چۈشەنچىلىرىدىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي دەۋردە ئۆزلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە مەلۇم مەنپەئەت ھايۋانات، دەل - دەرەخلەرنى توتېم ئوبيېكتى قىلىپ تاللىغان.

بىرىنچى، دەل - دەرەخ توتېمى

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى دەل - دەرەخلەردىن ئاپىرىدە بولغان دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان خاتىرىلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى» (بۆكۈ خاقان رىۋايىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىرقەدەر گەۋدىلىكتۇر. «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى»نىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتى بار بولۇپ، ئاساسلىقى ئىلاھىي دەرەخنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن ئىلاھىي نۇر تەسىرىدىن ئېغىر ئاياغ بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۆكۈ خاقاننىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقى ياكى ئاسماندىن چۈشكەن ئىلاھىي نۇرنىڭ تەسىرىدىن دەريا ساھىلىدىكى ئىككى تۈپ دەرەخ ئوتتۇرىسىدىكى تۆپىلىكنىڭ تەدرىجىي چوڭىيىپ، ئۇنىڭدىن بۆكۈ خاقان قاتارلىق بەش ئوغۇلنىڭ تۇغۇلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

«بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى» ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداد چۈشەنچىسى، ئېنىقراقى توتېم چۈشەنچىسى توغرىسىدىكى يارالمىش ئەپسانىسى بولۇپ، «قوچۇ پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى»، «قوچۇدىكى چى جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»، «قۇتلانچىن ھەزرەتىنىڭ ئابىدىسى»، پېرسىيە تارىخچىسى جۇۋەينىينىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي» ناملىق ئەسىرى قاتارلىق مەنبەلەردە بىرقەدەر تولۇق خاتىرىلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «قوچۇ پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى» ئەينى ۋاقىتتىكى خان جەمەتى ئىمزا قويغان تاش پۈتۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇيغۇرلار زېمىنىدا قاراقۇرۇم دېيىلىدىغان تاغ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇغلار ۋە سېلىنگا دەيدىغان ئىككى دەريا ئېقىپ چىقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى دەرەخكە ئاسماندىن زەڭگەر نۇر چۈشۈپتۇ. بۇ ئەلدىكىلەر ئۇ دەرەخنى ئاسراپتۇ. دەرەخ غولى بارا - بارا يوغىناپ، ئۇنى تولغاق تۇتۇپتۇ. نۇرمۇ داۋاملىق چۈشۈۋېرىپتۇ. توققۇز ئاي، ئون كۈن ئۆتكەندە دەرەخنىڭ پوقىقى يېرىلىپ ئۇنىڭدىن بەش ئوغۇل ئاپىرىدە بوپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنى بېقىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى بۆكۈ خاقان بولۇپ، تۇرقى بەستلىك ئىكەن. ئۇ چوڭ بولۇپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. كېيىن خەلققە پادىشاھ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن 30 ئەۋلاد پادىشاھ ئۆتۈپ، يۇرۇن تېگىن دەۋرىگە كەلگەندە ئاپەت بېسىپتۇ، خەلق ئۆي - ماكانسىز قاپتۇ. ئۇلار يارغول ئايمىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇ يەر بۈگۈنكى قوچۇ ئىكەن»[2].

«بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى»نىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى جۇۋەينىينىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشاپ كەلگەن ۋە بۇ دەريانى ئاساس قىلىپ ئىككىگە بۆلۈنگەن، دەپ قارايدىكەن. ئۇلار نوپۇسى كۆپەيگەندە، باشقىلارنى ئۆرنەك قىلىپ ئۆز ئىچىدىن بىرىنى باش قىلىپ سايلاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بەش يۈز يىل ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۆكۈ خاقان مەيدانغا كەپتۇ».

ئەينى ۋاقىتتا قاراقۇرۇم تاغلىرىدا ئىككى دەريا بار بولۇپ، بىرى توغلا، يەنە بىرى سېلىنگا

دەرياسى ئىكەن. بۇ ئىككى دەريا «قۇملانچۇ» دېگەن جايدا قوشۇلىدىكەن. ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسىدىكەن، بىرىنى ئۇلار قۇچۇر دەپ ئاتايدىكەن. بۇ دەرەخ قارىغايغا ئوخشايدىكەن، يوپۇرماقلىرى قىشتا ئارچىنىڭكىدەك بولۇپ، مېۋىسىنىڭ شەكلى ۋە تەمى پىستە (چىلغوزا)نىڭكىگە ئوخشايدىكەن. يەنە بىر تۈپ دەرەخنى ئۇلار توز (توس ياكى قېيىن دەرىخى) دەيدىكەن. ئىككى دەرەخ ئارىسىدا بىر دۆڭ پەيدا بوپتۇ. بىر كۈنى بۇ دۆڭگە ئاسماندىن نۇر چۈشۈپتۇ. دۆڭ كۈندىن - كۈنگە يوغىناپتۇ. بۇ مۆجىزىنى كۆرگەن ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى ھەيران قاپتۇ. ئۇلار دۆڭگە ھۆرمەت - تەزىم بىلەن يېقىنلىشىپتۇ. ئۇلار (دۆڭ تەرەپتىن) ناخشىدەك يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئاشۇ دۆڭنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتتۇز قەدەم دائىرىگە نۇر چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئاخىر خۇددى ھامىلىدارنىڭ كۆزى يورۇغاندەك دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ، ئىچىدىن بارگاھ - چېدىرغا ئوخشاش بۆلۈنگەن بەش ئېغىز ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ھەربىر ئۆيدە بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇدەك ... ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرگەنىكەن، كىشىلەر ئۇلارغا ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بالىلار دەرەخلەرگە ۋە ئۇنىڭ چىققان يەرگىمۇ ئۆز ئاتا - ئانىلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندەك ئىززەت - ئېھتىرام بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا دەرەخلەر زۇۋانغا كېلىپ: «ئېسىل پەزىلەتلىك بالىلىرىم، بۇ يەرگە كېلىپ بالىلىق بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلدىڭلار، ئۆزۈڭ ئۆمۈر كۆرۈڭلار، ناملار مەڭگۈ ئۆچمىگەي» دەپتۇ. شۇ جايدىكى كىشىلەر توپ - توپى بىلەن بالىلارنى كۆتۈرۈشكە كەپتۇ ۋە شاھزادىلەرنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەپتۇ. كۆپچىلىك ئۇلاردىن ئايرىلار چاغدا چوڭىغا شۇنقۇر تېگىن، ئىككىنچىسىگە قوتۇر تېگىن، ئۈچىنچىسىگە تۇكەل تېگىن، تۆتىنچىسىگە ئور تېگىن، بەشىنچىسىگە بۆكۈ (بۇقۇ) تېگىن دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بۆكۈ تېگىننى قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ھەممىگە قادىر تەڭرى بۆكۈ تېكىنگە ھەرقانداق ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۈچ قاغا ئاتا قىپتۇ، نەدە ئىش يۈز بەرسە ئۇ قاغىلارنى شۇ يەرگە ئەۋەتىدىكەن، قاغىلار بېرىپ ئايغاقچىلىق قىلىپ، ئۇچۇرنى ئېلىپ كېلىدىكەن[3]...

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېڭى، قەھرىمانلىق ئېڭى ۋە توتېم ئېڭى - چۈشەنچىلىرىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھالەتتىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئوغۇزنامە»دىمۇ بۇ خىل چۈشەنچىگە ئائىت مۇنداق بايانلار بار: «ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى ئالدى... تىلىكىگە يەتتى... ئۈچ ئوغۇللۇق بولدى. ئوغۇللىرىغا كۆك، تاغ، دېڭىز دەپ ئات قويدى»[4].

بۇ يەردە كۆل ئىچىدىكى دەرەخنىڭ بىۋاستە ئوغۇز خاقانغا بىر قىزنى سوۋغا قىلىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەيلى دەرەخنىڭ ئىنساننى ئاپىرىدە قىلىشى بولسۇن ياكى ئىنساننىڭ دەرەخ غولىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى بولسۇن، بۇلار ئەجدادلىرىمىز دەل - دەرەخ توتېمى چۈشەنچىلىرىنىڭ باشقىچە شەكىلدىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، يەنىلا ئىپتىدائىي ئاڭ - تەپەككۇرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ:

1) ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ - چۈشەنچىلىرىدە ئۆز ئەجدادلىرىنى دەرەختىن ئاپىرىدە بولغان دەپ قارايدىغان دەرەخ توتېمى چۈشەنچىلىرى مەۋجۇت بولغان. يۇقىرىقى مەنبەلەر بۇ خىل چۈشەنچىلەرنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك ئىپادىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى»دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى «دەرەختىن تۆرەلمىگەن». گەرچە بۆكۈ خاقان ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان كىشىلەر ئۆز

پادىشاھىنىڭ دەرەختىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى بايان قىلسىمۇ، لېكىن ئۆز تارىخىنى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن دەپ قارايدۇ. دېمەك، «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى» مەلۇم قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقان.

يەنە بىر مەسىلە شۇكى، «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى»نىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي»دىكى ۋارىيانتىدا بۆكۈ خاقان قاتارلىق بەش ئوغۇل دەرەختىن ئەمەس، بەلكى دۆڭدىن تۆرەلگەن بولسىمۇ، ئەمما قەبىلە باشلىقلىرى ئۇلارغا سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىڭلار مۇشۇ دەپ دەرەخنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، ئۇلار گەرچە دۆڭدىن تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دەل ـ دەرەخنى ئاتا ـ ئانىمىز دەپ قارايدۇ. بۇ دۆڭ بىلەن دەل ـ دەرەخنى ئوخشاش ئۇلۇغلاش ئەمەلىيەتتە تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ توتېمىزم قاراشلىرىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، يەنى ئۇلارنىڭ ئېڭىدا دۆڭ بىلەن دەرەخنىڭ ئوخشاش فۇنكسىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3) «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار مىللەت ياكى سىياسىي ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت ئومۇمىي گەۋدىگە ئۇيۇشقاندا «كۆك بۆرە»نى توتېم قىلغان. بۆرە توتېمىنى بىرقەدەر كېيىن بارلىققا كەلگەن ۋە بىرقەدەر ئومۇملاشقان توتېم ئىدى دەپ قارىساق، دەل ـ دەرەخ توتېمى شۇ ئومۇمىي گەۋدە ئىچىدىكى بىرقانچە ئۇرۇقنىڭ ۋە شۇلاردىن تۈزۈلگەن قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ توتېمى بولۇپ، ئاساسلىق توتېم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن. چۈنكى، «بىر ئۇرۇقنىڭ ئاساسەن بىر توتېمى بولاتتى. لېكىن، ئۇ بىرقانچە ئۇرۇقنىڭ تەدرىجىي بىرلىشىپ بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»⑤. شۇنداقتىمۇ بىر مىللەتتە يەنە بىر ئاساسلىق توتېم بولاتتى، بۇ توتېم ئەلۋەتتە شۇ خەلقنى بىرلىككە كەلتۈرگەن قەبىلە توتېمىنىڭ ئاساسلىق ئورۇنغا چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4) بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىدىن بىرى بولغان بۆكۈ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغۇچى بۆكە قۇننى بۆكۈ خاقاننىڭ ئەسلىي پروتوتىپى دەپ قارايدۇ⑥. ئالدىدا دەپ ئۆتۈلگەندەك، بۇ قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسى بار دېيىشكە بولسىمۇ، لېكىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلاردا ئۆز ئەجدادلىرىنى دەرەختىن ئاپىرىدە بولغان دەيدىغان ئەپسانىۋى چۈشەنچىلەرنىڭ يېڭىباشتىن شەكىللىنىشى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر سەۋىيىسى ۋە بىلىش ئىقتىدارىغا ماس كەلمەيدۇ. لېكىن، شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆكۈ قەبىلىسىدە ئۆز ئەجدادلىرىنى دەل ـ دەرەخكە باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان توتېم چۈشەنچىلىرى بولغان. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، پانتېگىن باشچىلىقىدا غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلە ئىچىدە بۆكۈ قەبىلىسىمۇ بار بولۇپ، كېيىن ئۇلار بېشبالىقتا ھاكىمىيەت قۇرغان ۋە كېيىنچە ھاكىمىيەت مەركىزىنى قوچۇغا كۆچۈرگەن. دېمەك، «بۆكۈ خاقان ئەپسانىسى» ئەڭ ئىپتىدائىي توتېمىزم چۈشەنچىلىرى، قەھرىمانلىق چۈشەنچىلىرى ۋە ھەر خىل تارىخىي قاراشلار بىرلىشىپ كەتكەن يىراق تارىخنىڭ چۆكمە مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. قۇش توتېمى

قۇش توتېمى دەل ـ دەرەخ توتېمىغا قارىغاندا بىرقەدەر ئومۇملۇققا ئىگە ئېتىقاد، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە تەپەككۇر شەكلى ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋېي ـ جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قاڭقىللار (高车) دېيىلگەن. لېكىن، قاڭقىللار دېگىنى چىن ـ خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۇرالار (丁零) لارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىدى. تۇرالار شاڭ ـ جۇ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە «翟» (دى) ياكى «狄» (دى) دەپ ئاتالغان. «翟» ۋە «狄» شۈبھىسىزكى، ئوخشاش بىر نامنىڭ ئىككى خىل يېزىلىشى ئىدى. «翟» بىر

خىل قۇشنىڭ نامى بولۇپ، «狄» خېتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «翟» بولسا خېتى بىلەن يېزىلغان. «狄» مەزكۇر قۇشنىڭ ئۆز نامى بولۇپ، «تۈرك» دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلىشى ئىدى. «翟» ئۇلارنىڭ توتېمى ئىدى. ئۇ يايلاقلاردا پەرۋاز قىلىدىغان بىر خىل يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى شۇڭقار دەپ قارايدۇ. دېمەك، قەدىمكى دى (狄)لار شۇڭقارنى توتېم قىلغان⑦. ئۇ يايلاق خەلقلىرى كۆندۈرۈۋالغان بىر خىل سېرىق بۈركۈت بولۇپ، تۇمشۇقى ئەگرى، تىرناقلىرى ئۆتكۈر، ئوۋغا ماھىر قۇش ئىدى. تېزلىك بىلەن شۇڭغۇيالايتتى، كىچىك ھايۋانلار، قۇش تۈرىدىكىلەر ۋە بېلىقلارنى تۇتۇپ يەيتتى. قەدىمكى دىلار بۇ خىل قۇشنى توتېم قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ نامى قىلىپ قوللانغان. دېمەك، «قۇشنى ئۇرۇق نامى قىلىپ قوللىنىش توتېمىزم ھادىسىسىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ نامى توتېم نامىدىن كەلگەن»⑧. ئۇلارنىڭ بۇ خىل چۈشەنچىلىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان ئۇچار قۇشلارغا مەنپەئەتدارلىق نۇقتىسىدىن چوقۇنۇش، بارا - بارا ئۇلارنىڭ نامىنى ئۆز ئۇرۇقى نامىغا ئايلاندۇرۇش، يەنى ئۇرۇق نامىنى شۇ خىل توتېم نامى بىلەن ئاتاش، ئاخىرىدا ئۇرۇق ۋە توتېمنى بىر گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر تەرەققىياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەر بار: 788 - يىلى ئۇيغۇر خانى تاڭ ئوردىسىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۆزىنىڭ خەنزۇچە نامى بولغان «回纥» دېگەن سۆزدىكى «纥» خېتىنى «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى» دېگەن مەنىدىكى «鹘» خېتىگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان⑨. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا مۇنداق ئىزاھ يازغان: «ماڭا مۇھەممەد چاقىر ئۇتقاغان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن، زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە: inan huz hurend ، يەنى بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆز تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يەيدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل ‹huzhur› ، دەپ ئاتىلىپتۇ...»⑩. بىز بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا قۇشلارغا چوقۇنۇش ئېڭىنىڭ، يەنى قۇش توتېمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆز ناملىرىنىڭ توتېم قۇشلار ناملىرىغا يېقىن بولۇشىنى ئويلىغان، كىيىم - كېچەكلىرىنى شۇ قۇشلارنىڭ شەكلىدە لايىھىلىگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دىۋانىدا خەلق ئارىسىدا «كۆك تويۇلغان» ئاتىلىق بىر ئىلاھىي قۇش چۈشەنچىسى بولغانلىقى توغرىسىدا: «بۇ قۇش قانىتىدا پولات بار ئىمىش، قانىتى بىلەن تاغنى بىر ئۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەر ئىمىش»⑪ دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆنچى دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغان «كروران گۈزىلى» ئاتلىق ئايال جەسەتنىڭ ئاخىرەتلىك بۇيۇمى قاتارىدا قۇش پەيلىرى قادالغان بۆك چىققان. ئارخېئولوگلار ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىچۇ ئايمىقىدىن ھون دەۋرىگە ئائىت ئالتۇن قارچىغا تاپقان. بۇ خىل مەنبەلەرمۇ ئەنە شۇ يىراق دەۋرلەردىكى توتېمىزم ھادىسىسى بىلەن تۇتاشسا كېرەك.

پارس تارىخچىسى رەشىدىددىننىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق مۇھىم ئۇچۇرلار ئۇچرايدۇ: ئوغۇزخان ئالەمدىن ئۆتۈپ كۈن خان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ۋەزىر ئەرقىل خوجا بۇز ئوق ۋە ئۈچ ئوقلارنىڭ ناملىرىنى قايتىدىن بېكىتتى، ئۇلارغا ئوڭ قانات قوشۇن، سول قانات قوشۇن ناملىرىنى قايتىدىن بەردى. ئەرقىل خوجا يەنە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ نامىنى، تامغىسىنى،

بەلگىسىنى بەلگىلەپ بەردى. يەنە بۇ 24 ئۇرۇقنىڭ ھەربىرىگە مەلۇم ھايۋاننى «ئۇنغۇن» (ياكى «ئونقۇن») قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. بۇ سۆز «ئىناق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، تۈركىي تىلىدا «قۇت»، «قۇتلۇق» دېگەن مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، «ئىناق بولسۇن — قۇتلۇق بولسۇن دېگەنلىكتۇر». ئۇلاردا شۇنداق بىر ئادەت باركى، ئومۇمەن مەلۇم قەبىلىنىڭ ئونقۇنىغا چېقىلمايدۇ، قارشىلىق قىلمايدۇ، گۆشىنى يېمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار شۇنداق قىلسا خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. ھازىرغا كەلگۈچە ئۇنىڭ بۇ خىل ئەھمىيىتى ساقلانغان بولۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆز ئونقۇنىنى بىلىدۇ[12]. ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ «ئونقۇن» (توتېم)ناملىرى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلگەن: «كۈن خانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئاق قۇش (白鹰)، ئاي خانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تازقارا (鹫)، يۇلتۇز خانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ لاچىن (猫兔之鹰)، كۆك خانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ شۇڭقار (隼)، تاغ خانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئۈركى ياكى ئۆچكە، دېڭىزخانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بۈركۈت (چاقىر، 青鹰)لار ئىدى[13].

قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئوغۇز ئۇرۇقلىرى ئىچىدە 20 ئۇرۇقنىڭ توتېمى ھەر خىل قۇشلار بولغان بولسا، تۆتىنىڭ ھايۋان بولغان. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى ئوغۇزلار ئاق قۇش، تازقارا، لاچىن، شۇڭقار، بۈركۈت قاتارلىق چەبدەس، ھەرىكەتچان، ئۇۋ خۇمار، ھوشيار، جەڭگىۋار قۇشلارنى ئۆزلىرىنىڭ توتېملىرى دەپ بىلگەن.

بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردىن تۈركىي قوۋملاردا، بولۇپمۇ موڭغۇللاردا كەڭ تۈردە قوللىنىلىدىغان «Ongun» سۆزى مەنە جەھەتتىن «totem» سۆزى بىلەن تەڭداش ئاتالغۇدۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن موڭغۇللاردىكى «Ongun»، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىكى «toz/tos» ۋە «iduk/izuk» سۆزلىرى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر[14].

دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، 1) موڭغۇل تىلىدىكى ئاتالغۇ دەپ قارالغان «Ongun» سۆزى «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»تا «aunqun» «ئونغۇن» (ياكى «ئونقۇن») شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆز تۈركىي سۆزدۇر. چۈنكى، بۇ سۆز ئەسەردە ئېنىق قىلىپ «ئىناق» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ ئىزاھلىنىدۇ. تۈركىي تىلىدىكى مەنىسى «قۇت» ياكى «قۇتلۇق»تۇر دەيدۇ. مىسال ئېلىپ «ئىناق بولسۇن — بۇ قۇتلۇق بولسۇن دېگەنلىكتۇر، دەپ ئىزاھلايدۇ»[15].

«قۇت» ئىبارىسىگە كەلسەك، ئۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىلىرىدە ئاساسەن بەخت ـ سائادەت، مۇقەددەس، روھ، ئۇلۇغلۇق، ھەيۋەت، مۇبارەك، بەخت ـ تەلەي، تەقدىر، بەرىكەت، ئەزىز دېگەندەك مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنغان[16]. دېمەك، «ئۇنغۇن» سۆزى «ئىناق» سۆزىدىن كېلىپ چىققانىكەن، شۇنداقلا «قۇت» مەنىسىگە ئىگە ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ موڭغۇل تىلىدىكى بىرەر ئىبارە بولۇشتىن ئاۋۋال ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدىكى ئەنە شۇ قۇت، مۇقەددەس، ئۇلۇغ، بەخت ـ تەلەي مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن قەدىمىي بىر ئىبارىدۇر.

2) مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوغۇز قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى بىرقەدەر مۇكەممەل ئىجتىمائىي تەشكىلىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، بىر قەبىلىلەر بىرلەشمىسى ياكى ئىتتىپاقى سۈپىتىدە، ئىككى ھەربىي تەشكىلىي گۇرۇھ (بۇز ئوقلار ئوڭ قانات قوشۇنى، ئۈچ ئوقلار سول قانات قوشۇنى)، ئالتە ئۇرۇقداش قەبىلە، 24 ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقان. ئالتە ئۇرۇقداش قەبىلىنىڭ قەبىلە توتېمى، 24 ئۇرۇقنىڭ ئۇرۇق توتېمى بولغان. يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، ئۇرۇقداش قەبىلىلەرنىڭ توتېمى ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە ئالەم قاراشلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسا، ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ توتېممۇ ئەلۋەتتە ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان جۇغراپىيىۋى مۇھىت ئاساسىدا، ئۇلارنىڭ

ئىگىلىك شەكلىگە ماسلاشقان ئاساستا تاللانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇش توتېمى 20، هايۋان توتېمى تۆت بولۇپ، قۇش توتېمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. توتېم ئوبيېكتلىرى هوشيار، پۇراش، كۆرۈش سەزگۈسى ناهايىتى ئۆتكۈر، هەرىكەتچان، سۈرلۈك قۇشلاردىن تەشكىل تاپقان. دېمەك، توتېم ئوبيېكتلىرى ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئېستېتىك قارىشى ئاساسىدا تاللانغان.

3) يۇقىرىقى مەدەنىيەت هادىسىلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن قارىغاندا، موڭغۇللارغا قارىغاندا تۈركىي خەلقلەردە بۇ خىل مەدەنىيەت هادىسىلىرى ئاۋۋال شەكىللەنگەن ۋە بىرقەدەر تۇراقلىق شەكىلگە كىرگەن ياكى بىرقەدەر سىستېمىلىق هالەتكە ئۆتكەن. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن بارا - بارا كۆچۈپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، بۇ خىل مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئەسلىي هالىتى ياكى تىپى موڭغۇل تىللىق خەلقلەرگە تەۋەررۈك بولۇپ قالغان، (مەسىلەن، كۆك تەڭرى ۋە بۆرە توتېمى توغرىسىدىكى ئېتىقاد - چۈشەنچىلەر) مۇهىمى ئۇلار بۇ خىل قەدىمىي مەدەنىيەت هادىسىلىرىنى شۇ زاماننىڭ ئېهتىياجىغا ئېخچىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرغان، بېيىتقان. دېمەك، يۇقىرىقىغا ئوخشاش ساهەلەردىكى مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ شەكىللىنىشى مۇئەييەن ئېهتىياجغا ئايلانغاندا ياكى ئىجاد قىلىنىشى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشكەندە، هامان ئۆزلىرىنىڭ يېڭى «ئىختىرالىرى»نى شۇ تۇپراقتا ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تىپلىرىغا، ئۇلگىلىرىگە تەقلىد قىلغان. يۇقىرىقى مۇهاكىمىلەردىن شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، «ئۇنغۇن» (ئونقۇن) ئىبارىلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت تىپلىرى ئەسلىي تۈركىي خەلقلەر ئىپتىدائىي ئاڭ - چۈشەنچىلىرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، كېيىنچە موڭغۇل تىللىق خەلقلەر مەنىۋى چۈشەنچىلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

4) «toz/tos» ئىبارىلىرىگە كەلسەك، بۇلارغا دائىر چۈشەنچىلەر ئەجداد روهىغا تېۋىنىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى توتېم چۈشەنچىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. «iduk/izuk» ئىبارىلىرىگە كەلسە، گەرچە بۇ ئۇقۇملار تەبىئەت ۋە ئىنساندىن هالقىغان كۈچ، مۇقەددەس بارلىق، ئىلاھ، تەڭرى مەنىسىدە كەلسىمۇ، يەنىلا توتېم مەنىسى بىلەن تەڭداش ئۇقۇم ئەمەس، ئۇ كۆپىنچە هاللاردا يەر ئىلاهى، يەنى يەر - سۇ تەڭرىسى شەكلىدە كېلىدۇ.

**3. هايۋانات توتېمى**

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە هايۋانات توتېمى ئېتىقادىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەنبەلەر ۋە بۇ هەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىرقەدەر كۆپ. بۆرە، شىر، بۇغا، ئات قاتارلىق هايۋانلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارغا چوقۇنۇش، بەزىلىرىنى توتېم سۈپىتىدە چۈشىنىش ئەجدادلىرىمىزدا بىرقەدەر ئومۇملۇققا ئىگە. بولۇپمۇ بۆرە توتېمى تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن، تارقىلىش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد تىپىدۇر. ئەجدادلىرىمىز بۆرىدىن ئىبارەت بۇ ۋەهشىي هايۋاننى ئۆزلىرىنىڭ نەسلى، ئەجدادى، قوغدىغۇچى ئىلاهى، هەتتا جەڭ ئىلاهى دەپ قاراپ ئىلاهلاشتۇرغان.

قەدىمكى جۇڭگو مەنبەلىرىدىن هون، كۆك تۈرك، ئۇيسۇن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ هەممىسىدە بۆرە توتېمى مەۋجۇت ئىكەنلىكى مەلۇم. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرە توتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرمۇ بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، نوپۇزلۇقلىرى قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەر ۋە قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى مەنبەلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

«ۋېي سۇلالىسى تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە قاڭقىللار (ئېگىز هارۋىلىقلار)نىڭ ئەجدادى هېسابلانغان هونلارنىڭ مەلىكىسى بىلەن كۆك بۆرىنىڭ جۈپلەشكەنلىكى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «هون

تەڭرىقۇتنىڭ خانىشى ئىككى قىز تۇغقان بولۇپ، بۇ قىزلار ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، ھونلار ئېلىدىكى كىشىلەر ئۇنى ئىلاھ (پەرىزات) دېيىشىدىكەن. ھون تەڭرىقۇتى: ‹قىزلىرىم قانداق كىشىلەر بىلەن جورا بولسا بولاركىن؟›، دەپ سوراپتۇ. باشقىلار: ‹ئۇلار تەڭرى بىلەن جورىلاشسا بولىدۇ›، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھون تەڭرىقۇتى ھونلار ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بىر جايغا تاملىرى ئېگىز بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ ھەم قىزلىرىنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ: ‹قىزلىرىمنى تەڭرىنىڭ ئـ ى كېلىپ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن›، دەپتۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئانىسى قىزلىرىنى سېغىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارنى كۆرمەكچى بوپتۇ. تەڭرىقۇت: ‹بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن›، دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قورغان ئەتراپىغا بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولۇپ، قورغاننى ياقىلاپ ھۇۋلايدىغان بوپتۇ ۋە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ، بۆرە كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىڭلىسى ئاچىسىغا: ‹دادام بىزنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا، تەڭرى بىلەن جورا بولۇشىمىزنى ئارزۇ قىلغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۆرە پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاھىي مەخلۇق ياكى بۆرە قىياپىتىدىكى تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر›، دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ بۆرىگە جورا بولماقچى بوپتۇ. ئاچىسى بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ: ‹بۆرە ھايۋان تۇرسا، ئۇنىڭغا جورا بولىمەن دېيىش ئاتا ـ ئانىمىزغا ھاقارەت قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟›، دەپتۇ. سىڭلىسى بۆرىنى شۇ قىياپەتتە كەلگەن تەڭرى دەپ تونۇپ قورغاندىن چىقىپ، بۆرىگە جورا بوپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ بىر دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرى ناخشا ئېيتىشقا ماھىر بولۇپ، بۆرىگە ئوخشاش ھەم ئۇزۇن، ھەم ياڭراق ئاۋاز چىقىرالايدىغان بوپتۇ»[17].

ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قەدىمكى بۇ ئەپسانىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «قەدىمكى ھون ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بىرىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىككى قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزلار شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، پەقەت تەڭرىلەر بىلەن جۈپ بولۇش ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك ئىكەن. ئۇ ھون ھۆكۈمدارى ئۇلارنى ئىنسانلاردىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن مەملىكىتىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ناھايىتى ئېگىز بىر راۋاق ياسىتىپتۇ ـ دە، ئۇلارنى شۇ راۋاققا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇ قىزلار بىلەن ئۇيلىنىش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ چاقىرىلغان تەڭرى ئاخىردا كۆك بۆرىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ ئۇلارغا ئۆيلىنىپتۇ. بۇلاردىن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر تۇغۇلۇپتۇ. توققۇز ئوغۇز بىلەن ئون ئۇيغۇرنىڭ باللىرى كۆپىيىپتۇ»[18].

بۇ ئەپسانىدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىنكى، «توققۇز ئوغۇز» بىلەن «ئون ئۇيغۇر» بىر تۇغقان ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلار بولۇپ، بۇ تارىخشۇناسلار ئۇزاقتىن بۇيان تالاش ـ تارتىش قىلىپ كەلگەن «توققۇز ئوغۇز»، «ئون ئۇيغۇر» ياكى «توققۇز ئوغۇز»، «توققۇز ئۇيغۇر» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا مۇئەييەن پىكىر ئاساسى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

«جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» 50 ـ جىلدىدا بىرقەدەر مۇكەممەل بۆرە ئەپسانىسى خاتىرىلەنگەن: «تۈركلەر ھونلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى بولۇپ، فامىلىسى ئاشىنا ئىدى. ئۇلار ئايرىم قوۋم بولغاندىن كېيىن، قوشنا ئەل بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىپ، پەقەت 10 ياشلىق بىرلا ئوغۇل بالا ھايات قاپتۇ. يات ئەلنىڭ ئەسكەرلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆلتۈرمەپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋېتىپ، سازلىققا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بالىنىڭ قېشىغا بىر چىشى بۆرە كەپتۇ ۋە بالىنى گۆش بىلەن بېقىپتۇ. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن بۆرە بىلەن بىللە يېتىپتۇ. نەتىجىدە چىشى بۆرە قورساق كۆتۈرۈپ قاپتۇ. يات ئەلنىڭ خاقانى ھېلىقى بالىنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ھامىلىدار بۆرە ئىدىقۇت

ئېلىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قېچىپ كەپتۇ. بۇ تاغدا بىر ئۆڭكۈر بار بولۇپ، ئۆڭكۈر ئالدىدا ياپيېشىل جىلغا بار ئىكەن. بۆرە جىلغىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۆڭكۈرنى ماكان تۇتۇپ، ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىپ، توي قىلىشىپتۇ ۋە نۇرغۇن پەرزەنتلىك بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ ئىسمى ئاشىنا ئىكەن. مانا مۇشۇ جەمەتتىكىلەر ھەممىدىن تېز كۆپىيىپ، جىلغىدىن چىقىپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئاۋارلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىپتۇ»⑲.

يۇقىرىقى ئىككى ئەپسانىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، مەيلى تۈركلەر بولسۇن ياكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىنى بۆرە بىلەن ئىنساننىڭ جۈپلىشىشى ئارقىلىق ئاۋۇغان دەپ قارىغان. لېكىن، پەرقلىق تەرەپلەر شۇكى، تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەپسانىلەردە ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇق نەسلى ئانا بۆرە بىلەن ئوغۇل بالىنىڭ جۈپلىشىشىدىن ئاۋۇيدۇ (ئۇيسۇنلارنىڭ بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال ئۇچرايدۇ). بۇلاردا بۆرە تەشەببۇسكار ھالەتتە، ئىنسان بالىسى بولسا پاسسىپ ھالەتتە كۆرۈلىدۇ، ھەتتا كېيىن يەنە ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇق نەسلى ئەركەك بۆرە بىلەن ئايال (ئىنسان)نىڭ جۈپلىشىشىدىن ئاۋۇيدۇ. كۆك تەڭرى ئالاھىدە تەكلىپ ئارقىلىق چاقىرتىلىپ، بۆرە سىياقىدا ھون تەڭرىقۇتىنىڭ تەلپىنى ئورۇندىغۇچى ئورۇندا كۆرۈلىدۇ؛ قىز تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر توقۇلمىلىرىدىن شۇنداق قاراش مۇمكىنكى، تۈركلەرنىڭ بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئائىلىلىق ھوقۇقى تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋرىگە مەنسۇپ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەپسانىلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئانىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ ئاتىلىق ھوقۇقى تۈزۈمىگە ئالمىشىش دەۋرى، يەنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ بىخ ئۇرۇش دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، دەۋر جەھەتتىن تۈركلەرنىڭ بۆرە توتېمى ئەپسانىسى قەدىمىيرەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنرەك بولغان بولىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە بۆرە پۈتۈنلەي ئەركەك بۆرە سىياقىدا مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنى ئەلۋەتتە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى دەۋرنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆك تەڭرىنىڭ كۆك بۆرە سىياقىدا مەلىكىلەر بىلەن توي قىلغانلىقى بۆرە توتېمى چۈشەنچىسى بىلەن كۆك تەڭرى چۈشەنچىسىنىڭ بىر - بىرىگە ناھايىتى يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمىزم چۈشەنچىلىرى ئەڭ يۇقىرى قىممەت نىشانى ۋە ئېستېتىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلىدۇ: «تاڭ سۈزۈلگەندە ئوغۇز خاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. ئۇ يورۇق نۇر ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق بىر ئەركەك بۆرە چىقتى. بۇ بۆرە ئوغۇز خاقانغا مۇنداق دېدى: ‹ئەي ئوغۇز، سەن ئورۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭدا يول باشلاپ ماڭىمەن›... شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلاندى. قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ مېڭىۋاتقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق بۇ چوڭ ئەركەك بۆرە يولدىن توختىدى. ئوغۇزمۇ لەشكەرلىرى بىللە يولدىن توختىدى. بۇ يەردە ئېتىل دېگەن بىر يەر بار ئىدى. ئېتىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قارا تاغ

باغرىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى»[20].

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تاڭ سۈزۈلگەندە ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا چۈشكەن يورۇقلۇق، يورۇقلۇق ئىچىدىن چىققان كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق ئەركەك بۆرە ئۇلارنىڭ توتېم چۈشەنچىسىدىكى يۈكسەكلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئاددىيغىنە توتېم ئوبيېكتى هايۋانلىقتىن هالقىپ ئىنسانلارنى قەيەرگە بېرىشقا، قەيەردە تۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ؛ قاچان ئۇرۇشقا ئاتلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۇرۇشنى قاچان، قەيەردە قىلىشنىڭ كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۇلارغا ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە كۆك بۆرە توتېم سۈپىتىدە ئەمەس، دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىدىكى كۆك تەڭرى ئوغۇزخانغا ئەۋەتكەن ئەلچى، جەڭ ئىلاهى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.

«ئوغۇزنامە»دە يەنە قەھرىمانلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن توتېمىزم چۈشەنچىلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، «بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورۇدى، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلنىڭ كۆزلىرى كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل، يۈزى هال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى. ئۇ هۆر - پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى... ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقانىدى»[21].

ئوغۇزخان سىياقىنىڭ يىرتقۇچ هايۋانلارغا ئوخشىتىلىشى تاسادىپىي تەسۋىر بولماستىن، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىدىن باشقا يىرتقۇچ هايۋانلارنىمۇ توتېم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرى بويىچە ئۇلار توتېم بىلەن ئۆزئارا ئورتاقلىقتا، شۇنداقلا فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن بىر - بىرى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە ئىدى. ئۇنداقتا ئوغۇز خاقاننىڭ بىرلا ۋاقىتتا يىرتقۇچ هايۋاناتلارغا ئوخشىتىلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

«ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان: «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان، تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان، كۆك بۆرە بولسۇن هەم ئۇران (شوئار)؛ تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، ئوۋلاقتا يۈرۈشسۇن مال - ۋاران؛ هەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن، قۇياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان... مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتكۈل جاهاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك...»[22] دەپ جاكارلايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق هۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، «ئوغۇزنامە»نىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، ئوغۇزخان بولسا ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى ۋە قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر سىياسىي، ئىجتىمائىي گەۋدىگە ئايلاندۇرغۇچى تارىخىي قەھرىماننىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئوغۇزخان ئۇيغۇر - ئوغۇزلار تارىخىدىكى تۇنجى مىللىي ئېتنىك گەۋدىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى قەھرىمان بولغان بولىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوغۇزخان يۈرۈشىدە «كۆك بۆرە» ئوبرازى جەڭگىۋار شوئار سۈپىتىدە قوشۇننىڭ روھىي تۈۋرۈكىگە ئايلىنىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوغۇز بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى مىللەت گەۋدىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش توتېمى يەنىلا «كۆك بۆرە» ئىدى. «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بايرىقىغا ئالتۇن هەل بېرىلگەن بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ‹بۆرە باشلىق بايراق› دېيىلگەن. بۇ بايراق خان ئوردىسى ئالدىغا ئېسىلىدىغان بولۇپ، مۇھىم يىغىلىشلاردا ئۇنىڭغا تەزىم قىلىنغان، هەتتا چەت ئەل ئەلچىلىرىمۇ ئالدى بىلەن بۇ بايراققا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن خان بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنغان»[23]. دېمەك، ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى تۇنجى هاكىمىيەت گەۋدىسى هېسابلىنىدىغان ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بۆرە يەنىلا باش توتېم قىلىنغان هەم سۈرىتى دۆلەت بايرىقىغا چۈشۈرۈلگەن، شۇنداقلا دۆلەت گېربى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە كۇسەن ئۇيغۇرلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، خانلىقتا قوش خانلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى «ئارسلانخان» (شىرخان دېگەن مەنىدە)، كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى بولسا «شىرخان» دەپ ئاتالغان. ئالدىنقى مۇھاكىمىلەردە بىز قوچۇ ئۇيغۇرلىرى خان جەمەتىنىڭ بۆكۈ قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانىدۇق، ئۇنىڭدىن ئۇلاردا دەرەخ توتېمىدىن سىرت يەنە ھايۋانات توتېمىمۇ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىمۇ «ئارسلانخان»، «بۇغراخان» دېگەندەك ناملار بولغان. بەزى ئالىملار ئارسلان ۋە بۇغرالار قارلۇق قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئىككى مۇھىم قەبىلىنىڭ (ئۇرۇقنىڭ) توتېملىرىدۇر؛ ئارسلان چىگىللارنىڭ، بۇغرا بولسا ياغمىلارنىڭ توتېم ناملىرىدۇر، دەپ قارايدۇ㉔.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «كۇسەن خانى شىر شەكىللىك ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ، شەھىرى بەش - ئالتە چاقىرىم كۆلەمدە كېلىدۇ»، «سۇلې خانىمۇ شىرسىمان ئالتۇن تاج تاقايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ باشلانغۇچ ئېڭىدا شىرغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، چوقۇنۇش، ھەتتا ئۇلارنى توتېم قىلىش چۈشەنچىلىرى بولغان.

قوشلار ياكى قوسلار دەپ ئاتالغان خەلقلەرمۇ ئۆكۈزنى توتېم قىلغان. تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبلىرىدا ياشىغان قوش ئېلى ئۆكۈزنى خاسىيەتلىك ھېسابلايتتى. ئۇلار بىرەر ھەرىكەت قىلماقچى بولغاندا، ئاۋۋال قوش (بىر جۈپ ئۆكۈز)نى قويۇپ بېرىدىكەن، قوش بېرىپ چۆككەن يەردە ماكان تۇتىدىكەن، جەڭدە قوش ئالغا ئىلگىرىلىسە يۈرۈش قىلىشۋېرىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار ‹قوش قويارلار› دەپ ئاتالغانىكەن... بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ‹قوش قويارلار›نىڭ قەدىمكى توتېمى ئۆكۈز بولسا كېرەك»㉕. بۇ ھەقتە يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى باسكاكوف مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ نامى ‹ئۆكۈز› مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ‹hokoz، oguz› دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆكۈز (بۇقا)نى توتېم قىلغان قەبىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ»㉖.

فرانسىيىلىك خاملتون ئەپەندى بۇقاسقىر قەبىلىسىنىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇقا (Buqa) بىلەن سىير (Siyir) سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ㉗.

مۇشۇنداق بولغاندا، بۇقاسقىر قەبىلىسىنىڭ كالا (بۇقا بىلەن سىير)نى توتېم قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن㉘. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار مۇنداق قارايدۇ: «ئۇيغۇرلار تۇڭرا (同罗، Tongra) دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋانغىمۇ چوقۇنغانىدى. بۇ ھايۋان قاپلاننىڭ بىر خىلى ئىدى. ئۇلار بۇ ھايۋان پىلنىمۇ ئۆلتۈرەلەيدۇ دەپ قارايتتى. رىۋايەتتىكى تۈركلەرنىڭ بىر خاقانى ئالپ ئەر تۇڭا ‹alp ar tonga› يەنى ‹قاپلانغا ئوخشاش كۈچتۈڭگۈر ئادەم› دەپ تەرىپلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىكى تۇڭرا قەبىلىسى ئۆز نامىنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتىغان بولۇشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قاپلاننى توتېم قىلغانلىقىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس»㉙. ئومۇمەن، ئوغۇز - ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆكۈز، بۇقا، سىير، تۇڭرا دېگەندەك كۈچتۈڭگۈر ھايۋانلارنى توتېم قىلغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بەزى تەتقىقاتلاردىن كۆرە، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم قەبىلىسى ئېيىقنىمۇ توتېم قىلغان. «باتۇر ئەلى قۇربان» ناملىق چۆچەكتە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «بىر كۈنى بىر موماي قىزى بىلەن تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپتۇ. بەختكە قارشى قىزنى بىر ئېيىق ئېلىپ قېچىپ كېتىپ ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋاپتۇ. قىز بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئۇ ئەلى قۇربان ئىكەن. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى ئادەمگە ئوخشىسىمۇ، بەدەنلىرى تۈكلۈك، ئېيىقتەك كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ داۋاملىق

ئېيىق دادىسى بىلەن تاغقا ئوۋغا چىقىدىكەن. ئۇ كېيىن ئاپىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ كەچمىشىنى بىلگەندىن كېيىن، ئېيىق دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئانىسىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بولۇپ، يۇرتىنى رەزىللىكتىن ئامان قىپتۇ. يالماۋۇز دېۋە ـ پېرىلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ جېنىنى ئاپتۇ.» بۇ ئەپسانە شەرقىي شىمالدىكى ئېلىنچۈن قاتارلىق مىللەتلەر ۋە ياپونىيىنىڭ كۈيى ئارىلىدىكى ئاينۇلارنىڭ ئېيىق توتېمى ئەپسانىسىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ[11].

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى قەبىلىلەر ياكى شۇ قەبىلىلەرگە قاراشلىق ئۇرۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتىغا بېقىپ ئەتراپىدىكى، ئورمانلاردىكى، يايلاقلاردىكى ھەر خىل ئۇچار قۇشلارنى، مەزمۇت دەرەخلەرنى، كۆچلۈك، ئۈم، چەبدەس، جەلپكار، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۆزلىرىنىڭ نەسلى، يەنى توتېمى قىلىپ تاللىغان، ئۇلارنىڭ ناملىرىنى بولسا ئۇرۇق ـ قەبىلە ناملىرى قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇقلىرى ھېسابلانغان ئوغۇزلارنىڭ 20 ئۇرۇقىنىڭ قوشلارنى توتېم قىلىشى ئۇلارنىڭ كەڭ كەتكەن يايلاق، ئورمانلىقلاردا ئوۋچىلىق بىلەن ياشىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرسە، بۆكۈ قەبىلىسى قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ دەل ـ دەرەخلەرنى توتېم قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئورمانلىقلاردا ھايات كەچۈرۈشكە ماسلاشقانلىقىنىڭ، ئورمان، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. كۈچلۈك، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى توتېم قىلىشى بولسا، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق، شۇنداقلا قىسمەن دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بۆرە ئۇيغۇرلار مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان دەۋرلەردە مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى توتېمغا ئايلانغان. بۆرىنىڭ توتېم قىلىپ تاللىنىشى ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، ئەجدادلىرىمىز ياشاپ تۇرغان جۇغراپىيىۋى مۇھىت، ئۇلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسى، قىممەت قارىشى، ھاياتلىق ئېڭى، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ئېھتىياجى، باشلانغۇچ دىنىي چۈشەنچىسى بولغان تەڭرى دىنىنىڭ ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىشى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئەجدادلىرىمىز تارىخىدىكى توتېمىزمنىڭ مەنىسى ۋە ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىدىن شۇنداق تۆۋەندىكىدەك قاراشقا بولىدۇ:

1) ئەجدادلىرىمىز توتېم قىلغان ھايۋانات ياكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ياكى كېلىپ چىقىش مەنبەسى دەپ قارىغانىنىڭ سىرتىدا، ئۆزلىرى بىلەن ئورتاق ماھىيەتكە ئىگە ھەمنەپەس قېرىنداش دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قوۋمنىڭ توتېملىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. لېكىن قوۋم، قەبىلە، ئۇرۇق بويىچە مۇئەييەن نەسەب ۋە توتېم دەرىجىسى شەكىللەنگەن. بىر مىللەت ياكى قوۋمدا بىر ئاساسىي توتېم بولغان، شۇنداقلا بىرقانچە قوشۇمچە توتېمنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلغان. قوشۇمچە توتېمنىڭ كۆپ بولۇشمۇ ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەردىن تەشكىللەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكلى، سىياسىي مۇددىئالىرىنىڭ توتېم ئېڭى ۋە تۈزۈمىدە ئەكس ئېتىشى ئىدى، خالاس.

2) توتېم ئوبيېكتلىرى نوقۇل ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ۋاسىتىسى، ناملىرى، ئەجدادلىرى، بەلگىسى دەپ چۈشىنىلىشتىن ھالقىپ، توتېم بىلەن مۇئەييەن ئۇرۇق ئۆزئارا مەنداش، نەسلداش دەپ قارالغان. شۇڭا، توتېم ئوبيېكتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئورتاق

مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي روھى ۋە مىللىي خاراكتېرىنىڭ تۇراقلىشىشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. يەنى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەت ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى، مىجەزى، قىزىقىشى بويىچە ئۆز پائالىيەت دائىرىسىدىكى مەلۇم ئوبيېكتنى توتېم قىلىپ تاللىغان. نەتىجىدە ئۇلاردا تەدرىجىي ھالدا توتېم ئوبيېكتىدىن پەخىرلىنىش پسىخىكىسى شەكىللىنىپ، مەلۇم پائالىيەتلەردە تەقلىد قىلىش، دوراش ئارقىلىق توتېم ئوبيېكتلىرى ئىگە بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرمەكچى بولغان. سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتلىشىشى ۋە يەنە ئوبيېكتنىڭ قايتا سۇبيېكتلىشىشى تەرىقىسىدىكى پسىخىك روھىي ئۆتۈشۈش ئۇلارنىڭ ئۇيۇشقاق، ھوشيار، سەزگۈر، «جەڭدە ئۆلۈشنى شەرەپ، كېسەل بىلەن ئۆلۈشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ»[31]غان باتۇر، جەڭگىۋار مىللىي روھى ۋە پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

3) توتېمىزمنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى توتېم تۈزۈمى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇق، قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلىي قۇرۇلما ئاساسىدا مۇئەييەن چەكلەش، يېتەكلەش خاراكتېرىنى ئالغان پەرھىزلەر، ئەخلاق تۈرۈلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغان. ئومۇمەن، بىر ئۇرۇق ئىچىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى، توتېم ئوبيېكتلىرىغا چېقىلىش، ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش قاتتىق چەكلەنگەن. مەسىلەن، «جامىئۇت - تەۋارىخ»تا ئوغۇز ئۇرۇقلىرىغا ئائىت يەنە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «ۋەزىر ئەرقىل خوجا يەنە تۆۋەندىكىلەرنىمۇ ناھايىتى ئېنىق بېكىتتى: ھېيت - بايراملاردا غىزالانغاندا ھەربىر ئۇرۇقنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىكى، گۆشنىڭ قايسى قىسمىنى يېيىش كېرەكلىكى ھەمدە ئۇلار قايسى دۆلەت ۋە رايوندا، نەدە بولسۇن، ئالىدىغىنى، يەيدىغىنى، ئۈلۈشى ناھايىتى ئېنىق بولدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئازراق ھۇزۇر - ھالاۋەتنى دەپ ئۆزئارا ئۇرۇش - تالاش ياكى كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقاتتى»[32]. يەنى، بۇ ئەسەردە 24 ئۇرۇقنىڭ يېيىشكە تېگىشلىك گۆشنىڭ مالنىڭ قايسى قىسمى بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. بىز بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق - توتېمىزم تۈزۈمىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىگىچە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى بىلىمىز.

4) توتېمىزم ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى كۈچەيتكەن. ئۇلار توتېم بەلگىلىرىنى خانلىقنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىگە، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە، كەمەر توقلىرىغا كەشتىلەش، چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ توتېم ئوبيېكتلىرىغا بولغان چوقۇنۇش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلار يەنە مۇھىم يىغىلىشلاردا توتېم بەلگىلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قايسى توتېمغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بىر قىسىم كىشىلەر نامىنى توتېم نامى بىلەن ئاتاش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، توتېمغا بولغان ھۆرمەت - ساداقىتىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، توتېم ئىگە بولغان كۈچ - قۇدرەت، جاسارەت ياكى ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئېرىشمەكچى بولغان. مەسىلەن، ئالىپ ئەر تۇڭا، بۆرە بەگ، ئارسلان تېگىن، بۇغراخان، شىرخان، توغرۇل بەگ دېگەندەك ئىسىملار دەل مۇشۇ خىل چۈشەنچىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

5) توتېم نامىلىرى پەقەت ئۇرۇق، قەبىلە نامىلىرىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يەنە ئىپتىدائىي فامىلە ۋە نەسەبنى ئىپادىلەش رولىنىمۇ ئوينىغان. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇقداشلىق ۋە توتېمىزم دەۋرىدە ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزالىرىنىڭ يەككە ئىسمى بولماستىن، كوللېكتىپ ئىسىملا بولغان. ئۇلارنىڭ شەخسىي ئىسىملىرى بولسا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنە شۇ توتېم نامىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. خۇددى ھازىرقى زامان كىشىلىرى جەمەت، نەسەبلىرىنى فامىلە (كۆپىنچە خەنزۇلار ۋە ياۋروپالىقلاردا)، لەقەملەر (كۆپىنچە ئۇيغۇرلاردا) ئارقىلىق پەرقلەندۈرگەنگە ئوخشاش، قەدىمكىلەر ئۆز

ئۇرۇقنى، نەسەبنى، يىلتىزلىرىنى ئەنە شۇ توتېم ناملىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن مىللەتلەردە فامىلە قاتارلىق مەدەنىيەت تەركىبلىرى توتېم ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. توتېم ناملىرى يەنە ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىنى تۇراقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئۆتىگەن. مەسىلەن، يىنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا: «مەن يەتتە بۆرىنى ئۆلتۈردۈم... قاپلان بىلەن ئىككى ياشلىق بۇغىنى ئاتمىدىم» دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى قاپلان ۋە بۇغا قىرغىزلارنىڭ توتېمى بولۇپ، «يەتتە بۆرىنى ئۆلتۈردۈم» دېگىنى — «بۆرىنى توتېم قىلغان يات قەبىلىلەرنى قىردىم» دېگىنى ئىدى؛ «قاپلان بىلەن بۇغىنى ئاتمىدىم» دېگىنى — «ئۆز ئۇرۇقتىكىلەرگە چېقىلمىدىم» دېگىنى ئىدى. يەنى، ئۇلار ئۆز قەبىلە - ئۇرۇق ناملىرىنى بىۋاستە توتېم ناملىرى بىلەن تۇراقلاشتۇرغان.

ئىزاھلار:

① سىگمۇند فرېئۇد: «توتېم ۋە پەرھىز»؛ سۇن يىپىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «غەرب دىنشۇناسلىقى مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى»، خەنزۇچە، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى، 189 - بەت.

② ئەسلىي تاش پۈتۈك ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاش غارغا خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىككى خىل تىلدا يېزىلغان. بۇ ھەقتىكى باشقا ئۇچۇرلار ۋە تەتقىقاتنى تيەن ۋېيجاڭ يازغان «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تارىخى تېزىسلىرى» ناملىق ئەسەردىن كۆرۈڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 116 - بەتتىن 130 - بەتكىچە.

③ جۇۋەينىي (ئىران): «تارىخى جاھانگۇشاي» ( «جاھاننى ئىستېلا قىلغۇچىلار تارىخى»)، خەنزۇچە، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى، 62 -، 64 - بەتلەر.

④ گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى، 45 - بەت.

⑤ شياۋ ۋەنيۈەن قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى»، خەنزۇچە، 10 - بەت، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.

⑥ تيەن ۋېيجاڭ: «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تارىخى تېزىسلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى، خەنزۇچە، 121 - بەت.

⑦ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شوڭقار ئېتىقادچىلىقى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 4 - سان، 115 - بەت.

⑧ خې شىڭلياڭ: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيەتى ۋە مەدەنىيىتى»، خەنزۇچە، سودا نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى، 209 - بەت.

⑨ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

⑩ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 151 - بەت.

⑪ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 674 - بەت.

⑫ رەشىدىددىن فەزلۇللاھ: «جامىئۇت - تەۋارىخ»، خەنزۇچە، سودا نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى، 1 - جىلد، 1 - كىتاب، 141 - بەت.

⑬ يۇقىرىقى ئەسەر، 142 — 145 - بەتلەر.

⑭ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى

نەشرى، 247 ـ، 252 ـ بەتلەر.
⑮ رەشىدىددىن فەزلۇللاھ: «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»، 141 ـ بەت.
⑯ ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 70 ــ 74 ـ بەتلەر.
⑰ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى»
⑱ بۇ ئەپسانە «بۈيۈك تۈرك تارىخى» دېگەن ئەسەردە خاتىرىلەنگەن. ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 1999 ـ يىلى باسمىسى، 58 ـ بەت.
⑲ «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى».
⑳ «ئوغۇزنامە»، 48 ـ، 49 ـ بەتلەر.
㉑ «ئوغۇزنامە»، 40 ـ 41 ـ بەتلەر.
㉒ «ئوغۇزنامە»، 46 ـ بەت.
㉓ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».
㉔ گېڭ شىمىن: «قاراخانىيلار تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان.
㉕ ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 64 ـ بەت.
㉖ باسكاكوف: «ئوغۇز ۋە ئوغۇزخان سۆزلىرىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»، «مىللەتلەر تەرجىمىلىرى»، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان؛ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 263 ـ بەتكە ئېلىنغان نەقىل.
㉗ خامىلتون (فرانسىيە): «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، 5 ـ بەت؛ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 141 ـ بەتكە ئېلىنغان نەقىل.
㉘ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 141 ـ بەت.
㉙ ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، 297 ـ بەت.
㉚ رەيھان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيىق توتېمى ئېتىقادى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايانىي ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.
㉛ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. 990 ـ جىلد، تۈركلەر، تېلىلار تەزكىرىسى».
㉜ رەشىدىددىن فەزلۇللاھ: «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»، سودا نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ جىلد، 1 ـ كىتاب، 141 ـ، 142 ـ بەتلەر.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)



# مەھمۇد كاشغەري ۋە ئىلىم روھى

ئەنۋەر ھوشۇر

مەن ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تاغدەك ئېغىر قىسمەتلەر ۋە ھەسەلدەك شېرىن نېمەتلەردىن مەنە ئالغان ئۆزگىچە ھايات ئىزلىرىغا قايتا ـ قايتا نەزىرىمنى ئاغدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ شاھانە ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يەنە بىر قېتىم مەقسەتلىك قىدىرىش ئارقىلىق، بۇ زاتى مۇبارەكنىڭ بىزگە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە ھەم دۇنياغا تونۇتقۇدەك، تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ، ئۆزگىلەرگە بېشىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىك قارىيالىغۇدەك، كەلگۈسىگە كۈلۈمسىرەپ باقالىغۇدەك غۇرۇر ۋە ئىپتىخار ئاتا قىلغان يېگانە قامۇسى ــ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى شۇ غۇرۇر ۋە ئىپتىخارنى يىمىرىلمەس ئاساسقا ئىگە قىلغۇچى قىممەتلىك روھ ــ ئىلىم روھىنىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مېنىڭچە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھايات ئىزلىرى ۋە روھىي قاتلاملىرىدىن ئۇنچىلەرنى قېزىشقا ئىنتىلىشمۇ ئۇنىڭ شاھانە ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئېنىرگىيە تولۇقلاشقا ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ ھاسىلاتلىرى بىزنى ھەيرەتتە قالدۇرۇش بىلەن بىللە، ياشاش ئۇمىدى ۋە ئۇسۇللىرىمىزدىكى نۇقسانلىرىمىزدىن ۋاقتىدا قول ئۈزۈپ، ئەگرى يولنى ئاز ئەگىپ، غالىبىيەت قەسىرىنىڭ ساھىبى بولۇشقا قاراپ يۈكسىلىشىمىزنى ھەقىقىي مەنىۋى قۇۋۋەتلەرگە ئىگە قىلىدۇ.

### 1. ئىلىم ـ ئىگىلەش ۋە ئۇنى ئەلگە تارقىتىشنى ھاياتلىق بۇرچى دەپ بىلىش روھى

ئۇيغۇرلار قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلاردا ئېدىئولوگىيە تارىخىدا ئىلىم ـ پەنگە ھۆرمەت قىلىش، ئىلىملىكلەرنى ئۇلۇغلاش، كىتابنى، كىتابى بار (كىتاب ساقلىغان) ئادەملەرنى چوڭ بىلىش ئۇدۇمىنىڭ تەسىرى خېلىلا چوڭقۇر. بۇ قارىشىمىزنى ئىككى خىل ئېتىقاد (دىن)،ئىككى دەۋرگە تەۋە يازما نەمۇنىلىرىمىزدىن «ئوغۇزنامە» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئېرىشىدىغان

ئۆچۈرلىرىمىزلا پاكىتلىق دەلىللەيدۇ. ئوقۇغانلارغا ئايانكى، «ئوغۇزنامە»نىڭ سۇژېتىدا باش قەھرىمان ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ھەربىي يۈرۈشلىرى ئاساسىي لىنىيە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بىزنى يىراق، سىرلىق ئۆتمۈش قوينىغا باشلاپ بارىدۇ. بىز ئۇ ئەسەر ئارقىلىق ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى تامامەن ئىپتىدائىي بولغان بىر جەسۇر ئۇلۇسنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىگە خاس ئۆزگىچە ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئېستېتىك ئۆلچەملىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغىنى ۋە ھەيرەتتە قالدۇرىدىغىنى، ئەسەردە كۈچەپ تەسۋىرلەنگەن بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىدىيىسىلا ئەمەس، بەلكى بۇ جەڭگىۋار ئۇلۇسنىڭ مەنىۋىيىتىدە ھازىرلانغان ئىلىم ـ پەن روھى بولۇپ، ئۇ بىزنى ئېپتىخارلاندۇرىدۇ ۋە قايىللىق ھېسسىياتىغا چۈمدۈرىدۇ. ئەسەردىكى ئوغۇزخان باتۇرلۇق ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى قارام ئىمپېراتور بولۇشقا قارىماي، ھەر ئىشنى دانالارغا خاس ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن قائىدىلىك ھەل قىلىشنى ئىستەيدۇ. بۈيۈك غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىلىم ۋە ئىلىملىكلەرنىڭ مۇھىملىقىغا تايىنىدۇ، ئەڭ ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت تەختىگە چىقىرىشنى ئۇنتۇمايدۇ. مەسىلەن، ئوغۇزخاننىڭ غالىب قوشۇنى نۇسرەت قۇچۇپ ئېتىل دەرياسى بويىغا كېلىدۇ. دەريانىڭ قىنى كەڭ، سۈيى ئۇلۇغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈش قىيىنغا توختايدۇ. ئوغۇزخان بەگلىرىدىن ئامال ئىزدەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنىدا ئۇلۇس ئوردۇ بەگ ئىسىملىك «ماھىر، پاراسەتلىك بەگ»بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تال ۋە ياغاچلاردىن كېمە ياساپ، قوشۇننى دەريادىن ئۆتكۈزىدۇ. ئوغۇزخان بۇنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ: «ئايھاي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ، قىپچاق ساڭا بولسۇن ئات» دەپ بەگنىڭ ئەجرىنى نەق مەيداندا تارتۇقلاپ، ئىلىملىكلەرنى ئۇلۇغلاش، قەدىرلەش روھىنى نامايان قىلىپ، بەگلىرى ۋە خەلقىنى پاراسەت قەسرىگە يېقىن تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ئولجىلارنى تۇشۇش بىر چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىدۇ، بۇ چاغدا يارماقلىغ يۇسۇن بىلىگ دېگەن كىشى بىر هارۋا ياسايدۇ. ئوغۇزخان هارۋىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا «قانغا» دەپ ئىسىم قويىدۇ ھەمدە ھارۋا ياسىغان بەگنىڭ نامىنىڭ مەڭگۈ يادلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ،ئۇنىڭغا «قاڭغالۇق» دېگەن ئىسىمنى تارتۇق قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغ تۈركنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، زېمىنلىرىنى لىللا تەقسىم قىلىپ، چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئېلىپ، خەلقنى ئاسايىشلىققا يېتەكلەيدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، داستاندا باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل كۈچلۈك ئىلىم روھى بالقىپ تۇرىدۇ. «ئوغۇزنامە»دىكى ئىلىم روھى «قۇتادغۇ بىلىك»تە نەزەرىيە سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلۈپ شەرھلىنىدۇ ھەمدە تەسىرى جەمئىيەتنىڭ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە تۇتاشتۇرۇلۇپ، تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەري ئىلىم ـ پەن روھى بىلەن قورااللانغان ئەنە شۇ پاراسەتلىك مىللەتنىڭ «ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن» بولۇش سۈپىتى بىلەن كىچىكىدىن باشلاپ قويۇق ئىلمىي مۇھىت ئىچىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇ ئاتا تەرەپتىن قارىخانىيلارنىڭ مەشھۇر خاقانى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، ئانا تەرەپتىن ئەينى دەۋرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىسى خوجا سەيفىددىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بۇۋىرابىيەنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇۋىرابىيە يۇقىرى مەلۇماتلىق، مەرىپەتپەرۋەر ئايال بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينى كىچىكىدىن باشلاپ ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئالىم باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسى ۋە ئوپالدىكى مەدرىسىلەردە ئالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەردىكى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ۋە شۇ چاغلاردا پۈتۈن شەرققە مەشھۇر بولغان «مەدرىسەئى ساچىيە»دە ئالىدۇ. ئۇ بۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپلا

قالماي، ئەدەبىيات، گىراماتىكا، ئىلمى مەنتىق (لوگىكا)، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ئىلىملەرنى ئىگىلەيدۇ. ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىلى ۋە شېۋىلىرىنىمۇ پۇختا ئۆگىنىدۇ. ئۇ يەنە شۇ چاغدا ئومۇمىي ئادەت ۋە مەجبۇرىيەت ھېسابلانغان ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ، چېۋەر چەۋەندازلاردىن بولۇپ يېتىشىدۇ... ئالىمنىڭ ئەرەب تىلى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ 25 ياشلاردىن ھالقىغاندا ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم - مەرىپەت بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان باغداتقا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئەرەب تىلىنى پىششىقلاپ، ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئەرەب تىلىدا «ئەرەب تىلشۇناسلىرىدىن قېلىشمايدىغان» يۇقىرى سەۋىيە ھازىرلىغانلىقىنى، باغداتتا تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا كاللىسىدا ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل - مەدەنىيىتىگە قارىتا روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى چۈشىنىشىگە ۋە تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىشىگە قانچىلىك ھاجەتمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئەقلىي ھېس قىلىپ، بۇ ئىلمىي ئەمگەكنى روياپقا چىقىرىشقا بەل باغلىغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن... ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر بىلەن قوراللانغان ئالىم ئۆزىنىڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتىن باشلايدۇ. ئۇ تۈركىي خەلقلەر دالالىرىدا 15 يىل جاپالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مول ماتېرىيال توپلاپ، 1072 - يىلى باغداتتا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا كىرىشىپ، 1074 - يىلى تاماملايدۇ. 1080 - يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، بۇ يەردە كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» نامى بىلەن ئاتالغان بىر مەدرىسە بىنا قىلىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى شاگىرت تەربىيىلەش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، 1105 - يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرگە تەڭ ھاياتى باشتىن - ئاخىر ئىلىم ئۆگىنىش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش ۋە ئۆگىتىش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ توققۇزى تەل فېئودال خانزادە تۇرۇقلۇق، ئوردىنىڭ مەئىشەتلىك، ئارامبەخش تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، ئىلىمنىڭ جانغا ئېكەك سالىدىغان جاپالىق يولىنى تاللىغان؛ ھەتتا تېنىگە قېرىلىق يەتكەندىمۇ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنى تاشلىماي، ئەۋلاد تەربىيىلەش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. مەھمۇد كاشغەرىي نېمىشقا شۇنداق قىلغان؟ ئۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئۇ ئىلىمنىڭ شەخسنىڭ كامالىتى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىياتىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئەقلىي تونۇپ يەتكەن، بىلىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە، ئىنساننىڭ شورلۇق تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن، شۇنداقلا بۇ قۇدرەتلىك قورالغا ئېرىشىش يولىدا بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىزدىنىپ، خەلقىمىز ئىلىم روھىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ پاكىز ۋە ھېكمەتلەرگە تويۇنغان سەمەرىلىك ئىزلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزگە مەنىلىك، قەدىر - قىممەتلىك ياشاشنىڭ بىر تۈرلۈك توغرا يۆزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئېنىقكى، بىز دەۋاتقان بۇ يۆزلىنىش — «ئۆگىنىش، ئىشلىتىش، يەنە ئۆگىنىش»تىن ئىبارەت دەۋرىيلىكنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشىغا قارىتىلغان بولۇپ، تارىخ شۇنى چوڭقۇر تونۇتتىكى، بۇ يۆزلىنىشنى ئاكتىپ قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدا، تۈرلۈك ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتىپ (مەسىلەن، قاراخانىيلارنىڭ ئوتتۇرا، سەئىدىيەنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرى)، دۆلەت روناق تاپقان، خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، خۇراپات باش كۆتۈرۈپ، پىتنە - پاسات ۋە ئىچكى نىزالار كۆپىيىپ، خەلق تەس كۈنگە قالغان. قىسقىسى، خەلقىمىز ئىلىمگە يېقىنلاشقان، ئىلىملىكلەرنىڭ پېشىگە ئېسىلغاندا كۆكلىگەن؛ ئىلىمدىن چەتنەپ، ئىلىملىكلەرنىڭ سەللىسىگە ئوت قويغاندا بولسا ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ، كۆرمىگەن كۈنى قالمىغان...

ئۇنداقتا، ئۇلۇغ بوۋىمىز بۇنىڭدىن 10 ئەسىر ئىلگىرى يەكۈنلىگەن ئىلىمنى ئۇلۇغلاش بۈيۈك قارىشىنىڭ زامانىمىزدىكى ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ (بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ماقالىمىز ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مۇددىئايىمىزنىڭ نېگىزىدۇر.)

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ھەقىقەتەن ئوڭاي ئەمەس. سەۋەبى: ئىنكار قىلاي دېسەڭ، بۇ ساھەدىكى خالىس ئىزدىنىشلەر، ئىشلەنگەن خىزمەتلەر، قازانغان ئۇتۇقلار ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ تۈرى ۋە سوممىسى كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، بۇنداق زور كۆلەملىك كۆڭۈل بۆلۈشلەر تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان. پاكىتى شۇكى: ھەرقانداق بىر ۋىلايەت (ئوبلاست) ياكى ناھىيە (يېزا) لەردىكى مائاشلىقلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مائارىپچى، مائاشى يۇقىرىلارمۇ يەنىلا مائارىپچى. يېزىلاردىكى ئەڭ چىرايلىق بىنا مەكتەپ، كىتابلار ھەقسىز، ئۆيى يىراقلىرىغا ھەقسىز ياتاق، تاماقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان... ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاۋ دېجۇڭنىڭ «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» نىڭ 2008 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە: «2007 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 93 ناھىيە، شەھەرنىڭ 92سى ‹ئىككى ئاساسەن› بويىچە نىشانغا يەتكەن. ئاپتونوم رايون بويىچە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 99.8% كە يېتىپ، 2003 ـ يىلىدىكىدىن 31.48% پوئىنت ئاشقان». ئەمدى بۇ كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ، مائارىپىمىز تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ۋە مەدەنىيەت ساپاسى ماس قەدەمدە ئۆستىمىكىن دېسەڭ، ئەھۋال ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا خۇشاللىنارلىق ئەمەس. ئاساسلىقى، شەھەرلەردىكى مەكتەپلەردە ئەھۋال بىرقەدەر ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ئولتۇراقلاشقان يېزا مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالى ناچار، سالغان مەبلەغقە تۇشلۇق نەتىجە يوق. ئەڭ چوڭ كاشال شۇكى، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇش مەقسىتى مۇجمەل. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇلار مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ بېسىمىدىن قورقمىسا، ئون ئائىلىدىن توققۇزى بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىشنى خالىمايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ قارىسىغا چىقىرىلغان يەكۈن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي تەكشۈرۈشۇمنىڭ نەتىجىسى. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇش مەقسىتى مۇجمەل بولغىنى ئۈچۈن، بالىلىرىنىڭ ئوقۇش مەقسىتىمۇ ئېنىق ئەمەس. يېزا ئوقۇتقۇچىلىرى، پراكتىكانت ئوقۇغۇچىلىرىم ۋە يېزىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بالىلىرىدىن ئىگىلىشىمچە، 7 ـ سىنىپتىمۇ ساۋاتى چىقمىغان بالىلار، ھەتتا بىكارغا بېرىلگەن كىتابنى رەسىمگە قىزىقىپ بولسىمۇ ئېچىپ ـ تېزىپ بىرەر قېتىم ۋاراقلاپ باقمىغان ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئىكەن. نۇرغۇن كىتابلار يېڭى پېتى ئوچاققا تۇتۇرۇق بولىدىكەن. ئالدىنقى يىلى مەن ئوقۇتقۇچىلارغا دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن ×ناھىيىسى× يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە باردىم. بۇ ناھىيىنىڭ نۇقتىلىق مەكتىپى بولۇپ، مەكتەپنىڭ مۇھىتى گۈزەل، پاكىز، سىنىپلىرى يېڭى، سەرەمجانلىرى تولۇق، مۇئەللىملىرى چىقىشقاق ئىكەن، شۇڭا تېزلا ئېچەكىشىپ كەتتۇق. تەنەپپۇس ۋاقتى ئىدى. سىنىپ مۇھىتىغا كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، تۈيۈقسىز بۇلۇڭدىكى پارتىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر دۆۋە قەغەزگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. كۆرۈپ چىقتىم. بۇلار ئەسلىدە بالىلارنىڭ مەۋسۇملۇق ئىمتىھان قەغىزى بولۇپ، سوئاللار ئاساسەن ئاق تاپشۇرۇلغانىدى. خەنزۇچە دەرسىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىدىن 17 پارچە بار ئىكەن؛ تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم؛ ئەڭ يۇقىرىسى 22 نومۇر، ئەڭ تۆۋىنى 2 نومۇر ئاپتۇ، لاياقەتلىك بولغىنىدىن بىرىمۇ يوق ئىكەن. باشقا ئىمتىھانلارنىڭ نەتىجىسىمۇ ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. ئىچىم ئاچچىق بولۇپ ئوقۇتقۇچىلاردىن سورىدىم، ئۇلار ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە سەۋەبىنى چۈشەندۈردى: ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بالىلار ئاساسەن دەرسكە قىزىقمايدىكەن، ئىككى سائەتلىك ئىمتىھاندا ئولتۇرغۇزۇشمۇ بىر

گەپ ئىكەن، بىرى چىقىپ كەتسە، قالغانلىرىمۇ يازسۇن ـ يازمىسۇن قەغەز تاپشۇرۇشقا ئالدىرايدىكەن. نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى يوق ئىكەن. ئاتا ـ ئانىلارمۇ مۇئەللىملەرنى ئۆچ كۆرىدىكەن. كۆپ سانلىق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئارزۇسى بىر ئامالالارنى قىلىپ بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش ئىكەن. ھازىر بۇ مۇمكىن بولمىغاچقا، مۇئەللىم بىلەن «مۈشۈك بىلەن چاشقان»نىڭ ئويۇنىنى ئوينىغاچ، 9 يىلنىڭ تېزرەك توشۇشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولۇۋېتىپتۇ. بالىلىرى مەكتەپتىن ئاجرىسا، تۈرمىدىن ئازاد قىلىنغاندەك خۇش بولىدىكەن. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھالى شۇ بولغاچقا، بالىلار ئوقۇشنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن. بالىلار ئوقۇشنىڭ قەدرىگە يەتمىگەچكە، «سېۋەتكە سۇ ئۇسۇپ» زېرىككەن مۇئەللىملەرمۇ «سۇنىڭ ئېقىشى، تۈكنىڭ يېتىشى» بويىچە ئىش تۇتۇپ، ئۆزىنى ئارتۇقچە ئۇپرىتىپ يۈرمەيدىكەن. ئىچكىرىلەپ ئىگىلىسەم، بۇ چوڭ ناھىيىدىكى شۇنچە جاپادا ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش نىسبىتى ئاران 18% بولۇپ (ئالدىنقى يىلى 14% ئىكەن)، 82% ئوقۇغۇچى ئائىلىسىگە قايتىدىكەن. بۇ شۇ ناھىيىدىن مىڭ نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇقسىزنى پۈتتۈرسە، بۇنىڭدىن ئاران تۆت سىنىپلىق ئوقۇغۇچى تولۇقنا چىقتى دېگەن گەپ. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن يېرىمىدىن كۆپرەكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتتى دەپ پەرەز قىلساق، مائارىپ تەربىيىسى ئالغان ھەر 10 ئادەمدىن ئاران بىرى ئالىي مەلۇماتلىق بولىدى، دېگەن يەكۈننى چىقارغىلى بولىدۇ. شۇ بويىچە بولغاندا ھۆكۈمەتنىڭ ئىرادە ۋە ئەقىدىسى، نەچچە مىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەجرىنى نېمە بىلەن ئۆلچىگۈلۈك؟! بىزدە: «چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق» دەيدىغان بىر تەمسىل بار. تارىختا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساقمۇ، ھازىرمۇ ئىلىمنى، ئىلىملىكلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن تارتقان ۋە تارتىۋاتقان ھەرەجلىرىمىز ئاز ئەمەس. مەن دۇنيا ئالىمىۋرۇن ئۈچۈر ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرىپ بولغان، ئىلىمنىڭ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىلىك رولى ئەڭ يۇقىرى چەككە كۆتۈرۈلۈپ، ھەر ساھە ئىشلاردا ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتقان ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ياشاۋاتقان، موتسىكلىت مىنىپ، ماشىنا ھەيدەيدىغان، ھەر كۈنى تېلېۋىزور كۆرۈپ، رادىئو ئاڭلاپ زامان يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇۋاتقان، ھەر يىلى ئۆزلۈكسىز ئۆرلەپ بېرىلىدىغان پەن ـ تېخنىكا پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ يەنىلا كونا تەپەككۇر ئادەتلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي، ئۆزىگىمۇ، ئەۋلادلىرىغىمۇ جاپا سېلىۋاتقان جاھىل مىجەزىدىن قول ئۈزەلمەيۋاتقان تەرسا ھالىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كاللامغا سىغدۇرالمايمەن. بەلكىم بەزىلەر بۇ تەرەپتىكى ئىشلارنى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقىغا تاقاپ ئاقلاشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، يېزىلاردا نامرات ئائىلىلەر بار. لېكىن، بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىنىڭ ئادەتتىكى ئائىلىلەر تۈگۈل نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىغىمۇ دېگەندەك چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. سەۋەبى: ھازىر يېزا مائارىپى ھەق ئېلىش تىپىدىكى ئەمەس، پاراۋانلىق تىپىدىكى، بېرىش تىپىدىكى مائارىپ بولۇپ، ئوقۇش، كىتاب، ياتاق، تاماق ھەقسىز. بالىلاردىن كېتىدىغىنى پەقەت ۋاقىت بىلەن تىرىشچانلىق، خالاس!

مەن تەربىيىلىنىشكە مۇناسىۋەتلىك مۇشۇ نۇقتىدا بارلىق باھانە ـ سەۋەبلەرنى ئۇزۇل ـ كېسىل رەت قىلىش تەرەپدارى. ئەمەلىيەتتە، ئەقلىمىز ۋە ۋىجدانىمىز بىلەن گەپ قىلىدىغان بولساق، ھازىرقى يۈزلىنىشلەردىن قارىغاندا، پەقەت مائارىپلا بىردىنبىر نىجاتلىق يولىمىز بولۇپ، مائارىپ شارائىتى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە باھانە كۆرسىتىپ ئۆزىمىزنىڭ بولۇمسىزلىقىنى ئاقلىماي، كۆز ئالدىمىزدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ بايلىقىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، بالىلىرىمىزنى ياخشى ئوقۇتساق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېتىكىگە يېپىشساق، ئۇلارنى قەدىرلىسەك، ئەجرىنى ھۆرمەتلىسەك، ئېنىقكى، رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى

كۈندىمۇ، كەلگۈسىدىمۇ مۇستەھكەم پۇت تىرەش نۇقتىسىغا ئېرىشەلەيمىز.

مۇشۇ چاغقىچە مىللىي مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ھەدېگەندە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا باغلاپ، ئۇلارنىلا «دۇمبالاپ»، ئاتا ـ ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ ئوقۇتۇش ـ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىدىكى رولىغا سەل قاراپ كەلدۇق. بىر نەرسە يوقاپ كەتسە، ئوغرى بىلەن كارى يوق، نەرسە ئىگىسىدىن جەرىمانە ئالغاندەك، مائارىپ نەتىجىسى كۆرۈلمىسە، ئوقۇش ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭ ھامىيسىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلمەي، ئەيىب مۇئەللىمگىلا ئارتىلىپ كەلدى. ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئوقۇغۇچى ئېلىشنى خالىمىسا، تىرىشچانلىقى جاۋابسىز قېلىۋەرسە، مۇئەللىممۇ بىرىشتە پىخسىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئوقۇش مەقسىتىنى توغرىلاپ، ياخشى ئوقۇشنى نىيەت قىلسا، ئۇ تەبىئىي يوسۇندا ئوقۇتقۇچىنى ئالدىرىتىپ قويىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ، كەسىپتە لاياقەتلىك بولغان كىشىلەر بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئېلىشنى خالىسىلا، كۆپ قىسىم ئوقۇتقۇچىلار كۆزلىگەننى بېرەلەيدۇ.

قىسقىسى، ئىلىم ـ پەن، مائارىپ بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىز. رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىپ، بارلىق باھانە ـ سەۋەبلەرنى قەتئىي رەت قىلىپ، مائارىپ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇش — ھەربىرىمىزنىڭ ئۈستىدىكى قەرز. بىلىش كېرەككى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى — شۇ دەۋردىكى ئىلىم روھىنىڭ ھەرقايسى قاتلام ئاھالىلىرى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى، جۈملىدىن مەھمۇد كاشغەرىي ئائىلىسىدە كونكرېتلىشىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئەگەر بۇۋىرابىيە مەھمۇد كاشغەرىينى كىچىكىدىن باشلاپ سىستېمىلىق تەربىيىلىمىگەن بولسا، ئۇ بەلكىم ئالىم ئەمەس، زالىم بولۇشى، ئۇ چاغدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»مۇ يېزىلماي، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى غول تۈۋرۈكىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

2. دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەلگە خىزمەت قىلىشنى قەرز دەپ بىلىش روھى

بىلىم ئىگىلەشتىكى مەقسەت — قىيىننى ئاسان قىلىش، ئىنسانىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئازابلىرىنى ئازايتىش، ئىنسانغا باراۋەر، بەختلىك ياشاش پۇرسىتى يارىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىلىم ئىگىلەش جان بېقىشنى چەتكە قاقمايدۇ، لېكىن ئۇنى بىردىنبىر مەقسەت قىلىۋېلىشنى قوللىمايدۇ. بىلىملىك كىشىلەرنىڭ مۇھىم بىر پەزىلىتى — دۆلەتكە، خانغا، ئەلگە بەجانىدىل خىزمەت قىلىش بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئادەتتىكى ئاۋامدىن پەرقلىنىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى دانىشمەنلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىدىن كۆرە دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە بۇ يولدا جاپالىق ئىزدىنىدۇ. بۇ قارىشىمىزنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ يېزىلىش مەقسىتى، جۈملىدىن ھازىرقى زاماندا بىرەر ئاكادېمىيىنىڭ زور قوشۇنىمۇ مۇستەقىل ئۈستىگە ئېلىشقا يۈرەك توختىتالمايدىغان چوڭ بىر تېما (تۈر)نى ئۆزى يالغۇز تاماملىغانلىقىدەك بۈيۈك ئەمەلىيىتى پاكىتلىق ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشىدۇ.

ئالىم «دىۋان»نىڭ يېزىلىش مەقسىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەرنىڭ بۇرجىدا تۇرغۇزغانلىقىنى ۋە پەلەكنىڭمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلىگەنلىكىنى كۆردۈم... دەۋرنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى... تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق ئىدى... » («دىۋان»،

1 ـ توم، 2 ـ بەت).

بۇ شۇنداقلا دەپ قويغان گەپ بولماستىن، بەلكى ئەينى دەۋرنىڭ، جۈملىدىن سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئەرەب خەلىپىلىكى زېمىنىدا ياشاۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپىنىڭ يىغىنچاق بايان قىلىنىشى بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى ئەسلەتمىلەر ئارقىلىق تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش مۇمكىن: «ئەرەب ـ ئىسلام ئىمپېرىيىسى زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەندە، كېيىنكى خەلىپىلەر جەڭگىۋار مىللەتلەرگە تايىنىپ، ئۆز سەلتەنەتلىرىنى ساقلاپ، ئىمپېرىيىنىڭ داغدۇغىسىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. خەلىپىلىك دەسلەپتە خۇراسانلىقلاردىن، كېيىنچە مەرۋىلىكلەردىن (تۈركىي خەلقلەردىن) ئۆزگە قوشۇن تەشكىل قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوغۇز تۈركمەنلىرى ئىراق ۋە شام تەرەپلىرىگە، كىچىك ئاسىياغا كۆپلەپ كۆچتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەرەب ـ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىنىڭ ئېتنىك تەركىبىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئوغۇز تۈركمەنلىرى قۇرغان سەلجۇقلار خانلىقى ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. بارا ـ بارا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ دىۋان ۋەزىرلىرى ۋە ئەمىر ـ سەركەردىلىرى ئوغۇز تۈركمەنلىرىدىن بولۇپ، خەلىپىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى شۇلارغا ئۆتتى. خەلىپە بولسا دىنىي جەھەتتىكى داھىيلىق ئورنىنىلا ساقلاپ قالدى... ئىمپېرىيىنىڭ غەربتىكى ئىقتىسادىي ئالاقىسى سەلجۇقلار ئارقىلىق، شەرقتىكى سودا مۇناسىۋىتى قارىخانىيلار ئارقىلىق بولاتتى... شۇنداق قىلىپ خەلىپىلىكنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىمۇ ئاساسەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. بۇ ھال مۇتاناسىپ رەۋىشتە سىياسىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشقىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى... غەربىي ئاسىيادا سەلجۇقلاردىن ئالىپ ئارسلاننىڭ ھەم ئۇنىڭ ئوغلى مەلىكشاھنىڭمۇ باش ۋەزىرى بولغان نىزامۇل مۇلك ئالىملارنى ۋە ئەدىبلەرنى قەدىرلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە ھۈنەرۋەن ـ ئۇستىكارلار توپلانغانىدى. سەلجۇقلار خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىغا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغۇچى تەركان خاتۇن (قارىخانىيلار جەمەتىدىن بولۇپ، سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ئايالى) مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭدەك تۈرك يۇرتلىرىدىن باغداتقا نۇرغۇن ئۇيغۇر ـ قارلۇق زىيالىيلىرى بارغانىدى... ئاشۇنداق سىياسىي ئېھتىياج، ئىقتىسادىي شارائىت ۋە مەدەنىي مۇھىت ئەرەب ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىمۇ، سىياسەت، مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىمۇ، ھەتتا ئاھالىنىڭ بەزى قاتلاملىرىنىمۇ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە ھاجەتمەن قىلدى» («دىۋان»، 1 ـ توم، 10 ـ بەت).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ يېزىلىشى دۆلەت تەرەققىياتى ۋە خەلق ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رېئاللىقى ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشى، سىڭىشىشى ۋە ماس قەدەملىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇشتا زور رول ئوينىغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەزىرىنى رېئال مەسىلىلەرگە قارىتىش، دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، چوڭ ئىشلارنى تەۋرىنىشكە تەۋەككۈل قىلىش روھى ــ ماھىيەتتە ھەقىقىي ئىلىم ئەھلى ھازىرلاشقا تېگىشلىك زۆرۈر پەزىلەتلەردىن بولۇپ، بىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئورنەك قىلىشىمىزنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنى رېئاللاشتۇرۇش ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئوبرازىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ.

**3. تەتقىقاتتا تەييارغا ئەمەس، ئېچىلمىغان بوزلارغا يۈرۈش قىلىش، ئۆزى بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ۋە قول سېلىپ ئىشلەش روھى**

تەتقىقات تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئىختىرا قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر. بۇ نۇقتىدا ئۇ ئۆزگىلەرنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ تەييارغا ھەييار بولۇشنى، قىيمچىلىق قىلىپ توم ـ توم كىتابلارنىڭ ئاپتورى بولۇۋېلىشنى، ھەتتا كۆچۈرمىكەشلىك قىلىپ، ئاۋامنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنۇشنى قەتئىي رەت

قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەري ئىنسكلوپېدىك ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، بىزنى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مۇنداق ئۆرنەكلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ساختا ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ تەستىكىگە كېلىشتۇرۇپ بىر كاچات سالىدۇ: 1) تېما تۇرغۇزۇشتا يېڭى، ئەھمىيەتلىك بولۇش؛ 2) چوڭ تېمىلارغا تۇتۇش قىلىش، ھەربىر كىچىك ھالقىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق؛ 3) جاپادىن قورقماي، ئىنچىكە، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش، پەرەزنى ئەمەس، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئاساس قىلىش؛ 4) پايدىلىنىش قىممىتىنى ۋە قولاي بولۇشنى چىقىش قىلىش؛ 5) قايتا - قايتا ئۆزگەرتىش، مۇجمەللىكلەر تولۇق ئايدىڭلىشىپ، مەقسەت ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقمىغۇچە بولدى قىلماسلىق... بۇ يەكۈنىمىزنى تۆۋەندىكى بايانلار پاكىتلىق ئىسپاتلايدۇ: «...ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم... مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئەلەر (قاپىيىلىك نەسر)، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىرنەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم. تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم. ئاخىر بۇ لۇغەت كىتابنى تۆۋەندىكى سەككىز بۆلۈمگە يىغىنچاقلىدىم... مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم... بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى - يېڭى ئۆلچەملەرنى قويدۇم. ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشقا ئاساس بولىدىغان تۈپ سۆزلەرنى ئالدىم. چۈنكى، سۆزنىڭ قىسقىسى ياخشى، ئىلگىرىلەشنى خالىغانلارغا توغرا نىشان كۆرسىتىپ، كەڭ يول ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم... شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتاب يېڭىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتتى» («دىۋان»، 1 - توم، 2 — 8 - بەتلەر).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەھمۇد كاشغەري بۇ بۈيۈك ئەمگىكىنى روياپقا چىقىرىشتا ئەڭ سەممىي ھېسسىياتى بىلەن بارلىق ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىشقا تىرىشقان بولۇپ، بۇلار ئېنچىدە مەقسەتلىك، بىۋاستە، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە قول سېلىپ ئىشلەش روھى بىزنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە سېتىۋالغان ماقالىلىرى بىلەن ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈپ، گىدىيىپ يۈرۈۋاتقان كورمىڭلىغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ ۋىجدانىغا سوئال قويۇپ، ئۇلارنى بۇنداق ئىپلاسلىقلاردىن قول ئۈزۈپ، «ئۆزىنى خار قىلغۇچە كۆچىنى خار قىلىش» يولىنى تۇتۇپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ.

**4. ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە توغرا باھا بېرىش، ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش روھى**

ئىشەنچ — غەلىبىنىڭ ئاساسى. ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەم ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىستەيدۇ، شۇنداقلا «مۇكەممەللىك»نى كۈچ قىلىپ، «سېمىز ئات» بىلەن ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر سەپىرىگە ئاتلىنالايدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھايات ۋە ئىجاد ئىزلىرىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئالىمنىڭ ئۆزى ۋە مېھنىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەم ئۆزىدىن ئوچۇق - ئاشكارا پەخىرلىنىشتەك ئۆزگىچە «مىجەزى» بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەيران قالىمىز، ھەتتا سەل بىئارام بولىمىز. قاراڭ: «شۇڭا مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق... ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم. مېنىڭ تۇتقان بۇ يولۇم تېخىمۇ توغرا... بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم... شۇنداق

قىلىپ، بۇ كىتاب يېڭىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتتى...» («دىۋان»، 1 ـ توم، 2 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ بەتلەر). ئادىتىمىز بويىچە بولغاندا، گەرچە مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دەك مەشھۇر ئەسەرنى يازغان بولسىمۇ، يەنىلا كەمتەر بولۇشى، «ۋاقىت قىس، سەۋىيەم چەكلىك بولغاچقا، كىتابتا بەزىبىر سەۋەنلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي، كەسىپداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن...» دېگەندەك مودا گەپلەرنى قىلىشى لازىم ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. «ئەڭ» دېگەن سۆزنى بىرنەچچە يەردە تەكرارلاپ، «ئۆزىنى جاھاندا بىر» قىلىپ كۆرسەتتى... بۇ بىر ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە. مېنىڭچە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قىلغىنى توغرا بولۇپ، ئادەم ئاۋۋال ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلىشى، ئۆزىنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى ۋە قانداق ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدىغانلىقىنى بىلەلىشى كېرەك. «دىۋان» تەمىنلىگەن ئۇچۇرلاردىن مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي كىچىكىدىن باشلاپ قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ پۇختا تەربىيە ئالغان بولۇپ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىپ، ھەممىدە يۇقىرى پەللە ياراتقان. باشقىسىنى قويۇپ، ئۇنىڭ بىر كىتابى ئۈچۈن 15 يىل يۇرت كېزىپ تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى، ئۆز تىلىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىغىچە پۇختا بىلگەندىن سىرت، ئۆزگە تىلدا ئەسەر يازالىغۇدەك سەۋىيە ياراتقانلىقى، كىتابتا ھەربىر ھالقىنى ئېرىنمەي ئۇلاپ، چىگىت چاقماس مۇستەھكەم گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكى، يېڭى قائىدىلەرنى چىقىرىپ، قاراشلىرىنىڭ نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدەك پولاتتەك پاكىتلاردىنلا ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىنكى، ئالىمنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچى ئاساسسىز ئەمەس. ئۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئىنچىكە بولۇپ، گۇمانغا يول قويمىغان، ھەممىنى بىرلەپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، قىلچىلىك يوچۇق قالدۇرمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا «كەسىپداشلارنىڭ قىممەتلەك تەنقىدلەرنى بېرىشىنى» كۈتۈشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟!

مېنىڭچە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە توغرا باھا بېرىش روھى ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ، ئۇ ئالىمنى ئىلىم ئىشىدا ھەر ۋاقىت ھوشيار، سەمىمىي، ئىنچىكە، ئەستايىدىل بولۇشقا ئۈندەپ، ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىش، تىرىشىش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرگەن، جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن غالىپ كېلىش ئىشەنچىسىگە ئۈزلۈكسىز ئېنېرگىيە تولۇقلىغان.

ئومۇملاشتۇرغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي بىزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىلا ئەمەس، يەنە قىممەتلىك ئىلىم روھىنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھايات ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە يەكۈنلىگەن: ئىلىم ئىگىلەش ۋە ئۇنى ئەلگە تارقىتىشنى ھاياتلىق بۇرچى دەپ قاراپ، تىنىمسىز، شەخسىيەتسىز ئىزدىنىش روھى؛ دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەلگە خىزمەت قىلىشنى قەرز دەپ بىلىش روھى؛ تەتقىقاتتا تەييارغا ئەمەس، ئېچىلمىغان بوزلارغا يۈرۈش قىلىش، ئۆزى بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ۋە قول سېلىپ ئىشلەش روھى، شۇنداقلا ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە توغرا باھا بېرىش، ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە، ئۈرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئەگەر بىز ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي ھاياتىمىزدا، تەتقىقاتىمىزدا ئۇنىڭ مەنە قاتلىمىنى ئەقلىي چۈشىنىپ، ئەسلىي روھىنى شەكسىز ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلا بولساق، تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. سەۋەبى، بىزنىڭ تەقدىرىمىز، ئادىمىيلىكىمىز تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئىختىراغا باغلىق!

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

# ئۇيغۇرلاردا پارس تىللىق ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىغا نەزەر

گۈلجەھان خۇشدىل

ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەت ئورتاق ياشىغان، ئوخشىمىغان تىللار تەڭ مەۋجۇت بولغان، تۆرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزئارا سىڭىشىش ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ساپ مەدەنىيەت بىلەن ھالقىما مەدەنىيەت تەڭ راۋاجلانغان رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالساق، جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى تارىختىن بۇيان بۇ رايوننىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭمۇ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بولۇپمۇ، تارىختا 1500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان «يىپەك يولى» شىنجاڭنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇ رايوندا شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا تەۋە ئاھالىلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتىكى ئالاقىلىرىنىڭ تېخىمۇ قويۇقلىشىشىغا ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسەتكەن.

«يىپەك يولى»نىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن راۋاجلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتراپىتىكى ھەرقايسى دۆلەت، رايون خەلقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، «ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭ ئاھالىلىرى ئارىسىغا تارقالغانىدى. شۈبھىسىزكى، يۇقىرىقى دىنلارنىڭ شىنجاڭ ئاھالىلىرىغا بەخش ئەتكىنى پەقەت ئېتىقادلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى تىل، تۆرلۈك بىلىملەر، بىناكارلىق سەنئىتى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئۇسۇللىرىغا ئوخشاش كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى»①. ئەپسۇسكى، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخىدىكى ئەتراپ بىلەن بولغان قويۇق

① زەمىر سەئدۇللازادە: «شىنجاڭ تارىخىدىكى پارس تىللىق ئەدەبىيات توغرىسىدا»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2000 - يىلى 6 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ ئىلمىي دوكلاتى.

مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئېلىمىزدىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنمىدى. بۇ ساھەدە ئىلمىي نۇقتىدىن ھەل قىلىنمىغان تالاش - تارتىشتىكى تېمىلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا، مەن بۇ يەردە پەقەت پارس تىلىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى ۋە ئۇيغۇرلاردا پارس تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئائىت بەزى يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا چەكلىنىمەن.

مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، بۇ رايوننىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقان تاجىكلارنىڭ سامانىيلار سۇلالىسى (840 — 999) شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ، بىر پۈتۈن تاجىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش قەدىمىنى تېزلىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالى بولغان پارس تىلىنىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندا كەڭ تارقىلىپ، تېزلىكتە ئومۇملىشىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەندى. سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى بىلەن پارس تىلى ئەتراپتىكى رايونلارغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. پارس تىلىنىڭ 10 - ئەسىرگە تەۋە 7 ۋە 9 بوغۇملۇق شېئىرىي نەمۇنىلىرى ۋە سەمەرقەند سودىگىرىنىڭ بۇ تىلدا ئۆز ئائىلىسىگە يازغان خېتى، شۇنداقلا بىر قىسىم تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھۆججەتلەرنىڭ تۇرپان رايونىدا بايقىلىشى پارس تىلىنىڭ 10 - ئەسىرلەردىلا شىنجاڭ رايونىدا مەلۇم دائىرىدە قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقالغان دەسلەپكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئوتتۇرا ئاسىيادىن دىن تارقىتىش مەقسىتىدە شىنجاڭغا كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنى بازا قىلغان ھالدا پارس تىلىنىڭ تەسىر دائىرىسىمۇ تەدرىجىي كېڭەيگەن. بولۇپمۇ 10 - ئەسىرلەردىن باشلاپ پارس تىلى مەدرىسىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي قائىدە ۋە دىنىي ئىلىملەردىن باشقا يەنە ئەينى دەۋردىكى ئەنئەنىۋى تېبابەت، ئاسترونومىيە، رىيازىيات (ھېساب)، ھېكمەت (پەلسەپە)، مەنتىق (لوگىكا) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگىنىدىغان ئاساسلىق قورالىغا ئايلانغان. پارس تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى دىنىي مەكتەپلەر ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تەسىر دائىرىسىنىڭ تەدرىجىي كېڭىيىپ، ئاساسىنىڭ پۇختىلىنىشى پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدىنپەي نوپۇز تىكلىشى ۋە كەڭ دائىرىدە تارقىلىشىغا يول ئاچقانىدى. پارس تىلىنىڭ 10 - ئەسىر ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قانچىلىك دەرىجىدە تارقالغانلىقى ۋە ئىشلىتىلگەنلىكى تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنمىغان تېما. بىز پەقەت قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سامانىيلار سۇلالىسى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان رايونلارنى، جۈملىدىن بۇخارا ۋە سەمەرقەندگە ئوخشاش پارس تىلىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچى ۋە تاشقى ئالاقىلەردە پارس تىلىدىن كەڭ دائىرىدە پايدىلانغانلىقى توغرۇلۇق قىسمەن مەلۇماتلارغىلا ئىگە بولالايمىز. شىنجاڭ تەۋەسىدە 14 - ئەسىرگىچە يەرلىك ئاھالىلەردىن پارس تىلىدا ئەسەر يازغانلار

ناھايىتى ئاز. بۇ دەۋرلەردىكى ئەدەبىي مۇناسىۋەت پەقەت ئەدەبىياتنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنىدىلا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، 11 ـ ئەسىردە شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى»)تەك يىرىك ئەسەرلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ تېكىستلىرىدە «شاھنامە» پېرسوناژلىرى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، شەكىل، ۋەزىن جەھەتتىن «شاھنامە»دىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. بۇنداق ئوخشاشلىق غەربتىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنى خاتا چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپمۇ قويغان. بەزىلەر «قۇتادغۇ بىلىك»نى «شاھنامە»نىڭ تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسى دېگەندەك خاتا كۆزقاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» «شاھنامە»نىڭ تۈركىي نۇسخىسى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى ئەسەر تامامەن مۇناسىۋەتسىزمۇ ئەمەس. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بېيىتلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇددى «شاھنامە»گە ئوخشاشلا مەسنەۋى شەكلى ھەم ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى يارىتىشتا «شاھنامە»دىن ئىلھام ئالغان، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلغان دېگەن پىكىرنى ياقلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئىرانلىقلار «شاھنامە» دەپ ئاتىشار،
تۇرانلىقلار «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتار①.

ئەرەبچە، تاجىكچە كىتابلار تولا،
بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ يالغۇز، شۇلا②.

يۇقىرىقىدەك ئەدەبىي مۇناسىۋەتنى «قۇتادغۇبىلىك»تىن كېيىنرەك يېزىلغان ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

14 ـ ئەسىردىن باشلاپ پارس تىلى شىنجاڭدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. چىڭگىزخاننىڭ شەرققە يۈرگۈزگەن باسقۇنچىلىق ئۇرۇشى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يولىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرى ۋە توختاۋسىز ئۇرۇشلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىي ھاياتىنىڭمۇ تەرەققىيات تېمىسىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. تۈركىي تىللىق كۆپلىگەن خەلقلەر ئېتنىك جەھەتتە تېخى تولۇق بىرلىشىپ كېتەلمىگەنلىكى، تۈركىي تىللار لېكسىكىسىنىڭ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ۋە زور مىقداردىكى ئەرەب ـ پارس سۆزلۈكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى بىر ئەدەبىي تىل شەكىللىنىپ، «چاغاتاي تىلى» نامى بىلەن ئاتالدى.

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 13 ـ بەت، 30 ـ بېيىت.
② يۇقىرىدىكى ئەسەر، 21 ـ بەت، 73 ـ بېيىت.

«چاغاتاي تىلى» گەرچە تۈركىي تىللارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالغانىدى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھاكىمىيەت موڭغۇللاردىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندىمۇ پارس تىلى ئاساسىي ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ قالدى. تۈركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان ئەدىبلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشنى داۋاملاشتۇردى. تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان نەۋائىي شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەتنىڭ پەرمان چۈشۈرۈپ «چاغاتاي تىلى»نى ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەرمىگەنلىكى ئۈستىدە ئەپسۇسلانغان ھالدا توختىلىپ: «بىر قىسىم تېمىلار بويىچە شېئىرلار يېزىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇقلارمۇ چىقىرىلدى ھەم ئۇلارنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا دائىر بەلگىلىمىلەر ۋە قانداق ئىپادىلىنىش توغرىسىدا تەلىماتلارمۇ ئىزھار قىلىندى. لېكىن، تۈرك خەلقىنىڭ تالانتلىق بەگلىرى، بەگزادىلىرى ۋە ساپ تەبىئەتلىك دانىشمەنلىرى، مەردلىرى بۇ ئىشنى ئۆز لايىقىدا ئىشلىمىدى. نەتىجىدە، كۈتۈلگەن گۈزەل ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلمىدى»①. بۇ دەۋردە پارس تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلانغانىدى. نەۋائىي «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە «تۈركىي خەلقلەردىن 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە يېتىشىپ چىققان 355 شائىر، ئەدىبتىن پەقەت 30 نەچچىسىنىڭلا ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يازىدىغانلىقى، قالغان مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ پارس تىلىدا ئەسەر يازىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ»②.

پارس تىلىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ھەددىدىن زىيادە نوپۇز قازىنىشى شۇ زاماننىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرى قاتارىدا نەۋائىينىمۇ قاتتىق ئەنسىرەتكەنىدى. شۇڭا، نەۋائىي بارلىق بىلىملىرىنى پارس تىلىدا ئالغىنىغا قارىماي، دەسلەپتە تۈركىي تىللىق ئەدىبلەرنىڭ ھېچبولمىغاندا ئىككى تىلدا تەڭ ئەسەر يېزىشنى تەكىتلەپ: «بۇ خەلق ئىچىدىن چىققان تالانت ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت ۋە تالانتلىرىنى ئۆز تىلى تۇرغان يەردە باشقا تىل بىلەن نامايان قىلماسلىقى كېرەك ئىدى ۋە مۇنداق ئىشقا كىرىشمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەگەر ھەر ئىككى تىلدا يېزىش قابىلىيىتى بولسا، ئۆز تىلىدا كۆپرەك يېزىپ، باشقا تىلدا ئازراق يېزىش كېرەك ئىدى. بەك ئېشىپ كەتكەندىمۇ ئىككى تىل بىلەن ئوخشاش يېزىش كېرەك ئىدى»③ دېسە، كېيىندىنلا ئۆز تىلى بىلەن تامامەن ئەسەر يېزىشنى خالىمايدىغانلارنى تەنبىھلەپ: «شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگىلىرى پۈتۈنلەي پارس تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن ـ دە، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن، بەلكى كۆپچىلىكى يازالمىسۇن»④ دەپ يېزىپ، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا پارس تىلىغا چەك قويۇش مەيدانىدا تۇرىدۇ. نەۋائىي ۋە شۇ دەۋردىكى باشقا ئوقۇمۇشلۇق شەخسلەرنىڭ تۈركىي تىلنى كۈچەپ تەرغىب قىلغىنىغا قارىماي، تۈركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان يازغۇچى ـ شائىرلار ئىجادىيەتتە پارس تىلىنى قوللىنىپ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى

① ئەلىشىر نەۋائىي: «مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 51 ـ بەت.
② شېرىن قۇربان: «پارس تىللىق ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 4 ـ سان.
③ ئەلىشىر نەۋائىي: «مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 27 ـ بەت.
④ يۇقىرىدىكى ئەسەر، 27 ـ بەت.

ياراتقانىدى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا تەپسىلىي نەزەر سالىدىغان بولساق، نەزىرە ئەدەبىياتى (تەقلىدىي ئەدەبىيات)نىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. نەزىرە ئەدەبىياتىدا يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا ئومۇملاشقان ۋەقەلىكلەر، ھەممىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاساس قىلىپ ئەسەر ئىجاد قىلىش بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغانىدى. «تەۋرات»تىن ئېلىنغان ھېكايە ئاساسىدا يېزىلغان «يۈسۈف ۋە زىلەيخا» داستانى (ئەلى ناملىق كىشى تەرىپىدىن 13 ـ ئەسىردە يېزىلغان)، «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» (14 ـ ئەسىر، ئاپتورى قۇتبىي) داستانى قاتارلىق ئەسەرلەر شۇ جۈملىدىندۇر. ئەپسۇسكى، بەزى تارىخىي تەزكىرىلەردە بېرىلگەن ئاز ـ تولا مەلۇماتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شىنجاڭ تارىخىدىكى بۇ پارس تىللىق ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە ھېچقانداق ئىلمىي خىزمەت ئىشلەنمىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا 14 ـ، 15 ـ ۋە 16 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا پارس تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان نۇرغۇن يازغۇچى ـ شائىر، تارىخچىلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئەدىبلەردىن ئىبن مۇھەممەد قەشقەرىي، ئىبنى ھاشىم قاتارلىقلار ئۆز ئىجادىيەتلىرى بىلەن خېلىلا تونۇلغان شەخسلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ قوش تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش شۇ دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كەلگەچكە، بەزى ئەدىب ـ شائىرلار تۈركىي ۋە پارسىي تىلدا تەڭ ئەسەر يازغاندىن باشقا، پارس تىلىدىكى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىپ، پارس ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. بۇ دەۋردە ياشىغان قوش تىللىق ئەدىبلەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن مەۋلانا لۇتفىي (1366 ـ 1465)، سەيفى سارائىي (14 ـ ئەسىر)، ئەھمەد ھاجىبەگ (15 ـ ئەسىر)، نەۋائىي (1441 ـ 1501) قاتارلىقلار مول ھوسۇللۇق ئىلمىي ـ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى بىلەن يىراق ـ يېقىنغا تونۇلغانىدى. ئۇلار «سىندبادنامە»، «گۈلىستان بىت تۈركىي» (سەيفى سارائىي)، «زەپەرنامە» (مەۋلانا لۇتفىي)، «مەنتىقۇت ـ تەير» (نەۋائىي) قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، تەرجىمە ئەدەبىياتىغا پۇختا ئاساس سالغانىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدا خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاشلا ئىلىم ساھەسىدە پارس تىلى كەڭ ئومۇملاشقانىدى. ئۇيغۇرلاردىن پارس تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن قوش تىلدا ئەسەر يازالايدىغان نۇرغۇن زىيالىيلار يېتىشىپ چىققان، نەزىرە ئەدەبىياتى بىلەن يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش تەڭ راۋاجلانغان. تەرجىمە ئەدەبىياتى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ گۈللىنىپ، پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەپسۇسكى، بۇ دەۋردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرگە ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر دىققىتىنى قاراتمىدى.

16 ـ ئەسىردە شىنجاڭدا قۇرۇلغان يەركەن خانلىقى (1514 ــ 1678) شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھاياتىدىلا ئەمەس، مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان مۇھىم ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى نىسبەتەن مۇقىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئىقتىساد تەرەققىياتقا يۈزلىنىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق شارائىت

هازىرلانغانىدى. بۇ دەۋرنى شىنجاڭ تارىخىدا مەدەنىيەت بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، ئەدەبىيات ۋە ئىلىم ـ پەن گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن بىر دەۋر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋردە ياشىغان كۆپلىگەن يازغۇچى ـ شائىرلار ۋە ئىلىم ئەھلى يەنىلا ئۆز ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يېزىشنى داۋاملاشتۇرغانىدى. پارس تىلىدا ئەسەر يازغانلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ بولۇپ، تەسىرى چوڭراقلىرىدىن مەۋلانە خۇلقىي، ھەنەفىي، خەراباتىي، ئاخۇنمۇللا شاھ ھىجران، ئايال شائىرلاردىن نەفىسە، زىلەيخا بېگىم قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. يەركەن خانلىقىغا ئائىت تەزكىرىلەردە يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت خېلى كۆپ مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. شۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەردىن «كۇللىياتى مەسنەۋى خەراباتىي»، «سەپەرنامە»، «شۇرۇھۇل ـ قۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەدەبىيات ۋە ئىلىم ساھەسىدە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. بۇلاردىن باشقا، بۇ دەۋردە ھافىز غەزەللىرى ۋە نىزامىينىڭ «خەمسە»سىدىكى ئايرىم داستانلارغا تەقلىدىي ئەسەر يېزىشمۇ خېلىلا ئومۇملاشقان.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقا، بۇ دەۋردە مىرزا ھەيدەر (1500 — 1551)، مەھمۇد چوراس (1629 — 1696)قا ئوخشاش بىر قىسىم تارىخچىلارنىڭ «تارىخىي رەشىدىي»، «مۇنتەخەبۇت ـ تەۋارىخ»، «تەۋارىخ»قا ئوخشاش تارىخىي ئەسەرلىرىمۇ پارس تىلىدا يېزىلغانىدى.

17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ، ئىقتىساد تەرەققىياتى سۇسلاشقانىدى. بۇ دەۋر تارىختا «خوجىلار دەۋرى» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋردە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزالار كۈچىيىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىمۇ زور زىيانلارغا ئۇچرىغانىدى. ئەمما، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلىم ساھەسىنىڭ ۋەزىيىتى باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا، نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋردىمۇ پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش داۋاملاشقان بولۇپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەر قايتا ئىشلەنگەن ياكى تەرجىمە قىلىنغاندىن تاشقىرى، نۇرغۇن يېڭى ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغانىدى. بۇ دەۋردە مەھزۇن، نەۋبەتىيگە ئوخشاش قوش تىللىق ئەدىبلەر بىلەن بىللە يەنە موللا مۆمىن يەركەندىي، مۇھەممەد رېھىم قەشقەرىي، مۇھەممەد سىدىق مىسكىن، موللا ھەزىنىي، مۇھەممەدئىمىن سەدرى قەشقەرىي، ئايال شائىرلاردىن بىبى مەسۇم ئەزىزەم، زۇلفىيە قەشقەرىي قاتارلىق پارس تىلىدا ئەسەر يازىدىغان ئەدىب ـ شائىرلار يېتىشىپ چىققانىدى. ئۇلار ئۇرۇش ـ جېدەلگە تولغان يىللاردا ياشىغاچقا، ئەسەرلىرىدە سوپىستىك خاھىش، مىستىك ئىدىيە، كىشىلىك ئەخلاق ۋە شۇ دەۋردىكى ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ دەۋردە يۇقىرىدىكى ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن باشقا يەنە پارس تىلىدا «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى ئەبدۇل مەنان»، «نەسەبنامەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرمۇ يېزىلغانىدى. بۇلاردىن باشقا، «مەجمەئەتۇل ـ مۇھەققىن»، «قىسەسۇل ـ ئەنبىيا»، «رەۋزەتۇس ـ سەفا»غا ئوخشاش ئەسەرلەر يېڭىباشتىن تولۇقلىنىپ ئىشلەنگەنىدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىنى كۈچەيتكەندىن تارتىپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ

30 ـ يىللىرى شىنجاڭ شىمالىي شىنجاڭدا مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانغا قەدەر ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. ئەمما، بۇ دەۋردىمۇ ئەنئەنىۋى مائارىپ تۈزۈلمىسى ئاساسەن ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، پارس تىلى ھەرقايسى مەدرىسىلەردە يەنىلا ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ مۇھىم قوراللىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. ھەتتا 1885 ـ يىلى ئاتۇشتىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلاردىن ھۈسەيىنباي، باھاۋۇدۇنباي ئاكا ـ ئۇكىلار قۇرغان «ھۈسەيىنىيە» ناملىق يېڭى پەننىي مەكتەپتىمۇ پارس تىلىنى ئۆگىنىش مۇھىم دەرسلەر تەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن[1].


تارىخىي ئەسەرلەردىن بۇ دەۋردە ئىمىرىي، ئىسمائىل بەگ، موللا توختى، مۇتربە ۋە مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي قاتارلىق كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ پارس تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەمما، بۇ دەۋردىكى پارس تىللىق ئەسەرلەر ۋە ئۇنىڭغا ئائىت كونكرېت مەسىلىلەر تەپسىلىي تەتقىق قىلىنمىغاچقا، ئاپتورلار ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق تەپسىلىيرەك توختىلىشقا ئىلاجسىزمىز. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئاخىرى، يەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 — 40 ـ يىللىرى ئەتراپىدا خوتەندە پارس تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىسمائىل ھاجىنىڭ ئىجادىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ پارس تىلىدا ئىجاد قىلغان شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 500 پارچىدىن ئارتۇقراق بولۇپ، سان جەھەتتىن پارس تىللىق ئەدەبىياتنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ھافىز شىرازىينىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تەڭلىشىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھازىرغىچە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتالمىدى.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، پارس تىلى شىنجاڭدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان كۆپلىگەن يازغۇچى ـ شائىرلار، تارىخچىلار، تۈرلۈك ئىلىم ساھەلىرىدە نەتىجە ياراتقان ئالىملار پارس تىلى ئارقىلىق ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلاردىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى تارىخنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن نابۇت بولۇپ، پەقەت تارىخىي ئەسەرلەردىلا ئىسمى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ھازىر شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئىلمىي ئورگانلار ۋە ئالىي مەكتەپلەر تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ، ساقلىنىۋاتقان پارسچە ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 3000 پارچىدىن ئاشىدۇ. تېخى يىغىۋېلىنمىغان ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ھىندىستان قاتارلىق قوشنا رايون ۋە دۆلەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

(ئاپتور ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

---

① ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 63 ـ بەت.



# قەدىمكى ئەسەر ئېكى ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىش

ئەنۋەر تاشتۆمۈر

قەدىمكى ئەسەر يەنە قەدىمكى كىتاب دەپمۇ ئاتىلىپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن قولىيازما ۋە باسما شەكىلدىكى بارلىق ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ئەسەر ئېكى قەدىمكى ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ھاسىل قىلىنغان ئومۇمىي كۆزقاراش بولۇپ، مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ نىسپىي سۇسلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى تەركىبىدە زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئىستىقبالى (تەقدىرى) ئۈستىدە ئويلىنىش بىر تۈرلۈك تەخىرسىز زۆرۈرىيەتكە ئايلاندى. شۇڭا، ئالدى بىلەن سۆزنى قەدىمكى ئەسەر ئېكى، يەنى قەدىمكى ئەسەرلەرنى تونۇشتىن باشلايمىز.

بىرىنچى، ئۇقۇم جەھەتتە، قەدىمكى ئەسەر ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرغىنىدەك، زامانىمىزدىن نىسپىي ئۇزاق يىللار مۇقەددەم ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالغان، يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ھەم بېسىلغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى بارلىق ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئەسەرلەر يېزىق مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلگەندىن بۇيان تۈرلۈك ۋاسىتىلەر ياردىمىدە خاتىرىگە ئېلىنغان، بىلىم - ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە بارلىق ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قەدىمكى تارىشا پۈتۈكلەر، تاشپۈتۈك (تاش ئابىدە)، رەخت ۋە تېرە پۈتۈكلەر بىلىم - ئۇچۇرلارنى خاتىرىلىگۈچى ۋاسىتە بولغانلىقى، شۇنىڭدەك كېيىنكى دەۋرلەردىكى قولىيازمىلار — كىتابلارنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەدىمكى ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. تار مەنىدە ئۇ قەدىمكى كىتابلارنى، يەنى يېزىق مەدەنىيىتى تۈرلۈك خاتىرىلەش ۋاسىتىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان قولىيازما ۋە باسما ئەسەرلەرنى كۆرسىتىپ، مىللىي مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى تەرەققىيات دولقۇنىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قەدىمكى ئەسەرلەر ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرىش ۋاقتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، خاتىرىلەش ۋاسىتىسى بولغان يېزىق، قەلەم، قەغەز، سىياھ ۋە باشقا ۋاسىتىلەر ئۆزئارا بىرلىشىپ ئىنسانلارنىڭ بىلىم - ئۇچۇر بايلىقلىرىنى كىتاب شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان دەۋرلەرنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى ئەسەرلەر خەلق ئاپتورلىرى، كاتىپ ۋە خەتتاتلار تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەن زور بىر تۈركۈم قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېلىمىزدە قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ يىل چېكى قەدىم زامانلاردىن تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر


بولغان ئۇزاق تارىخي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، مەزمۇن جەھەتتىن، قەدىمكى ئەسەرلەر قەدىمكى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ھەم ئىلاھىيەت ھەققىدىكى بىلىش ۋە تەپەككۇر نەتىجىلىرىنىڭ ناماياندىسى بولۇپ، ناھايىتى كەڭ مەزمۇن قاتلىمىغا ئىگە. شۇڭا، قەدىمكى ئەسەرلەر مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەسۋىرى كۆرۈنۈشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى، بىلىش ۋە تەپەككۇر دەرىجىسىنى، ئېستېتىك سەۋىيىسىنى، قىسقىسى مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرىتىنى مەركەزلىك ئىپادە قىلىپ، قەدىمنى بىلىش سەپىرىگە، بۈگۈن ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا، كەلگۈسىنى ئىلمىي تەسەۋۋۇر قىلىشقا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، قىممەت جەھەتتىن، قەدىمكى ئەسەرلەر مىللەتلەرنىڭ تارىخي بىلىشلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەت، دىن ۋە پەن ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى بىرىنچى قول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ شەكلىگە سىڭدۈرۈلگەن ھۈنەر ـ سەنئەت نەمۇنىلىرى ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۈلگە نۇسخىلىرى سۈپىتىدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ نوپۇزىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

قەدىمكى ئەسەرلەر مىللەتلەرنىڭ نادىر مەدەنىيەت بايلىقى، مەنىۋى قىياپەت مەكتىپى، كەلگۈسى تەرەققىيات غايىلىرىنىڭ روشەن ئەينىكى. بۇنداق ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە مىللىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يىغىش، رەتلەش، ساقلاش، نەشر قىلىش ۋە داۋاملىق پايدىلىنىش تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئەمگەك بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ، ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، نەشرىياتلارنىڭ، كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلارنىڭ ئورتاق مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ تىرىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ دەۋرى ئۇزۇن، تارقىلىشى ۋە ساقلىنىشى تارقاق ھالەتتە بولغاچقا، زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەر بۇزۇلۇش ۋە يوقاپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. بولۇپمۇ يەككە ـ يېگانە نۇسخىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى بۇ خىل خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلمىغاندا ئەجدادلارغا، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلمەيمىز. شۇڭا، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ھەربىر مىللەت ئەزاسى ۋە زىيالىيسىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى. مېنىڭچە، ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا جايلاردىكى كۇتۇپخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، مەخسۇس قەدىمكى ئەسەرلەر مەركىزى ياكى قىرائەتخانىسى تەسىس قىلىپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى بىرتۇتاش مۇنتىزىم باشقۇرۇشنى، داۋاملىق يىغىش ۋە رەتلەشنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشى زۆرۈر. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇتەخەسسىسلەر باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ قەدىمكى ئەسەرلەر ئۈستىدە تاللاش ۋە بېكىتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تارىخي، ئىلمىي ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە تۈرلەرنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىنى جىددىي كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش زۆرۈر. ئاخىردا خەلق ئارىسىدا ھېلىھەم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش خىزمىتىنى قەرەللىك تۈردە داۋاملىق ئېلىپ بېرىش، بۇ خىزمەتكە مەخسۇس ئادەم ياكى بىرلەشمە گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ مەسئۇل قىلىش زۆرۈر. شۇ ئارقىلىق زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئادەملەرنىڭ، يىللار ۋە دەۋرلەرنىڭ تەھدىتىگە، خىرىسىغا ھەم بۇزغۇنچىلىقىغا دۇچ كېلىۋاتقان، خەلقىمىز بىلەن تېخىچە يۈز كۆرۈشەلمەي تۇرۇۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرنى بار ئاماللار بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك.

(ئاپتور ش ئۇ ئا ر كۇتۇپخانا «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



# فارابي ھەققىدە ھېكايەتلەر

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق**

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۇنجى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، «شەرق ئارستوتېلى» نامى بىلەن شەرق - غەرب ئىلىم دۇنياسىدا شۆھرەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان پەيلاسوپ، قامۇسىي ئالىم ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۇزلۇغ تارخان — فارابىي (873 — 950) جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان كاتتا ئىلمىي تۆھپىلىرى بىلەن شەرقنىڭ ئىلىم - پەن تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئالىمنىڭ يېتۈك ئىلمىي پەزىلەتلىرى، ئىنسانىي كامالىتى ۋە ئاددىي - ساددىلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئۇلۇغۋار ئارىفلىق روھى ھەققىدە ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق مەملىكەتلىرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئالىملاردىن ئىبنى خەللىكان، ئىبنى ئۇسەيبە، ھۇسەينىي، قەزۋىنىي، بەيھەقىي، ئەبۇل فىدا، ھەمەۋى، دېھخۇدالارنىڭ ئەسەرلىرىدە بىرقاتار رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەر ساقلىنىپ قالغان. شۇلاردىن ئىبنى خەللىكان مۇنداق يازىدۇ:

ئەبۇ نەسىر كۆپىنچە ھاللاردا ئادەملەردىن خالىي تەبىئەت قوچىقىدا، ئۆسۈملۈك ۋە سۇ مول جايلاردا ياشايتتى؛ مۇئەللىملىك بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ رىسالە ۋە شەرھلەر يازاتتى. ئۇ ساخاۋەتلىك كىشى بولۇپ، ئۆز ئېھتىياجىغا ۋە تۇرار جايىغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى، تولىمۇ ئاددىي - ساددا كىيىم كۆچۈرەتتى. ھېكايە قىلىنىشىچە، سەيفۇد - دەۋلە فارابىيغا كاتتا ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز خەزىنىسىدىن خالىغان نەرسىنى ئېلىشنى بۇيرۇغان. بىراق، فارابىي خەزىنىدىن ھېچ نەرسە ئالماستىن، پەقەت كۈنىگە ئېلىپ تۇرىدىغان تۆت دىرھەم بىلەن قانائەتلەنگەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە فارابىي دەمەشقتىكى بازارغا بېرىپتۇ ۋە ئۇ يەردە قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر موزدوز يىگىتنى كۆرۈپ قاپتۇ. يىگىت شۇ چاغدا چىشى بىلەن چەم يېپىنى تارتىپ ئولتۇراتتى. فارابىي ئۇنىڭدىن:

— سەن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ، كۈنىگە قانچە پۇل تاپىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ئىككى دىرھەم تاپىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

فارابىينىڭ يىگىتكە رەھمى كېلىپ، ھاكىمدىن ھەر كۈنى ئالىدىغان تۆت دىرھەمنى ئۇنىڭغا بېرىشنى نىيەت قىپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ يىگىت فارابىينىڭ يېقىن سۆھبەتداشلىرىدىن بولۇپ قاپتۇ.

* *

رىۋايەتلەرگە كۆرە، فارابىي پاكارراق كىشى بولۇپ، دائىم ئاددىي ـ ساددا مىللىي كىيىمنى يۇرىدىكەن. بىر كۈنى كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— سىز كۆپ نەرسە بىلەمسىز ياكى ئارستوتېلمۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ. فارابىي:

— ئەگەر ئارستوتېل دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئۇنىڭ قولىدا ئوقىغان بولسام ، مەن ئۇنىڭ يارامىلىق شاگىرتى بولغان بولاتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

* *

بىر كۈنى دەمەشق ھاكىمى سەيفۇد ـ دەۋلە ئالىملارنى ئۆز ھوزۇرىغا يىغىپ سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغاندا، سورۇنغا فارابىي كىرىپ كەپتۇ. تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان سەيفۇد ـ دەۋلە فارابىينى كۆرۈپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. شۇ چاغدا فارابىي:

— قانداق ئولتۇراي، مەرتىۋەمگە قاراپ ئولتۇرايمۇ ياكى سىزنىڭ مەرتىۋىڭىزگە قاراپمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆز مەرتىۋىڭىزگە قاراپ ئولتۇرۇڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھاكىم.

فارابىي ئۇدۇل بېرىپ ھاكىمنىڭ تەختى يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. ھاكىم بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، كۆپچىلىككە نامەلۇم بىر تىلدا نەۋكىرىگە:

— بۇ تۈرك ماڭا ئەدەپسىزلىك قىلدى. كېتەر چېغىدا ئۇنى مۇشۇ ئىشى ئۈچۈن جازالاڭلار! ـ دەپتۇ. ھاكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان فارابىي دەرھاللا:

— مەن ھېچقانداق گۇناھ قىلغىنىم يوقتۇ، مېنى نېمە ئۈچۈن جازالايسىز؟ — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ھاكىم:

— ھازىرغىچە بۇ تىلنى ئاۋام ئىچىدە ھېچكىم بىلمەيتتى، سەن ئۇنى قەيەردە ۋە كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپتۇ.

— مەن كۆپ تىللارنى ئۆگەنگەنمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ فارابىي.

شۇ ئەسنادا ئولتۇرغان ئالىملاردىن بىرى بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپتۇ. كۆپچىلىك ئارىسىدا قىزغىن مۇنازىرە باشلىنىپ كېتىپتۇ. ئەمما، ھېچكىم ئۇ مەسىلىگە قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمەپتۇ. شۇ چاغدا فارابىي ئۇ مەسىلىنى جانلىق مىساللار بىلەن قانائەتلىنەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئېتىراز بىلدۈرەلمەپتۇ. ھاكىم فارابىيغا باشقىدىن نەزەر تاشلاپ:

— سەن «ئىككىنچى ئۇستاز» ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ فارابىي. بۇ چاغدا ھاكىم ئۆزىنىڭ فارابىينى تونۇماستىن خاپا قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزرە سوراپتۇ. فارابىي بولسا ھاكىمغا سەھەت ـ سالامەتلىك تىلەپتۇ.

ئالىملار تارقىغاندىن كېيىن، ھاكىم سارايغا مۇزىكىچىلارنى تەكلىپ قىلىپتۇ. فارابىي سازەندىلەر بىلەنمۇ قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن تەئەججۇپلەنگەن ھاكىم:

— ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى مۇزىكا ئىلمىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەن ـ دە! — دەپتۇ. فارابىي بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپتۇ. ھاكىم غۇلاملىرىغا غىچەك (مۇزىكا ئەسۋابى) كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. فارابىي غىچەكتە تۈرلۈك كۇيلەرنى چېلىپتۇ. تېخىمۇ ھەيرانلىقتا چۆمگەن ھاكىم فارابىيدىن ئۆمۈر بويى ئۆز سارىيىدا خىزمەت قىلىشنى ۋە ئالىملار يىغىلىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزىنى خۇرسەن قىلىشىنى سوراپتۇ. ئەبۇ نەسىر بۇنىڭغا رازىلىق بەرمەپتۇ. قايتا ـ قايتا ئىلتىماسلاردىن كېيىن فارابىي ئۇنىڭ سارىيىدا پەقەت بىر يىللا تۇرۇشقا رازىلىق بېرىپتۇ.

* *

ھېكايە قىلىنىشىچە، بۇندىلەر دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى ساھىب ئەببەد ئەبۇ نەسىرنىڭ دانىشمەنلىكى ۋە سالاھىيىتى توغرىسىدا كۆپ تەرىپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرغان

ۋە سوۋغا ـ سالاملار بۇيرۇپ بەرگەنىكەن. لېكىن، فارابىي ئۇنىڭ ئىنئاملىرىنى قوبۇل قىلمايلا قالماي، ئىلتىماسىغىمۇ جاۋاب قايتۇرماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە فارابىي رەيگە ـــ ۋەزىر ساھىب ئەببەدنىڭ ھوزۇرىغا زىياپەتكە كەپتۇ. ئۇ ئالىملارغا ئوخشاش سالاپەتلىك كىيىنمەستىن، بەلكى تولىمۇ ئاددىي كىيىنگەچكە، باشقىلار ئۇنى تونۇماپتۇ ھەم نەزىرىگە ئالماپتۇ. فارابىي بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىرپەستىن كېيىن زىياپەت باشلىنىپتۇ. فارابىي يېنىدىن قاپاقا ئوخشاش كىچىككىنە بىر چالغۇ ئەسۋابىنى ئېلىپ (بۇنى فارابىي ئۆزى ئىختىرا قىلغان بولۇپ، «غىجەك» دەپ ئاتىلاتتى)، تۈرلۈك كۈيلەرگە چېلىشقا باشلاپتۇ. كۈيىنىڭ بىرىنچى قىسمى زىياپەت ئەھلىنى خۇشال قىلىپ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ؛ ئىككىنچى قىسمى ئورۇندالغاندا ھەممەيلەن قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆكۈپتۇ؛ ئۈچىنچى قىسمى ئورۇندالغاندا بولسا، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

فارابىي غىجەكنىڭ قورسىقىغا: «فارابىي سىلەرنىڭ ھوزۇرۇڭلارغا كەلدى، سورۇنۇڭلارغا ئىشتىراك ئەتتى ۋە كەتتى» دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ قويۇپ، كېتىپ قاپتۇ. ۋەزىر ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ، سورۇن ئەھلىنى ئويغىتىپتۇ. قارىسا ھېلىقى كۈينى چالغان سازەندە كۆرۈنمەپتۇ. ۋەزىر غىجەكنىڭ قورسىقىدىكى خەتنى كۆرۈپ، ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ: «راھەت سىرلىرىغا يەتمەستىن، ئۇنىڭ غايىب بولغانلىقىنى بىلگىلى بولماس» دەپتۇ. ئۇ فارابىينى ھەرقانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. چۈنكى، فارابىي سورۇندىن چىقىپلا دەمەشققە قاراپ يول ئالغانىكەن.

* *

سىر ياقىسىدىكى فاراب قىشلىقىنىڭ كىشىـ لىرىدىن مۇھەممەد جاھانغا مەشھۇر ئەھلى دانىشلاردىن ئىكەن. ئۇ ئىلمۇ ھېكمەت بابىدا ئەـ رەستۇدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» بولۇپ، «ئەل فارابىي» نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەنىكەن.

ئەلقىسسە، ئۇ يۇنان سەپىرىدىن قايتىشىدا مىڭلاپ غارايىبات قاتارىدا بىر مۆجىزە ئېلىپ قايتىپتۇكى، ئۇنىڭ ئېتى نەي ئىكەن.

ئەپسۇسكى، ئۇستاز قايتىپ كەلگەندە، ئەلدە خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىكەن. چۈنكى، يۇقىرالارنىڭ كۆپچىلىكى، جۈملىدىن ئەلفارابىينىڭ يەككە ـ يېگانە جىگەر پارىسى ـــ ئاكىسىمۇ بەلۇجىستان باسمىچىلىرىغا ئەسىرگە چۈشۈپ، ھەيدەپ كېتىلگەنىكەن.

ئۇستاز چەكسىز قايغۇ ـ ئىزتىراپ چېكىپ، نەي چېلىپ نالە قىپتۇ. ھەسرەتۇ ھىجران دەردىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۈيلەپ «چۆلى ئىراق»، «ئۇششاق» دېگەندەك كۆڭۈللەرنى ئەزگۈچى ناۋالارنى ئىجاد قىپتۇ. ئاخىر ئۇ بەردىشى تۈگەپ، جىگەر پارىسى ـــ ئاكىسىنى تىلىۋېلىش ئۈمىدىدە بەلۇجىستان شاھىنىڭ ئوردىسىنى كۆزلەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

فارابىي ئاخىر بەجۇلىستانغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئۇ دەرگاھ بەئەينى جەھەننەمگە ئايلانغان، پەلەك گۈمبىزىنى ئاھۇ نالە سادالىرى قاپلىغان بولۇپ، ئۇستازنىڭ ئاكىسى قاتارى ساناقسىز ئەسىر ـــ قۇللار پىژغىرىم ئىسسىقتا قارا تەرگە چۆمۈپ ئىشلەۋاتقانىكەن. ئۇستاز كۆز ئالدىدىكى ئادالەتسىزلىككە ۋە ئىنسان قەدرىنىڭ شۇقەدەر دەپسەندە بولۇۋاتقانلىقىغا چىدىماي، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قامچىسىدىن قان تامچىۋاتقان سەركار (ئىشبېشى، نازارەتچى)نىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـــ شۇنچە كىشىنى ئازابلاش ھېسابىغا نېمە بىنا قىلىۋاتىسىلەر؟ ـــ دەپ سوراپتۇ:

ـــ شاھىمىز جاھانىنىڭ سەككىزىنچى مۆجىزىسىنى بەرپا قىلماقچى، ـــ دەپتۇ سەركار مەغرۇر سۆزلەپ، ـــ سەن بىر جاھانكەشتى دەرۋىش ئوخشايسەن، شەۋكەتلىك شاھىمىزغا دۇئا قىل.

ئۇستاز ئۆرۈلۈپلا بېرىپ ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخانغا بولۇپ قالغان ماجالسىز ئەسىرلەر يىراقتىن تاش ـ تۇپا ئەكېلىپ، ئېگىزلىككە ئاچىقىدىكەن. ئۇلار ئاچ ـ يالىڭاچلىقىغا ۋە تەنلىرىنى يارا ـ چاقا قاپلاپ

كەتكىنىگە قارىماي، ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىمسىز ئىشلەيدىكەن؛ كېچىسى بولسا پاشا-چىۋىنغا تالىنىدىكەن. تېخىمۇ يامىنى، بۇ ۋەتەنسىز بىچارىلەر ئارىسىدا نامەلۇم بىر ۋابا تارقالغانىكەن. بۇ ئاپەتنىڭ نە سەۋەبىنى، نە داۋاسىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئەسىرلەرنىڭ ئېغىر ئەمگەك ھەم ئاپەت ئازابىدىن تۈركۈملەپ قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ساراسىمىگە چۈشكەن شاھنىڭ كاللىسىدا: »قۇللار قىرىلىپ كەتسە، سەككىزىنچى مۆجىزىنى كىم بىنا قىلىدۇ؟ مەن شان-شۆھرەت قازىنىشىم، جاھانغا نام قالدۇرۇشۇم كېرەك» دېگەن ئوي پەيدا بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ئەسىرلەرگە ئازراق شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى كۆپەيتىپتۇ؛ سەركارلارغا ئەسىرلەرنى كەلسە-كەلمەس ئۇرۇپ قىيىنماسلىقنى جېكىلەپتۇ. ئەمما، ئەھۋالدا قىلچىلىك ياخشىلىنىش بولماپتۇ

ئۇستاز ئۇ مىسكىنلەر بىلەن ئۇزاققىچە ھەمدەرد بولۇپ بىرگە يېتىپ-قوپۇپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇنى سەركار كۆرۈپ قېلىپ:

— ئەي مۇساپىر، سەن ھېچبىر دەرۋىشكە ئوخشىمايدىكەنسەن. زادى كىمسەن، قانداقسىگە بۇ دوزاخنى خالاپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ

— مەن ئەلفارابىيمەن، — دەپتۇ ئۇستاز.

سەركار بۇ سۆزدىن چۆچۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، تىترىگىنىچە ئارقىسىغا يېنىپتۇ. شۇ كۈنى شاھ نەۋكەرلەرنى ئەۋەتىپ، فارابىينى ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. ئۇستاز ئەركانى دۆلەتنىڭ ھەشەمەتلىك سارايلىرىدا نەچچە چاقىرىم پاياندازنى بېسىپ ئۆتۈپ، بەلۇجىستان شاھىنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپتۇ. شاھ سۇرمىدەك قارا ساقاللىق، زەرلىك تون كىيگەن، ئالتۇن تاج تاقىغان، كېلىشكەن، ياشقىنە بىر يىگىت ئىكەن. ئۇ تەختىدىن چۈشۈپ ئەلفارابىينىڭ ئىستىقبالىغا كەپتۇ ۋە:

— مەملىكىتىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزدىن تولىمۇ مەمنۇنمىز، ئەمما نېمىشقا كەلگىنىڭىزنى بىزگە بۇرۇنراق مەلۇم قىلمىدىڭىز؟ — دەپتۇ.

مۇلازىملار شاھنىڭ ئىشارىسى بىلەن ئۇستازنىڭ ئايىغىغا بىر تاۋاق ئالتۇن تۆكۈپتۇ. ئەمما، ئۇستاز ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماپتۇ. ئۇ مۇنداق شاھانە «مۇرۇۋۋەت»لەرگە كۆپ نائىل بولغانىكەن.

— نېمىگە چاقىردىڭىز، شاھ؟ — سوراپتۇ ئۇ ئاددىيلا.

ھېچبولمىغاندا «شەۋكەتلىك شاھىنشاھ»، «شاھى جاھان» دەپ ئۇلۇغلاشلارغا ئۆگەنگەن شاھ فارابىينىڭ پەرۋاسىز مۇئامىلىسىدىن قىلچىلىكمۇ غەزەپلەنمەستىن:

— ئەي ئۇستاز، بىزنىڭ سادىق قۇللىرىمىزنىڭ بېشىغا ۋابا كەلدى، ئۇلار قىرغىن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سىز ئۇنىڭ داۋاسىنى تېپىپ، ئاپەتكە بەرھەم بەرسىڭىز، — دەپتۇ خېلىلا يوغان بىر چەم خالتىغا قاچىلانغان تىللانى فارابىينىڭ ئايىغىغا ئۆز قولى بىلەن تاشلاپ.

— بۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، شاھ، — دەپتۇ فارابىي.

— نېمە؟ — دەپتۇ غەزەپلەنگەن شاھ تىترىگىنىچە بېرىپ تەختىگە ئولتۇرۇپ، — ئەجەبا سېنىڭ ئىلمۇ پەزىلەت بابىدىكى شۆھرىتىڭ، «ئىككىنچى ئۇستاز»لىقىڭ يالغانمىدى؟ سەن بۇ ئاپەتنىڭ قەيەردىن كەلگىنىنى ۋە قانداق ئاپەت ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەمسەن؟

— بىلىمەن شاھ، لېكىن ئۇنىڭغا داۋا قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟

— بۇ پەقەت سىزنىڭ قولىڭىزدىنلا كېلىدۇ.

شاھ تەختتىن چاچراپ تۇرۇپ، ساراي ئەھلىگە:

— ئۇستازى سانىي سارايدا قالىدۇ، ئۇنىڭغا ئەتلەس تون كىيگۈزۈلسۇن! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ئاندىن فارابىيدىن سوراپتۇ:

— خوش، ئۇستاز! بۇ قانداق ئاپەتتۇر ۋە بىز بۇنى قايسى يوسۇندا داۋالىيالايمىز؟

— بۇ سېغىنىش، پىراق دەردىدۇر، شاھ. بۇنىڭ داۋاسى ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇشتۇر. شۇندىلا ئۇلار تىرىك قالىدۇ، ئەكسىچە بولسا

داۋاملىق قىرىلدۇ، — دەپتۇ ئەلفارابىي.

— سەن دانىشى سۆخەندانسەن، ئورۇنسىز ھەزىل - مەتەۋە قىلىۋاتسەن، ھېچقىسى يوق، بۇنىڭمۇ قەدرىگە يېتىمىز. ئەمما بىلگىنكى، ھازىر سۆزنىڭ راستى بىز ئەسىرلەرنى ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرمايمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلارنىڭ قىرىلىپ تۈگىگۈچە مۇشۇ يەردە مېھنەت قىلىپ تۇرغىنى بىز ئۈچۈن ئەۋزەل، — دەپتۇ شاھ.

— بۇنى بىلمەن، ئەمما كېسەل شۇ ۋە مەن دېگەندىن ئۆزگە داۋاسى يوق، — دەپتۇ فارابىي.

شاھ غەزەپكە تېشىپ:

— بۇنى يوقات، ئايىغىغا كىشەن سېلىپ، قولىلۇققا تاشلا! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، «ئىككىنچى ئۇستاز» شاھ سارىيىدىن قۇل بولۇپ قايتىپ، كىشەنلىرىنى تەسلىكتە سۆرەپ يۈرگەن مىڭلىغان ماجالسىز ئەسىرلەر ئارىسىغا قوشۇلۇپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئازاب - ئوقۇبەتتە ئۆتۈپتۇ. ئاچ - يالىڭاچلىق، زۇلۇم جەبىردىن ئۆتكەن ئۇستاز بىر ئاخشىمى قويىندىن نېيىنى ئېلىپ كۆيلەشكە باشلاپتۇ. قۇلاقلىرى كىشەنلەرنىڭ يېقىمسىز جاراڭ - جۇرۇڭلىرىدىن پۈتكەن ئەسىرلەر يېقىملىق نەي ناۋاسىنى ئىشىتىپ، ۋۇجۇدىغا ماغدۇر كىرگەندەك ھېس قىلىشىپتۇ... نەيدىن چىققان يېقىملىق كۈيلەر گاھ گۈل بەرگىلىرىنى سۆيگەن باھار شامىلىدەك، گاھ يىراقلاردىن تارالغان خۇش خەۋەر ساداسىدەك ئۇلارنى تۈنجۇققان تۇيغۇلىرىنى قوزغاپ نېمىگىدۇر تەلپۈندۈرەر، ھەركىمنىڭ يۈرەك قېتىدىكى مۇڭلۇق تۇيغۇلىرىنى ھېكايە قىلار ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەسىرلەر ھەر ئاخشىمى نەينىڭ مۇڭلۇق ساداسىنى زەن قويۇپ تىڭشايدىغان بوپتۇ. كۈيلەرنىڭ دەردلىك ئەۋجى دىللارنى تىلغار ئىكەن.

ئادەتتە كۆپچىلىك كۈي تىڭشىغاندا، بىغۇبار دەردلىك قەلب ئەينىكى ھېلىلا سۇنۇپ پارە - پارە بولۇپ كېتىدىغاندەك، تاڭغىچە ئۇنچىقماي ئولتۇرىدىكەن. ئەمما، بەزىدە كىمدۇر «ئاھ» تارتىپ قويىدىكەن. بىر چاغدا شۇ «ئاھ» سوكۇناتىنى بىتچىت قىلىۋېتىپتۇ.

— دولقۇنلار، — دەپ پىچىرلاپتۇ كىمدۇر بىرى.

— ئوتلاقلار، — دەپتۇ بىراۋ.

— زەڭگەر گۈمبەزلەر

بۇ گەپلەردىن نېمىنىدۇر ھېس قىلغان ئۇستاز «پېشۋارى دىيار» دېگەن ئۇزۇن ۋە دەردلىك كۈينى چېلىشقا باشلاپتۇ.

— بۇ بىزنىڭ سەيھۇنىمىزغۇ، — دەپتۇ بىرى كۈي ئاخىرلاشقاندا.

— چېلىڭ ئۇستاز! بۇ كۈي بىزنىڭ فاراب باغلىرىنى نامايەن قىلدى!

— چېلىڭ، ئۇستاز!

بۇ سادالار فارابىيغا نالە - پەريادتەك ئاڭلىنىپتۇ. ئەمما، كېيىنچە ئەسىرلەر فارابىيدىن: «يۇرتىمىزنى نامايەن قىلىڭ، ئۇستاز!» دەپ ئىلتىماس قىلىدىغان بوپتۇ. ھەر ئاخشىمى نەي ساداسى ياڭراۋېرىپ ئەسىرلەرنىڭ يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈپتۇ. ئۇلار كۈي گۈزەللىكىدە نامايەن بولىدىغان ۋەتەنگە كۆنۈپتۇ. ئەمدىلىكتە ئۇلار يىغلىشىدىكەن، كۈلۈشىدىكەن، خىيال سۈرۈشىدىكەن... ئاخىر ئايەت — ۋابا تۈگەپتۇ.

جاھاننىڭ سەككىزىنچى مۆجىزىسى بىنا بولدىمۇ - يوق، بۇنى راۋىيلار بىلمەيدىكەن. ئەمما، ئىنسان قەلبىدىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مۆجىزىلەر مۆجىزىسى ئىكەنلىكى، ئىنسان ئۇنىڭسىز ئىنسان ئەمەسلىكى سىر بولمىسا كېرەك.

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)



جامالىدىن قاسىم (قازاقىستان)

# مەھمۇد كاشغەرى

(داستان)

## بىرىنچى باب

ئوپالدا يېتىپتۇ ھەزرىتى مەۋى،
كى موللام ئاتاپ ھەر زەيىفۇ قەۋى ① .
— ئا. نىزارىي

*

شاھى ئېھرام ②
ئۇلۇغ پاناھ، تاجىدار،
تاجىدارنىڭ ئەللەر ئارا داڭقى بار.
كاشغەر بۈگۈن ساھىبخانا شاھلارغا،
ئىران، كابۇل، ھىندى، ماچىن، چىنمۇ بار...
ئوردا ھەيۋەت،
ئالتۇن دەرۋازا ئوچۇق، كەڭ،
سۆلەت دېگەن سەردارلاردا باركەن دەڭ !
ھۆكۈمالار، ئۆلىمالار، ۋەزىرلەر،
يۈرتمۇ شادلىق كەيپىن سۈرۈپ كېلەر تەڭ.
ئاھ، كاشغەرنىڭ خۇشلۇقىنى قاراڭلار،
مۇنداق چاغدا تارىلار كۆپ پاراڭلار.
بار مېھرىنى داستىخانغا تۆككەندە،
بىلىنىدۇ تاتلىق تۇيغۇ، ئارامىلار... !
مېھمان كۈتۈش بۇ يۇرتقىلا خاس ئىشتەك،
پەقەت مېھمان بىلەن كۆڭۈل ـ دىل خۇشتەك.
چوكانلىرى ساپتۇ چاچقا چاچتەڭگە،
يىگىتلىرى يەلپۈنىدۇ بىر قۇشتەك.
بىزگە يەتكەن قەدىمىڭلار بولغاي قۇت،
ساھىبخانا سىلەر ئۈچۈن مۇشۇ يۇرت !
ھۆرمىتىڭلار باش ئۈستىگە، جانانلار،
ياندى دوستلۇق تۇپەيلىدىن دىلغا ئوت !
مېھمانلارنىڭ يۈرىكىنى ئۇققاندەك،
دېدى كاشغەر شاھى يېقىن تۇغقاندەك:
— شادلىقىمنىڭ مانا بۈگۈن چېكى يوق،
سىلەر بىلەن بولدۇم كۆككە ئۇچقاندەك.

*

— تۇلپار تەييار بەيگىلەردىن ئۆتەرگە،
تەييار ئۇلار قويۇپ بەرسە ئۇچارغا.
مەن ئويلايمەن جانابلارنىڭ يۈرىكى
تارتىپ تۇرار بولىدىغان شىكارغا.
كاشغەر شاھى سۆزلەر كۆڭۈل ئاچماق بوپ،
كۆڭۈلسىزلىك ئىشىكىنى ياپماق بوپ.
بۈركۈتلەرنى قوندۇرۇشۇپ قوللارغا،
ئولجىسىنى باياۋاندىن تاپماق بوپ.
— بەللى، بەللى !
تۇلپارلاردا چاپقايمىز،
راھەتلىنىپ يالادىن ئوق ئاتقايمىز.
كەلدۇق كاشغەر باغلىرىغا سەيلىگە.
بولسا ئەگەر جاپاسىنى تارتقايمىز !
ھەر تەرەپتىن چىقتى مانا شۇنداق ئۈن،
شاھلار ئۈچۈن شىكار دېگەن ئۇلۇغ كۈن.
قىزىق بولار شىكاردىكى جاپامۇ،
قىزىق بىزگە تونۇش ئەمەس دەشتۇچۆل !
— جانابلار!
كاشغەر باغرى كەڭ دىيار،
بۇ كەڭ دىيار خەلقىم بىلەن بەختىيار.
تىكەن كىرمەس بىر تاپانغا بىھۇدە،
سەۋەب ئەلگە ئۆزى سۆيگەن تەختى يار.
بۇلاقلارنى ساناپ بولالماس ئادەم،
ئاھ، دەريالار،
كۆللەر قەدەممۇ قەدەم.
كەم قىلماپتۇ كارامەتلىك تەڭرىمىز
سېخىيلىقتىن كاشغەر دىيارىنى ھەم.
— ئات سالغايمىز، — دېر قىزىقىپ شاھ قابىل،
يوغان بەستى شىرغا كېلەر تاقابىل.
مۇشۇ تاپتا ئۇ تەيياردەك تۇرىدۇ،

---

① چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش.
② كاشغەر خانى مۇھەممەد بۇغراخان.

شىكار ئۈچۈن بولسا ئەگەر ئايغا يول.
شۇ سەۋەبتىن بولدى ئۇلار ئاتلانماق،
بارغۇ كۈچلۈك ھەۋەستىنمۇ ئۇت يانماق.
ئۈچار تۇلپار
كېيىك قاچسا ئالدىدا،
قوغلاپ يۈرۈپ تاپقان راھەت،
ئاھ، قانداق ... !
تولىسىنىڭ ئۆمرى ئۆتكەن شىكاردا،
شاھلار ئامراق شۇ سەۋەبتىن شىكارغا.
بەزەن شىكار
پالۋان ئۈچۈن بىر سىناق،
ھەممە قادىر ئەمەس زەپەر قۇچارغا... !
شىكاردىمۇ بوپقالىدۇ قانلىق جەڭ،
شىكاردىمۇ يېڭىلمەك بار،
يەڭمەك دەڭ.
ھەسرەت بىلەن قايتار بەزى شىكارچى،
رەقىبىگە كېلەلمەستىن تەڭمۇ تەڭ.

*

يۈتۈپ قالدى يولغا چىقار مەزگىلمۇ،
مۇنداق ئىشنى كېچىكتۈرمەس ھەرگىزمۇ.
ھەممە شىكار كىيىمىنى كىيىپتۇ،
ئارغىماقلار، ئاھ، بۆلەكچە سەزگۈرغۇ!
تىنىپ تۇرماس بىر ئورۇندا تېپچەكلەپ،
بويسۇنمايدۇ يۈرگەنلەرگە يېتەكلەپ.
تۇلپارلار، ھە،
يارالغانمۇ تاقەتسىز،
ئۆتكۈسى بار تاغ ـ جىرادىن ئۇ سەكرەپ!
دەل شۇ تاپتا كاشغەر شاھى قاتتىق گەپ،
كەلگىنىدەك بۇ ئىش ئاڭا راسا ئەپ:
ـــ بىزنى باشلاپ بارغاي مەھمۇد شىكارغا،
ئىزباسارىم مېنىڭ مانا مۇشۇ، ـ دەپ.
تەزىم قىلدى ئۇ شاھلارغا ئېگىلىپ،
قالغىنىدەك نىيەتلەر بىر چىگىلىپ.
شاھزادىگە ھەۋەس بىلەن قاراشتى،
كۆزلىرىدىن دىلدىكىسى بىلىنىپ.
ـــ مۇشۇكەن ـ دە، ـ دېدى، ـ شاھلار شۇڭقارى،
مۇشۇكەن ـ دە، ماختىنارى، ئۇتارى.
مۇشۇكەن ـ دە، ئۇنىڭ يورۇق ئالەمدە
تەختى ئۈچۈن تىكلەپ قويغان چىنارى.
راستىنلا ئۇ كۆرۈنەتتى قامەتلىك،
ياراتقاندەك تۇرار تەڭرى ئامەتلىك.
ـــ ئات بېشىنى بىز ئويپالغا تارتقايمىز، ـــ
دېدى، ـــ ئويپال شىكار ئۈچۈن كەڭ، ئەپلىك.
شىكار بولغاي شۇ سەۋەبتىن ئويپالدا،
مولدۇر تەڭرى خىسلەتلىرى ئۇ جايدا.
تاغ، قايىراقلار ئارا تۇلپار سالغايمىز،
پاناھ بولغاي ئىشىمىزغا بىر ئاللا... !

*

يارىشىپتۇ تۇلپار مەھمۇد بەستىگە،
قويۇپ بەرسە ئۇ ئۇچۇشنىڭ قەستىدە.
كۈمۈش كەمەر،
قىلىچ ئەرنىڭ كۆركىكەن،
غۇرۇرى بار ئادەملەرمۇ باشقىـــدە... !
يۈرىكىدە جىق ئىش باردەك تۇغۇلغان،
تۇگۈچلەرنىڭ سىرىنى بىلىپ ئۇلگۈرگەن.
قۇرامىغا ئەمدى تولغان مەھمۇدنىڭ
شىكارغا باش بولارىنى كىم بىلگەن؟!

## ئىككىنچى باب

شىكارچىلار مۇنۇ دۆڭگە بولدى جەم،
(ئاتلىرىغا بەرمەك ئۈچۈن بوغۇز ـ يەم.)
ئەمما كاناي چېلىنماقتا توختىماي،
ئاۋازىدىن بىلىنەتتى ئەندىش ـ غەم.
ئۆزگىرىپتۇ شىكارچىلار تۇرقىمۇ،
كۆزلىرىگە ئېلىنماپتۇ ئۇيقىمۇ.
ئۆتمەي قالدى بەزى تۇلپار سىناقتىن،
كېيىك قېچىپ
يەتكۈزمەستىن ئوقىنمۇ.
شىكار گەشتى باشقىكەن ـ دە، بارىدىن،
شىكار دەردى باشقا تۇرمۇش دەردىدىن،
بەزىدە ئىش ئوڭدىن كەلمەي قېلىش بار،
مۇنداق پەيتنىڭ يۈكى ئېغىر ھەممىدىن... !
ئات چاپتۇرۇپ كەلدى مانا چاپارمەن،
(تېنىگەننى، يېتەكەننى تېز تاپارمەن.)
دەپ يۈرەتتى ئەزەلدىن ئۇ بۇ گەپنى:
«كىمگە ئازار يەتسە مېھرىم ياپارمەن».
دېدى، يىغدى كەتكەنلەرنى بارىگاھ،
شىكارچىلار ئۈچۈن ئارام سەيلىگاھ.
بىراق ماچىن شاھزادىنى تاپمىدۇق،
تاپالماستىن قايتتۇق بىزمۇ ھېرىپ، ئاھ!
تاپالمىدۇق ئاختۇرۇپ تاغ ـ قىيانى،
چۆل قالمىدى، قويمىدۇق يول ـ جىرانى.
تاپالمىدۇق ئىزباسارلار سېلىپمۇ،
ئوت قالدۇق بەلگە قىلىپ تۇرلارنى.
ـ بەس!
تۇرۇلدى شاھزادىدىن قوشۇما،
ـ بەس! ـ دېدى ئۇ،
ـ چاپارمەنلىك مۇشۇما؟!
ئىزدىگەيمىز، قومۇشلۇقلار قالمىسۇن،
ئىزدىگەيمىز، يولىمىز داۋان بولسىمۇ!
ماچىنلىقنى پۈتۈن ئىزدەپ تاپقايمىز،
ئۇنى تىرىك ئارىمىزغا قاتقايمىز.
شىكار دېگەن جەڭ مۇشۇنداق، بىراقكى،
ئەندىشىنىڭ ئىشىكىنى ياپقايمىز!
ئارغىماقنىڭ بېشى كەتتى قويۇلۇپ،
يولمۇ يوقتى قالغۇدەك ئۇ تورۇلۇپ.
بىر جىرادىن ئۆتكىنىدە شاھزادە،
ئارقىسىغا قاراپ قويدى بۇرۇلۇپ.
ـــ ئاۋۇ تۇزلەڭ توقايلىقتا كىرىپ باق،
توقاي چىگىچ كىرگەن چاچتەك قېلىن شاخ.
بەلكى يارىدار،
(تەڭرىم شەپقەت ئەيلىگەي)،
ئېلىپ چىققىن، بەختىمىزگە بولغاي ساق!
ـــ خوپ، شاھزادەم.
ئات ئىرغىدى تىكەنگە،
بويسۇنمىغان كەبى ئۇنىڭ ئىلكىگە.
ـــ بايقىغايسەن تۇزلەڭنى، ئويىنى،
كۆز سالغايسەن بۆرە، يىلپىز، تۈلكىگە.

ئات سېلىشتى ئۇلار ئېگىز قىياغا،
تاشلىق سايلار،
ئۆڭكۈرلەرگە، جىراغا.
ئۆتتى قۇرۇق توپىلىق دۆڭ، تۇزلەڭدىن،
ئات سېلىشىپ توغرا كەلگەن قىرلارغا.
ــ قاراڭلارچۇ!
ھەممە ھەيران قالدى جىم.
ــ قاراڭلارچۇ، بۇنى قوغلاپ كېلەر كىم؟
ھەيرانلىقنىڭ ئىلكىدىدۇر ھەممىسى،
بىر چوڭ ئۇلجا قېچىپ كېلەر يىراقتىن.
بىر چوڭ ئۇلجا قېچىپ كېلەر تۈزلەڭگە،
قوغلىغان كىم؟
كۆرۈنمەيدۇ كۆزلەرگە.
ــ ئاتمايمىزمۇ، ــ
دېدى بىرى يا ئېلىپ،
كېلىپ قاپتۇ رىزىق ئۆزى بىزلەرگە.
مەھمۇد قولنى كۆتۈردى «بەس !» دېگەندەك،
بۇ ئەھۋالنىڭ يىلتىزىنى بىلگەندەك.
ــ قېچىپ كەلگەن جانغا ھۇجۇم قىلمايمىز،
بوپقالامدۇ بۇ ئۆلگەنگە كۆلگەندەك !
كىم قوغلىدى، مانا شۇنى بىلگەيمىز،
ئاق ـ قارىنى كۆرۈپ ئىلغا قىلغايمىز.
رەقىب كېلەر بەلكى ئىزنى يېتۈرمەي،
رەقىب بولسا بىزمۇ يەڭنى تۈرگەيمىز.
ئارغىماقلار قۇشتەك ئۇچتى تۆۋەنگە،
بۇ ھەيۋەتلىك بىلىنەتتى كۆرگەنگە.
ئۇچۇپ چۈشتى قاناتلىق بىر شۇڭقاردەك،
ئوخشمايتتى يەرنى دەسسەپ يۈرگەنگە.
ئوخشمايتتى ئۇ شۇڭقارنىڭ چېپىشى،
ئەمدى تەسقۇ باشقىلارنىڭ يېتىشى.
مۇشۇ تاپتا ئىگە بولسا تىزگىنگە،
ئاسان ئۇلجا دۇشمەننى تېپىشى.
ئېگىز دۆڭدىن چۈشكىنىدە ئارغىماق،
بولغىنىدا چۆچۈپ كېتىپ قارغىماق،
تاش تېپىلىپ يۇمىلىدى تۆۋەنگە،
ئەتتەڭ... !

بۇنى غەپلەت دېسەڭ بولماس، ياق !
يولۋاس ئىدى ئارغىماقنى چۆچۈتكەن،
ھەيۋىتىدىن ئارغىماقنى ئۈركۈتكەن.
مەھمۇدنىمۇ دەس تۇرغۇزدى بۇ ئەھۋال،
بۇ بالانى،
بۇ دۇشمەننى كىم كۈتكەن؟ !
دەس تۇردى ـ دە، يولۋاسقا ئۇ بولدى تەق،
ئەمەستى بۇ ئەتراپىغا باقار ۋاق.
خىرىس قىلار ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ كەڭ،
كەلدى ئىككى پالۋانلارنى بايقار چاغ.
ھەيۋە قىلىپ تاتىلىماقتا يولۋاس يەر،
ئىككى پالۋان تۆكەر ئەمدى قانلىق تەر.
پالۋانلارغا خاس جەڭ بولار بۇ قېتىم،
سىنىلىدۇ بۇنداق جەڭدە كۈچلۈك ئەر.
ئىككى پالۋان بولدى مانا تۇتۇشماق،
بولدى ئۇلار غەزەپ بىلەن قۇچۇشماق.
قىلىچمۇ يوق ئەمدى مەھمۇد قولىدا،
بولدى ئۇلار يەر تىلغاپ بەل تۇتۇشماق !
مەھمۇد ئالدى مانا بىردىن تۇگۈلۈپ،
تۇتۇۋالدى كانىيىدىن ئۈلگۈرۈپ.
يەر تىلغاندى،
تاشلار قاڭقىپ بىردەمدە،
تۇيۇقسىزدىن قالدى مانا يۇكۈنۈپ.
يۇكۈنگەنگە قالغىنى يوق ئۆكۈنۈپ،
بەدەندىن تەر ئاقتى سۇدەك تۆكۈلۈپ.
ئېتىلغاندا يولۋاس بىردىن غۇلاپ تاش،
ئالدى تاغنى يۇلغىنىدەك كۆتۈرۈپ:
ــ مەدەت بۇغرا !
يۇلۇۋالدى ئۇ يەردىن،
يەرگە ئۇردى سىقىپ تۇرۇپ چىڭ گالدىن،
ھۆركىرىدى...
تىترىگەندەك بولدى تاغ،
ــ قۇتۇلمىسەن، ــ دەپ تېپچەكلەر ئۇ، ــ مەندىن.
سۇندى بېلى، تېخى ئۇ جان بەرمىدى،
يولۋاسقا تەڭ كەلگەن ئەر بوش ئەرمىدى؟ !
بىر يوغان تاش ئۆرۈلمەكتە ۋاي، ئەتتەڭ !

بۇ كۆرەشتىن تاغ، چوققىلار تەۋرىدى.
تولۇپ كەتتى ئەتراپ گۈلدۈر ـ قاراسقا،
قۇشلار ئۈركۈپ،
قاراپ مۇنۇ تالاشقا.
ئىككى پالۋان ھەيۋىتىدىن ھەيران مەن،
يەر تىلغىنىپ تەگدى تاشتىن تاش تاشقا!
تۇرمايدىكەن يولۋاس دېگەن خىرقىراپ،
ئۇنچىقماسكەن پالۋاندىن، بىل، چىرقىراپ.
كۈچ بىلەن قول پاتقىنىدا كانايغا،
ئىككى كۆزى سىرتقا چىقتى چاچراپ... !

*

خېلى ئۇزاق قاپتىكەن ـ دە، شاھلارمۇ،
بۇ يۇرۇشتە ئاقساپتۇ كۆپ ئاتلارمۇ.
شىكاردا دوست بولۇپ كېتەر مۇشۇنداق
ئاتقا ئادەم،
دىلغا يىراق ياتلارمۇ.
ئۇچقۇر ئاتلار كەلدى مانا يېقىنلاپ،
قانلىق كۆرەش بولغان يەرنى بېقىنلاپ.
شاھنىڭ بىردىن ئۆڭگى ئۆچۈپ بارماقتا،
قىلىچىنىڭ دەستىسىنى سىقىملاپ !
يولۋاس ياتار ئىدى قانغا مىلىنىپ،
يولۋاس ياتار كۆكرىكىدىن تىلىنىپ.
مۇشۇ تاپتا شاھزادىنىڭ قامىتى
تۇرار مەغرۇر چىناردەك تىك بىلىنىپ !
ــ ئاپىرىن شاھ !
ــ ئاپىرىن شىر يۈرەككە !
ــ شاھلار ئۇچۇن شۇنداق ئوغۇل كېرەك ـ دە.
شىكارچىلار ھەۋەستە كۆز تىكىشتى،
ــ شاھ بالىسى دېگەن مانا بۆلەك ـ دە... !
دەل مۇشۇ چاغ يېتىپ كەلدى بىر چاپار،
(شىكاردا دەرد، شادلىق بولسا بىر تارتار.)
ئۇ ئېتىغا ئارتىۋاپتۇ بىرىنى،
ــ كىم بولدى بۇ؟
ــ توختاڭلارچۇ، بىر گەپ بار!
ھەممە ھەيران شۇ تەرەپكە باقتى كۆز.
ــ ماچىنلىققۇ !

ئەندىشىدە قاتتى سۆز.
چايىنىلىپتۇ ئۇنىڭ قول ۋە پۇتلىرى،
تونۇغۇسىز بوپ كېتىپتۇ گۈلدەك يۈز...!
«ھە» دېيىشتى شاھلار قەلبىنى ئوي قاپلاپ،
شاھلار ئويىنى مۇشۇ تاپتا ئوي ئاتلاپ.
قىلغانمىكىن ماچىنلىقمۇ قىسقا جەڭ،
مەھمۇدتىن ئۇ قۇتۇلماپتۇ يەر تاتلاپ!

## ئۈچىنچى باب

قۇمباغ كۆكسى مېھمان بىلەن بولدى بەند،
(«قۇمباغ» دېگەن باغ ـ ۋارانلىق گۈزەل يۇرت.)
شىكارچىلار گۈزەل يۇرتنىڭ مېھمىنى،
راھەتلىنىپ بۈگۈن ئاخشام چاقار قەنت.
چىقار مۇنداق جايدا بولسا دىلدا دەرد،
دەردنى گۈزەل جايدا ساقلاش ئۆزى سەت!
قاراڭلارچۇ، تەبىئەتنىڭ ھۆسنىنى،
ئىنسان ئۈچۈن قانچە سېخىي،
قانچە مەرد!
خۇددى ياساپ قويغاندەكلا سەيلىگاھ،
مۇنداق ئېسىل زېمىن يەنە نەدە بار؟
تاغ سۇلىرى چۇقان سالار شارقىراپ،
جەننەت دېگەن مۇشۇ يەردە ئىكەن، ئاھ..!
*
ئاقار ئىدى چوڭ ئۆستەڭ باغ ئايلىنىپ،
كېتەلمىگەن كەبى باغدىن ئايرىلىپ.
مەپتۇن بولۇپ شىكارچىلار توختاشتى،
يان ـ يېنىغا تويماي قاراپ، قايرىلىپ.
قالغىنىدەك ئۆزلىرىمۇ يېنىكلەپ،
چۈشكەندى سۇ بويىنى كۆرۈپ ئەپ.
ئىشلار ئۆتكەن كەلسە شۇنداق ئۆتۈشەر،
قونغان يەردە بۇغا بىلەن كىيىك يەپ...
*
ئاھ، بۇ يۈرەك ئامراق كېلەر ھەۋەسكە،
ئىلاجى يوق ھەۋەسكە دىل بەرمەسكە.
قايناق قەلب پاتمايدۇ ئۆز قىنىغا،
ئىلاجى يوق كۆڭۈل قانات كەرمەسكە.

شۇڭىمىكىن،
مەھمۇدمۇ باغ ئارىلاپ،
ماڭدى ئاستا بۇ ئەتراپنى چارلاپ.
يۈرەك، يۈرەك..
جۇش ئۇرماستىن قويامدۇ،
تۇرسا سۆيگۈ دىل تارىدىن تار ئۇلاپ.
كۆز ئۈزمىدى ئۆزۈملۈك بوك باراڭدىن،
خالىي ئىدى مۇشۇ تاپ ئۇ پاراڭدىن.
ياقتۇرمايدۇ مۇنداق چاغدا كۆڭۈلمۇ
بىرەر سۆزمەن چېقىشىنى ئاراڭدىن.
بولىدۇغۇ، مۇڭدىشار چاغ دىل بىلەن،
بولىدۇغۇ، سۆزلىشەر چاغ تىل بىلەن.
ئېيتقىن كۆڭۈل،
شۇنداق سەينا دۈچ كەلسە،
دىلكەشلىكنى قىلار ئىدىڭ كىم بىلەن؟!
تامسىز باغلار رىشتىدىن ھېچ كېچەلمەي،
خېلى ئۇزاق ماڭدى يېنىپ كېتەلمەي.
خېلى ماڭدى بۇ ئەتراپتىن ئۈزمەي كۆز،
ياش قەلبتە يانغان ئوتنى ئۆچۈرمەي.
ئانارلىق باغ،
كۆز دېگەننىڭ مەيلى بۇ،
ئىختىيارنى كۆزگە بەرسەك مەيلىمۇ؟
بىر قىز ئانار ئۈزەر سېۋەت تولدۇرۇپ،
ئانارنى قىز،
قىزنى ئانار دەيلىمۇ؟
قىزىللىقى بار ئانارنىڭ مەڭزىدە،
ئانار خىجىل قىزغا قاراپ بەرگىدە.
لەۋلەر تېمىپ تۇرار كۆزلەر،
ئاھ، بۇ كۆز،
بىر قاراشتا بەرگىنىدەك قەرزگە.
مەپتۇن قىلار ئاڭا تويماي قارساڭ،
مەپتۇن قىلار قاراشقىلا يارساڭ.
باغنىڭ ھۆسنى مۇشۇ قىزدەك بىلىنەر،
قىز گۈل بولسا،
سەن بۇلبۇلدەك سايرساڭ.
كەتمەستىن قىز

ئانارلاردىن چەتلىشىپ،
قويىدۇ بىر بوۋاي بىلەن گەپلىشىپ.
ئانار ئۈزۈپ قىز كېيىنگە قايرىلدى،
مەھمۇد بىلەن قالدى مانا بەتلىشىپ.
«لەپ» قىلىپ قىز كىرپىكتىن ئوق ئاتقاندەك،
بولدى شۇ ئوق دەل يۈرەككە پاتقاندەك.
مەجرۇھ يىگىت كىرپىك ئوقى زەربىدىن
بىلىنەتتى كۆكرەك تۇتۇپ ياتقاندەك.
قىزلار، قىزلار،
مەرگەن ـ دە، يار چېنەشكە،
سالغان بىلەن يەرگە قاراپ بىلمەسكە.
قاراپ تۇرۇپ مەجرۇھ بولدى شاھزادە،
مەجرۇھ بولدى بىراق مەڭگۈ ئۆلمەسكە...!

## تۆتىنچى باب

قىلىچلىشار ياشلىرى تەڭ باللار،
مانا بۇنى ئەڭ قۇدرەتلىك جەڭ دەڭلار.
ئىككىسىنى بىرى يېڭىپ بارماقتا،
قىلىچلاردىن ئوت چىقماقتا، يا ئاللا!
ئىككى قىلىچ ھەربىرىنىڭ قولىدا،
ئىككى رەقىب يەكمۇيەك بولار ئويىدا.
ئولتۇرىدۇ شاھ كۆزىنى ئۈزمەستىن،
كىم ئۇتاركىن دەيدۇ ئۇ بۇ ئويۇندا.
قىلىچ چۈشتى مانا بىرىنىڭ قولىدىن،
ئاجرالدىمۇ ئۇ تۇيۇقسىز دولىدىن.
داجىپ كەلدى ئىمدى مۇنۇ «باتۇرمۇ»،
ئەنسىرەيدۇ تېنىگەندەك يولىدىن.
ـ جەڭ توختىسۇن، شاھىم،
بولدى قىلغايلا!
شاھىم، ھېرىپ قالدىمىكىن قىرانلار؟!
ئەندىشىدە ۋەزىر رەڭگى ئاقاردى،
ـ شاھىم، ـ دېدى، ـ ئىمدى رەھىم قىلغايلا!
ـ بەس! ـ دېدى شاھ مەغرۇرانە يۆتىلىپ،
ـ بەس! ـ دېدى ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.
رەڭگى ئۆچكەن ۋەزىرگە بىر باقتى ـ دە،

رەنجىگەندەك ئالدى بىردىن يۈتىلىپ.
ـ سىناق پۈتتى !
شاھ چاقىردى مەھمۇدنى،
شاھ چاقىردى كۆيۈۋاتقان بىر ئوتنى.
چاقىرغاندەك بولدى گويا مۇشۇ تاپ،
ئۆز پەرزەنتى بىلەن ھەممە ئەل ـ يۇرتنى.
ـ بارىكاللا ! ـ
دېدى ۋەزىر، ـ تەسەننا، ـ
شاھزادەمگە پاناھ بولغاي بىر ئاللا !
باشقا قىلىچ ئېلىشمىغاي، ھە، شاھىم،
باشقا قىلىچ ئېلىشمىغاي تەڭداشلار!
ـ بۇ بىر مەشىق،
بۇ دەسلەپكى نىشانە،
كۆپ ئىش كۈرەر ئامان بولسا پېشانە، ـ
دەپ مەھمۇدقا يېقىنلىدى ھۆكۈمران،
ـ قىلىچىدىن ئامەت كۈتمەس مەردانە... !
ئىلىم ئۈچۈن قىلغىن بالام ھازىرلىق،
ئىنسان ئۈچۈن باشقا نەرسە ئارتۇق.
ئالىملىقنى ئاسراپ ئۆمرى ئۆتكەن بار،
بىردەمدىلا تېپىلار دىل قارىلىق !
بىر ھېكايەت بولغان قىلىچ توپەيلى،
(قىلىچ تۇتۇش ھەركىمنىڭغۇ ئۆز مەيلى.)
ئاڭلا بالام، يۇرتىڭگە يۇكۇپ قوي،
يۇرت بېغىدىن بىھۇدە گۈل ئۈزمەيلى.
قارلۇقلارنىڭ پادشاھى ھۆكۈمران
دەپ، خەلقتىن تارتىۋالار مۈلكۈم بار،
قىلىچ بىلەن ئۇ ھۆكۈمنى تىكلەپتۇ،
سەردارلارغا ئېيتىپتۇ: قان تۆكۈڭلار !
بىرمۇ ئەلنىڭ بىلىمدارى قالمىسۇن،
بەس، ئەقلىنىڭ شامى ئارتۇق يانمىسۇن.
باشلىرىنى ئۆتكۈر قىلىچ يوقلىغاي،
ئىزى ئۆچسۇن،
بۇ دىياردا ماڭمىسۇن !
شۇنداق قىرغىن بوپتۇ تىرىك يۇرگەنگە،
قاراشقا كۆز ماغدۇرى يوق ئۆلگەنگە.
بىرمۇ كىتاب دەرگاھىنى قويماپتۇ،
ئۆلۈم كەپتۇ ئىلىم ئىزدەپ يۇرگەنگە.
قىلىچ بىلەن شاھ تەختىنى تۇرغۇزۇپ،
مۇنارلارغا ئوت قويۇپتۇ بوزغۇزۇپ.
قىلىچ بىلەن باغ ـ ۋارانلار كۆيۈپتۇ،
ئاپتۇ گۇللەر يىلتىزىنى يۇلغۇزۇپ.

*

ئىلىم، ھۇنەر چىققان چېغى دەل يوقىقا،
مەسچىت سالماق بولۇپ قاپتۇ شاھ يۇرتقا.
ئۇستا يىغسا چىقمىغۇدەك ئىچىدىن،
چىقمىغۇدەك مۇشۇ ئەلدىن بىر ئۇستا.
شاھ تىپىرلاپ چاپتۇرۇپتۇ ئارغىماق،
قىلىچ بىلەن بوپتۇ ئۇستا تاللىماق.
بىنا ئۈچۈن يىغىپ مىڭلاپ خەلقنى،
بوپتۇ كېسەك قويمىغاننى چانىماق.
تام قويۇپتۇ بىلگىنىمۇ، بىلمىگەن،
تام قويۇپتۇ كۆرگىنىمۇ، كۆرمىگەن.
خۇددى مۇشۇ تەڭشەلمىگەن ئالەمدەك،
كۆرىدىكەن تالاي ئىشنى ئۆلمىگەن... !
خەۋەر كەپتۇ:
ـ شاھىم، مەسچىت پۈتتى، ـ دەپ،
تەشۋىش ئىچرە ئەل ئۆزىنىڭ غېمىن يەپ.
جانابلىرى مۇبارەكبات نامىلىرىن،
نامى قىلدى،
بۇ نام بولدى راسا ئەپ !
شاھ قارىسا بىنا قىڭغىر،
ـ يا ئاللا !
قېنى قىبلە؟ !
كۆن چىقىشچۇ، يارانلا !
بايىقالمىسا تائەت ئۈچۈن قىبلىگاھ،
كەچۈرمىگەي بىزنى ئەمدى بىر ئاللا !
قىڭغىر بىنا قۇرغانلارنى قىرغايمەن،
ئەل ئىچىدىن يەنە ئۇستا تىلغايمەن.
قىلىچ ھۆكمى بىلەن مىڭلاپ باش كېسىپ،
ئىمارەتنى مەن باشقىدىن قۇرغايمەن.
ـ ھەق جانابىي ئالىيلىرى، ھۆكۈمدار،
يۇرت ئىچىگە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكمى يار.
بەكمۇ مۇشكۇل يەنە بىنا قۇرماقلىق،
باشلىرىدا تۇرسا قانلىق قىلىچ، دار !
يۇرت بېلىمنى ئالمايلى، شاھ، بىز پۇكلەپ،
ئېغىرىنى ئارتىپ باقاي مەن يۈكلەپ.
مەلىمىزنىڭ چېتىدە بىر كىرچى بار،
تىلىكىمنى ئېيتىپ باقاي مەن تىلەپ.
ـ كىرچى دەمسەن؟ ـ
ئالىيىپتۇ كۆزلىرى،
ـ كىرچى بولغان بىلەن ئوخشار خىزىرغا.
ـ مەيلى ئېيتقىن، ـ
دەپتۇ ـ دە، شاھ ۋارقىراپ، ـ
قايتا مەسچىت قۇرۇپ بەرسۇن ئۇ بىزگە.
شەھەر چېتى...
تۇرار بىر ئۆي دۇمچىيىپ،
قالغىنىدەك كۆرۈنىدۇ شۇمشىيىپ.
كىرچى بوۋاي مۇشۇ ئۆيگە تەڭتۇشتەك،
ئولتۇرۇپتۇ جاينامازدا مۈكچىيىپ.
ۋەزىر كىرىپ كەپتۇ قولنى قوۋۇشتۇرۇپ،
كىرچى بوۋاي ئالدىدا ئۇ تىك تۇرۇپ.
ـ خۇدا رەھمەت قىلغاي مۆمىن بەندىگە، ـ
دەپتۇ كەلگەن مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپ، ـ
ئەل بېشىدىن ئەگىپ يۈرەر بۇ گۇمان،
يىتمەي شاھنىڭ يۈرىكىدىن شۇم تۇمان.
ئوڭلانمىغى كېرەك مەسچىت، ئەللامە،
ئوڭلانمىسا شەھەر بولۇر بىر خۇمدان.
ـ بەس !
يېتەرلىك، ـ
دەپتۇ كىرچى ئويلىنىپ،
قايتا قىرغىن بولارىنى ئۇ بىلىپ.
ئاللا مەدەت،
بىر تەڭنىنى يۆتكەپتۇ،
ـ ئامىن، ـ دەپتۇ سۆزى سۆزگە ئۇلىنىپ.
ـ ئامىن، ئەمدى مەسچىتىڭگە بېرىپ باق،
ناماز خۇپتەن بولۇپ قالدى، چىراغ ياق.
ساخاۋەتتىن يورۇغاي ئاق پېشانەڭ،
يۇرت قايغۇسى سەندە بولغاي مۇشۇنداق... !

*

ـ مانا بالام، ـ دېدى ـ دە، شاھ مەھمۇدقا،
ھېكايەتتىن كۆيۈۋاتقان بىر ئوتقا.
ئەللامىنىڭ قۇدرىتىنى كۆردۈڭمۇ؟
كارامىتىن كۆرسىتىپتۇ بۇ يۇرتقا.
كارامىتىن كۆرسىتىپتۇ ئىلىمنىڭ،
ئۆيلىرىغا كەلمىگەن ئىش ھېچكىمنىڭ.
بىر ھەيۋەتلىك مەسچىت پۈتۈپ قاپتۇدەك،
ئۇنى سۆزلەش ئۇچۇن كۈچى يوق تىلىنىڭ.
بۇغۇ ئەلنىڭ ئىچىدىكى ئەپسانە،
ئەپسانىگە قاراش كېرەك ھەققانە.
قىلىچ بىلەن تۇنگە چىراغ يېقىش تەس،
بولسۇن، بالام، دىلىڭ ئەلگە غەمخانە... !

## بەشىنچى باب

پېشانىسى كۈن تەپتىدىن يالتىراپ،
كېتىپ بارار مۇنۇ يىگىت ئالدىراپ.
ئويچان كۆزلەر ئاختۇرىدۇ كىمنىدۇر،
نېمىشقىدۇر قالدى بىردىن ئاستىلاپ.
ھە، ئاستىلاپ قالدى يىگىت قەدىمى،
ئۇچرىغاندەك ئىزدەپ كەلگەن ئادىمى.
كىتاب سېتىپ ئولتۇرار بىر مويسىپىت،
تەگمەكچىمۇ كىتابپۇرۇش ياردىمى.
كىتابپۇرۇش كىم بىلەندۇر گەپلىشەر،
(گەپ ئاستىنى دەيدىكەنغۇ گەپ تېشەر.)
بايقىمىغان بىلەن مۇنداق يەرلەردە،
گادا بىلەن بەزى ئۇلۇغ بەتلىشەر.
ــ سالام، ئاتا !
ــ ئۇ شاھزادەم بار بولغاي.
پېقىرنىڭ غەم ـ قايغۇلىرى ئۇنتۇلغاي.
ــ رەھمەت، ئاتا، ساقلىقلىرىن بىلگەيمەن،
ــ شۈكۈر، تەڭرىم ئۆمۈرلىرىن گۈل قىلغاي.
ــ مەن ئويلايمەن، جانابلىرى ئىزلەندى،
ــ شۇنداق، تاپتىم كىتاب ساقلاپ يۈرگەننى.
بولغانىدى دەرۋىش بۈگۈن كەلتۈرمەك
بەلكى سىلى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەننى !

ئاڭلىغانتىم، دەرۋىش كىتاب كۆرمەسمىش،
كىتاب غېمىن ئەزەلدىنلا يېمەسمىش.
ــ بىراق، ئاتا، دەرۋىشلەرنىڭ غېمىنى
بۇ دۇنيادا ھېچبىر ئىنسان بىلمەسمىش... !
كېلىپ قالار كىتابىنى ساتقىلى،
كېلەر بىزگە ئۆيى بولسا قاتقىلى.
جەڭدىن قېچىپ يۈرگەن بىلەن ئۇ مۆمىن،
ئېغىرلىقنى كېلەر بىللە تارتقىلى.
مۇشۇ مەزگىل يەر تېگىدىن چىققاندەك،
يەر ئاستىدىن بۇ سۆھبەتنى ئۇققاندەك،
پەيدا بولۇپ قالدى ئېگىز بىر دەرۋىش،
قولدا ئەلەم تەشۋىشنى تۇتقاندەك.
ــ ماشايىخلار،
قاناتلىقلار، قاناتسىز،
بۇپ ئۆتمىگەي شاھزادەمۇ ئامەتسىز.
يا غەۋس !
شاھ پەرزەنتىگە بىر سالام،
كۆيۈپ كېتەر ئىنسان شەپقەت، سايەڭسىز،
ــ دېدى دەرۋىش بىردەم ئېگىپ بېشىنى،
شامال يەلپۈر چىگىش كىرگەن چېچىنى.
ــ بېجىرگەنسەن؟ ــ
كىتابپۇرۇش دەرۋىشتىن
سوراپ قالدى ئېگىز قىلىپ قېشىنى.
ــ ئىشەنمەسلىك، ــ دېدى، ــ دىلغا ئاتقان تاش،
دەرۋىشلەرگە بەرمە بوۋاي زەھەر ئاش !
ئۇ قوينىدىن ئىككى كىتاب چىقىرىپ،
ــ مانا، ــ دېدى،
مۇنۇ بولسا دەرد ـ تالاش !
ــ مانا، ــ دېدى ـ شاھزادەمگە تۇتقىنىم،
ـ مانا، ــ دېدى، ــ بىر يۇرتلۇقۇم، تۇغقىنىم.
شاھزادەمنىڭ كۆڭلىدىكى شۇ بولسا،
ئىككى ئالەم بولار بەخت قۇچقىنىم... !
ئىككى كىتاب تۇرار دىلغا ئوت يېقىپ،
تەلپۈنەتتى كىتابلارغا ئۇ بېقىپ.
مەھمۇد ئۇچۇن بۇ كىتابلار يالقۇنى
تەڭداشسىز بىر نۇردەك تۇرار كۆز چېقىپ.

تەڭداشسىزدۇر ـ ھە، مەھمۇدقا بۇ كىتاب،
تويۇقسىزدىن چۈشكىنىدەك نۇر ـ ئاپتاپ.
كۆزلىرىگە ئۇنى ئاستا سۈركىدى،
ئاھ، ھاياتقا كەلدى شۇندا بىر خىتاب:
«نېسىپكەن ـ دە، بۇنى ماڭا كۆرمەكلىك،
نېسىپكەن ـ دە، كۆزلىرىمگە سۈرمەكلىك.
تەڭدىشى يوق،
ئىلىم ئۈچۈن بىباھا
كىتاب نېسىپ بوپتۇ ئوقۇپ بىلمەكلىك... »
مۇددىئادىن چىقىپتۇمۇ شاھزادەم،
(مۇددىئاغا يەتمەكمۇ تەس ئادەم) !
سوراپ قالدى كىتابپۇرۇش تاقەتسىز:
ـ تېگىپتۇمۇ ئاز بولسىمۇ بىر ياردەم؟
مەھمۇد ئاستا كىتابلارنى ۋاراقلاپ،
نېمىنىدۇر دىلغا پۈكەر ئۇ يادلاپ.
ـ بىراھىمى تىلىدىكى ئاتالغۇ، ــ
ئېكەن دېدى خوشاللىقتىن سۆز باشلاپ،
ـ يەنە بىرى
ئاتالغۇلار بەلگىسى،
تاۋۇشلارنىڭ يىغىندىسى، مەنىسى.
بىردە قايغۇ ئاتا قىلىپ بەندىگە،
بېرىدىكەن خوشاللىقنى تەڭرىسى.
ــ دەرۋىش ئاتا، كىتابقا نە ئالۇرسىز؟
دەرۋىش دېدى:
ــ كىتابلىرىم باھاسىز.
ــ ئۇنداقتا نە بېرەرىمنى بىلمەيمەن،
ــ يا غەۋس،
بەندە قالسا يامان ئامالسىز.
دەرۋىش مېڭىپ كەتتى ھاسا تايىنىپ،
مېڭىپ كەتتى شاھزادىدىن ئايرىلىپ.
ــ يا غەۋس !
دېدى بىر دوقمۇشقا يەتكەندە،
قاراپ قويدى مەھمۇدلارغا قايرىلىپ.
تەڭرى سالغان بىلەن جاھان كەزمىشكە،
نېمە ئۈچۈن بار ھازىر مۇشۇ دەرۋىشتە؟
بەلكى قويدى كىتابلىرىن ئامانەت،

ھە، ئەمدىكى ئۇلۇغ مەقسەت ـ گەپ بىزدە !

*

تۇيۇقسىزدىن چىقىپ قالدى غۇلغۇلا،
غۇلغۇلىنى چىقارغۇدەك كىم بولار؟
بىر تۇتقۇننى ھەيدەپ كېلەر توپ ئاتلىق،
نېمە قىلغان ئادەمدۇر بۇ شۇنچىلىك؟
چىڭ باغلاپتۇ،
ساپتۇ ئاتنىڭ ئالدىغا،
(دۇكاندارلار ئالدى ئۆزىن دالدىغا.)
كۆك سەللىچان،
ئاپئاق ساقال بۇ ئادەم،
كەلمىگەنتى ئېخى ھېچكىم يادىغا.
توپ ئالدىدا ماڭار نوچى بىر سەردار،
كىم بىلىدۇ سەردارغا ئۇ قەرزدار.
كىم بىلىدۇ مۇشۇ ئادەم ئۈستىدىن
پادىشاھقا يېتىپ قالغان ئەرز بار!
ئوراپ ماڭار قاراۋۇللار يېلىنىپ،
ھېچكىم سوئال قويالمايتتى پېتىنىپ.
جان دېگەن ــ ھە،
بەزىلەرگە بەك تاتلىق،
دۇكان تاقاپ ئالغانلار بار بېكىنىپ.
ھەممە ھەيران،
تۇيۇقسىزدىن ئېتىلىپ،
ئالدى مەھمۇد ئاشۇ توپقا قېتىلىپ.
ــ توختا !ــ
دېدى ئالدىدىكى سەردارغا،
ــ توختا !ــ دېدى كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ.
سەردار ھاڭ ـ تاڭ
كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشقا،
شاھزات تۇرار چۆشمەكچىدەك چېلىشقا.
نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى، ئەجەب ئىش،
كىم ئەۋەتتى ئۇتتۇرىغا سېلىشقا؟
ــ خىزمەت، شاھزات !
ــ بۇ نە قىلمىش، نىچۈك ھال؟
كىم بۇ زاتنى مۇشۇ ھالغا دېگەن سال؟
يەش قولىنى، رەنجىپتۇغۇ ھەببىي،

بوپ قاپتۇمۇ ئىلىم ئۈچۈن بۇ يۇرت تار؟
بېجىرىلدى باش ۋەزىرنىڭ پەرمانى،
پېقىرنىڭ يوق پەرمان بۇزار دەرمانى.
ــ مانا ئالغىن !
بىر خالتا پۇل تاشلىدى،
ــ ھەل بوپ قالار سەردارنىڭمۇ ئارمانى.
سەردار پۇلنى ئالدى لېۋىن تامشىتىپ،
سۇرلۇك يۈزگە قالدى كۈلكە يامىشىپ.
پەرمان بىلەن يېشىلدى پۇت، قوللىرى،
ئالدى ھەسرەت بىلەن شاتلىق ئالمىشىپ.
ــ بۇ كىم بولدى؟ ــ
دەپ سورايتتى خالايىق،
خانلارغىلا پەقەت مۇنداق ئىش لايىق.
ـ كىم بولدى ـ ھە؟
پۇت ـ قوللىرى ماتالغان،
سەردار ئۈچۈن ئىش قىپ قويغان نالايىق؟
ــ كىم بولاتتى پۇت ـ قوللىرى باغلانغان،
كىم بولاتتى ئۆلتۈرمەككە چاغلانغان.
موللا شەيخ ھەببىيغۇ،
ــ يا ئاللا... !
ــ نە سەۋەبتىن بۇ زات قەلبى داغلانغان؟
ــ ئالىم ئۇستاز ئىدى بۇ زات ئۆلىما،
ــ ئۆلىمانىڭ يەتكەن كۈنى مۇشۇما؟
ـ قويۇڭلارچۇ، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇدەك،
شاھزادىگە ئۇچراپ قاپتۇ ھېلىمۇ!
ــ ھە، مەھمۇدمۇ؟ !
ــ نۇرلۇق شۇڭا چىرايى.
ــ بۇ بالىغا پاناھ بولغاي ئىلاھى !
ــ شاھزادىمىز مۇنداق ئىشقا ئەزەلدىن،
بوپ كەلگەنغۇ يارۇ يۆلەك، پىدائىي.
ــ ئامىن !ــ دېدى خەلق توپى گۇررىدە،
ئولتۇرغانلار تۇرۇپ كەتتى گۇررىدە.
ــ ئۆزى پاناھ بولغاي تەڭرىم، خالايىق،
ــ ئامىن !
ــ ئامىن !

ياڭرىغان چاغ ئۆرىگە،
ــ يا غەۋس !
دەپ ئاۋاز كەلدى يىراقتىن،
ئۆچمەي قالغان كەبى دەردۇ پىراقتىن.
ــ كىتاب نەرخى مانا مۇشۇ، ــ دېدى ئۇ،
بۇ سۆز كەتمەي قالدى شۇئان قۇلاقتىن.
ئەلمۇ ھەيران،
دەرۋىش نېمە دەپ كەتتى،
كىمدىن رەنجىپ،
كىم غېمىنى يەپ كەتتى؟
مەھمۇد قەلبى كۆيمەكتىدى، ئەجەب ئىش،
ــ ھەق، يا ئاللا !
ئۇ يىراقلاپ كەتكەنتى...

## ئالتىنچى باب

ئىككى كىشى سۆزلەر قىلىپ ئېھتىيات،
باردى ئۇلار سۆزلىرىدە ئېتىقاد.
ئىككى كىشى سۆزلىشەتتى پىنھاندا،
بىر ـ بىرىگە قىلىشىپ ھەم ئىلتىپات.
ــ قاچانغىچە ئەندىشىدە يۇمماق كۆز،
نېسىپمىدى بىزگە ھامان پىنھان سۆز.
قىلغان ئىشىڭ چىقتىمۇيا پۇچەككە،
ئېيتقىن، ۋەزىر، ئارلاشقانمۇ قارا يۈز؟ !
ــ پەرۋەردىگار پاناھىدا ساقلىغاي،
پەرۋەردىگار دىلىمىزنى ئاقلىغاي!
يېقىن كۈندە بىز مەقسەتكە يەتكەيمىز،
مەلىكىمىز بالدۇر قانات قاقمىغاي!
ئوردىدا بىر چوڭ زىياپەت بولماقچى،
ھەشەمەتلىك ساراي شۇ كۈن تولماقچى.
تەخت تاپشۇرۇش...
ــ نېمە، نېمە؟
قايتىلا،
ــ شاھ تەختىنى چوڭ ئوغلىغا سۇنماقچى!
ــ شور پېشانەم،

رەڭگى بولۇپ قەغەزدەك،
مەلىكىگە بۇ تارتقۇلۇق بوپ ئازدەك.
ئازابلاندى ئارمانلىرى ئۆرتىنىپ،
تېپىرلايتى تورغا چۈشكەن بىر غازدەك.
— ئاھ، تىلەكلەر،
تاپمىدى - دە، ئېپىنى
ھالسىز لەۋلەر مىدىرلار قىپ گېپىنى.
— گۈل ھۆسنىڭىز پۇچۇلمىغاي، مەلىكەم،
ئۇنتمايلىمۇ ئەمدى پالتا سېپىنى؟
— قانداق پالتا؟
ئەرۋاھ روھى ئۇردىمۇ؟
يا ئىشەنگەن ئۆتكۈر قىلىچ سۇندىمۇ؟
جاۋاب ۋەزىر،
نەدە قالدى باتۇرلۇق؟
يا يانچۇقۇڭ باشقا ياندىن تولدىمۇ،
باش ۋەزىرىم، —
دېدى خېنىم ئەركىلەپ،
باش ۋەزىرنىڭ يۈرىكىنى نەق چېنەپ.
بوسۇغىدا تۇرغىنىدا تەقدىرلەر،
ئالغىنىمىز تۈزۈك بىر ئىش بەلگىلەپ.
— مەلىكەمنىڭ بۇيرۇقىدا بولغايمەن،
ئېھتىياتلىق بىلەن قەدەم قويغايمەن.
بولىدىغان زىياپەتتە ئىشىنىڭ،
پىيالىگە ئۆزۈم شاراب قۇيغايمەن!
تائاملارغا سېلىنار جان ئوغىسى،
مۇشۇ بولار تەختى راۋان سوۋغىسى.
مەلىكىمىز مەدەت بېرىپ تۇرسىلا،
قالغان ئىشنى مەن قىلارمەن توغرىسى... !
— لەشكەرلەرچۇ؟
قاراۋۇلبەگ، مىرشاپلار؟
كېيىن پۇشمان يەپ قالمايلى دەپ «ئاپلا!»
— قاراۋۇلبەگ سىقىممىغا ئېلىنغان،
سىقىممىدا ئەمەلدارلار بار ساپلا!
— ئەمەلدارلار
بىز تەرەپكە ئۆتكەنمۇ؟
ئەمەلدارلار بىزنى ۋەزىر كۈتكەنمۇ؟
— شۇنداق خېنىم،
زەھەر سۆزى مەھمۇدنىڭ
تۇغۇلغاندىن بېرى بىزدىن يېتكەنمۇ؟
تۇنۇگۈنلا سەردار ئوغلى يېدى تاش،
مېنىڭدىنمۇ ئاقتى، خېنىم، رەنجىپ ياش.
ئەپلاتوندىن،
سەييارىدىن قىلىپ گەپ،
زەھەر بىلەن ئالماشماقتا تاتلىق ئاش.
سەردار تەييار
تەختنى ۋەيران ئەتمەككە،
سەردار تەييار مەقسىتىگە يەتمەككە.
ئەمەلدارلار شۇ سەۋەبتىن بىتەرەپ،
چىدالمايمىز ئەمدى ئارتۇق زەخمەتكە!
ھازىرلىقنى قىپ قويغانمەن، مەلىكەم،
قۇشۇم بىكار ئۇچقىنى يوق ھېلىھەم.
ئوغلىڭىزنىڭ —
شاھزادەمنىڭ غېمىنى
مانا شۇنداق قىپ يۈرگىلى مەن نە كەم...!

*

دۇنيا، دۇنيا،
ئاھ، بىۋاپا دۇنيا سەن!
بىرنى خۇش قىپ،
مىڭنىڭ قەلبىن تىلغايسەن.
بىرلىرىگە گۆھەر بولدۇڭ ئاجايىپ،
بىرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ سۇنغانسەن.
ئاھ، بىۋاپا،
ئاھ، ئالدامچى قىسمەتلەر!
ئاھ، تارتقۇلۇق،
ۋەيران بولغان خىسلەتلەر!
بۇ ئالەمگە،
ئادەملەرگە ئىشەنچ يوق،
كۆيدى...
ۋەيران بولدى ئوتلۇق تىلەكلەر!
يەنە تۇمان،
باغ كاشغەرنىڭ ئاسمىنى،
قارا قۇيۇن
باغ - باراڭنى تاسقىدى.
ئەمدى گۈللەر ئايلانماقچى غازاڭغا،
يۇرتتا قىرغىن،
يۇرتتا ئاھ - زار تاشقىنى.
شادلىقلارمۇ ئايلانماقچى ئەلەمگە،
ۋەيرانچىلىق يۈكلەنمەكچى ئادەمگە.
تاماق بولدى قىلىچلاردىن قىزىل قان،
ئۆزگەرمەكچى مانا بايراق، ئەلەملەر... !
كاشغەر، كاشغەر،
ئاھ، ئەلەملىك گۈل شەھەر،
جەڭ، جېدەلدە باغرى كۆيگەن كۈل شەھەر.
ئاسمىنىڭنى يەنە قوزغۇن باسماقچى،
يېتىمەك بوپتۇ سەندىن يورۇق، كۈن شەھەر... !

## يەتتىنچى باب

مەدرىسىدە،
كىتاب تولغان ھۇجرا،
ھۇجرىدىن ئاۋاز چىقماس بىر تولا.
ئولتۇرۇپتۇ مەھمۇد كىتاب ئاختۇرۇپ،
تەپتى ئوتلۇق،
مېھرى ئىسسىق
نۇر تولا... !
ئۇ ھېچ نەرسە خىيالىغا كەلتۈرمەس،
خىيالىنى مۇشۇ تاپتا بۆلۈش تەس.
نېمىنىڭدۇر مېغىزىنى چاققاندەك،
پىچىرلايدۇ ئاۋازىنى قىلىپ پەس.
— تىل دېگەنمۇ،
ھە، قانچىلىك مۇرەككەپ،
تىل دېگەننى بىلىش ئۆزى ئېغىر گەپ.
چىگىل،
ياغما
ئۆز ئالدىغا بىر ئالەم.

توقسۇ،
تاڭغوت
ئۆزگىچىدۇر، پاھ، ئەجەب... !
پەرقلىرى ھازىرغىچە يېپيېقلىق،
سىرلىرىنىڭ يولى بولسا ئېتىكلىك.
رەتكە سالسام،
بولسا مۇشۇ ئەللەرنىڭ
تىللىرىدا ئۆزگىچە خاس ئېنىقلىق.
يەتكۈزەرمۇ تىلىكىمگە ئىلاھى،
نىيىتىمنىڭ بىر كۈن بولار ئىلاجى.
ئۇ كىتابلار ئىچىن يەنە ئاختۇردى،
باشقىچىرەك بولدى ئەمدى چىرايى.
*
يەنە كىتاب،
كۆز گۆھىرى كىتابتا،
ئوخشار كىتاب بىر ئاپتاپقا شۇ تاپتا.
بەزەن مىسرا تۇۋۇدىن ئۇ ئويغىنار،
مەزمۇننى يۈكلىگەندەك قاپ - قاپقا.
بەزەن جۈملە سىرلىرىنى يەشكۈچە،
ئولتۇردۇ ئەتتىگەندىن كەچكىچە.
بەزىدە چاچ دانىلىرى ئاقىرار
چىگىشلەرنىڭ تېگىگە ئۇ يەتكۈچە.
ئويلار بىلەن قالار ئىككى يۈكلىنىپ،
مۇرىسىگە ئېغىر بىر يۈك يۈكلىنىپ.
ئەجەب غۇۋا يېنىپ تۇرغان چىراغلار،
پىلىلدايدۇ ئەھۋالىغا ئۆكۈنۈپ.
پارس تىلى
باشقىچىرەك ئەرەبتىن،
بايلىقىمۇ يېتەرلىك كۆپ تەرەپتىن.
بۇ ئىككى تىل ئۆز ئالدىغا بىر تېرەك،
ئەزىزلىنەر چىققاندەك بىر يۈرەكتىن.
ئۇ خىيالغا يەنە پاتقان چېغىدا،
يۈرگىنىدە ئىلىم تەھسىل بېغىدا،
ئۆمەر پانسات كىرىپ كەلدى ئىشىكتىن،
قولدا قىلىچ،
قىلىچتا قان دېغى بار.
— تۇرۇڭ مەھمۇد!
يۈز بەردى چوڭ خىيانەت،
مەلىكمىز قىلدى بۈگۈن جىنايەت!
ئاھ، قىرىلدۇق،
تۆكۈلمەكتە قىزىل قان،
پاك دىيارنى باسماق بولدى جاھالەت!
— ئاتاملارچۇ؟
— زەھەرلەنگەن پاناھلار،
— قىلىچ! — دېدى، — قورۇنمىغاي ئىرۋاھلار،
— قىلىچ! — دېدى ئۇ ئورنىدىن چاچراپ،
— مۇكۈنگەننى كەچۈرمىگەن ئەۋلادلار!
ئويغىنىڭلار!
يۇرت ئويغانسۇن غەپلەتتىن،
چېلىش ئەلا كېيىن قىلغان ھەسرەتتىن.
قىلىچ ئالغاي،
پەيتى كەلگەن مەزگىلدە
بەخت كەلمەس ياۋ قېنىنى تۆكمەستىن... !
— مەلىلەردە ئاينىپ بارار قانلىق جەڭ... !
بىز كېلەلمەي قالدۇق دۈشمەن بىلەن تەڭ.
چېكىنمەكلىك كېرەك ئەمدى، شاھزادە،
كاشغەر خەلقى تۇرگەن بىلەن يەنە يەڭ!
ئاۋاز كېلەر نەلەردىندۇر دادلانغان،
ئات ئاۋازى،
كىملەردۇر بۇ ئاتلانغان؟!
ئوت ياناقتا،
كاشغەر ئۈستى تۇمانلىق،
قانلىق قىرغىن كوچىلاردا باشلانغان.
ئىككى قىلىچ،
كۆكلەككە قان تېمىپتۇ،
مەھمۇد مانا توپ ئالدىدا مېڭىپتۇ.
جەڭ بارىدۇ تار كوچىلار ياقىلاپ،
تۆكۈلگەن قان ئۈلگۈرۈپتۇ سىڭىپمۇ.
*
بەس، ئەي ئىنسان،
راۋا ئەمەس كۆلمەكلىك،
راۋامدى كۆلمەي تۇرۇپ ئۆلمەكلىك؟!
كاشغەر كۆكسى ئۆرتەنمەكتە، نە ھال بۇ؟
ئەمەسمىدى نېسىپ ئەركىن يۈرمەكلىك؟!
تۇتۇل ئاسمان،
ئاچچىق يىغلىشىڭ تۆكۈلسۇن،
بۇ نومۇستىن پۈتۈن ئالەم ئۆكۈنسۇن.
تۇتۇل ئاسمان!
ئادىل ھۆكمىڭ ئالدىدا
جىنايەتنىڭ قۇزغۇنلىرى يۈكۈنسۇن!
تۈن قاراڭغۇ،
قۇزغۇن قانات يايغاندەك،
مۇشۇ ئۇلۇغ يۇرتنى يۆركەپ ئالغاندەك.
كۆيۈك ئارىلاش ھىد ئۆرۈلار دىماغقا،
يەر يۈزىدە پەقەت زۇلمەت قالغاندەك... !
شەھەر ھارغىن،
ھارغىن يېزا، قىشلاقلار،
يانماي قالغان شوڭلا نۇرلۇق چىراغلار.
شەھەر جىم - جىت،
يىرتىلغان بىر كۆڭلەكتەك،
ئىت، مۇشۇكنىڭ ئۈنى ئۆچكەن بىراقلا!
چۇقانلارمۇ ئەمدى قاپتۇ سىلىكىپ،
ھاردىمۇيا پالۋانلار كۆپ ئېلىشىپ.
تايىنىپتۇ قىلىچىغا مەھمۇدمۇ،
مانا تالاي كۈنلەر ئۆتكەن چېلىشىپ.
ئۇلار شۇنداق ئۆتتى چىغىر يوللاردىن،
ماڭدى قىلىچ چۈشمەي كۈچلۈك قوللاردىن.
ئۆتتى چۆلدىن،
كېچىلىپ تېز كېچىكلەر،
ئۆتتى ئۇلار ئوتى ئۆچكەن تۇرلاردىن.
*
كىچىك شاھزادە —
ئىبراھىم شاھ بۇ كېچە
تاج كىيىپتۇ ئۇ بېشىغا ئۆزگىچە.
قانلىق قىرغىن،

ئوردا ۋەيران،
كىملەردۇر
قىلىچلىشار تۇتقۇن بولۇپ ئۆلگىچە.
ــ كۆيدۈرۈلسۇن! ــ دېدى، ــ تەختنى سۆيمىگەن،
كۆيدۈرۈلسۇن بىزدىن قېچىپ ئۆلمىگەن.
دار ئالدىغا كەلتۈرۈلگەي مەھمۇدمۇ،
قەھرىمىزنى ئۇ تېخىچە بىلمىگەن!
مەدرىسەئى «ھامىدىيە» كۆيمەكتە،
مەدرىسەئى «ساچىيە» كۆيمەكتە.
ئاسراڭلار،
ئاسراڭلار، ئەي خالايىق،
ئۇلۇغ ئوردا،
تارىخىمىز كۆيمەكتە...!
كۆيدى كىتاب،
كۆيدى قۇتلۇق بۇ ماكان،
بايقا، بۇگۈن ئەللامىلەر باغرى قان!
كاشغەر ۋەيران،
ئىس،
تۈتەكنىڭ بېسىمى،
نارەسىدىگە تېپىلمايدۇ پارچە نان...!
ئىلىم كۆيەر،
ئەقىل كۆيەر،
ساخاۋەت،
كۆيەر تارىخ،
ساقلىنىپتۇ ئاداۋەت،
چىرقىراشلار،
ھۆڭقۇشلارنىڭ ئاۋازى،
قىرغىنلاردىن كۆرۈش باركەن ھالاۋەت...!

## سەككىزىنچى باب

مەھمۇد كېلەر ھۆل تاياقنى تايىنىپ،
مەھمۇد كېلەر ئانا يۇرتتىن ئايرىلىپ.
يىرتىق كۆڭلەك يەلپۈنەر بىر بايراقتەك،
پۇتى بايا كەتكەن تاشتىن قايرىلىپ.
ھاسا بېرىپ كېلەر ئاڭا كۆپ مەدەت،
قايرىلغان پۇت قىلمىغىيدى ئېغىر دەرت.
قىلىچلارنى تايىنىپتۇ بەزىلەر،
بەزىلەردىن چىقىپ قالار ئارىلاپ گەپ.
يالغۇز ئاياغ يول پۈتمىكى بولدى تەس،
يالغۇز ئاياغ يولمۇ ئەكەن ئېگىز ـ پەس.
چاڭقاقلىقمۇ كۆرسەتمەكتە ئۆزىنى،
ئاھ، پالۋانلار قەلبىدە بار قايغۇ ـ غەش!
كېلەر ئۇلار يىقىلغاننى كۆتۈرۈپ،
جاراھەتلىك تەنلەر بارار كۆكىرىپ،
بىرلىرىنى يۆلىشىدۇ بىرلىرى،
بىرلىرىنىڭ تېڭىقلىرى سۆكۈلۈپ.
ھە، ئاسمانمۇ تورۇۋاپتۇ قوشۇما،
ئېغىر كۈندە ساخاۋەتنىڭ مۇشۇما؟
قىلارىڭنى ئەمدى سەنمۇ قىلىۋال،
يەنە قانداق يازمىشىڭ بار، يوشۇرما!
بىردە«لىپ» قىپ چىقىپ قالار ئوت ـ چاقماق،
بولغىنىدەك تۈن باغرىدىن نۇر تايماق.
بىردە بۇلۇت،
گۈلدۈرمامىا گۈلدۈرلەر،
بىرىدە سەل تاشقىنلايدۇ بوپ تاشماق.
ــ يېتىپ كەلدۇق، ــ
دېدى، ــ مارجانبۇلاققا!
زەپ يېقىملىق ئىدى بۇ ئۇن قۇلاققا.
تولدى كۆكرەك،
تولدى ھېسقا بۇ كۆڭۈل،
جىگدە ھىدى ئارىلاش ئېسىل پۇراققا.
ئانا تۇپراق،
چىمەندىم تۇپاڭ،
دەرگاھىم،
سەندە قالار مانا مېنىڭ مۇڭ ـ زارىم.
سېنى تاشلاپ كەتمەك بولدۇم، نە ھال بۇ،
نە كۈن كەلدى بۇ بېشىمغا، خۇدايىم؟!
ئۇ ئەتراپقا تويماي قارار تەلپۈنۈپ،
باقتى ئۇيان تاغلىرىغا تەلمۈرۈپ.
يۇتمەس خىيال،
يۇتمەس ئويلار يىغىلدى،
تورار مەھمۇد ھېسلار بىلەن تولغىنىپ.
كۆرگەنىدى يىقىندىلا ئۇ بىر چۈش،
(چۈش كۆرۈشكە بولسىمۇ گەر ئۆزى ئۆچ.)
تويۇقسىزدىن گۈلدۈر ـ چاقماق چىقىلىپ،
ۋەيرانچىلىق باشلانغاننى تۇشمۇتۇش!
قاراڭغۇلۇق،
ھۆكۈمران سوغ، ئەندىشە،
نەدىن پەيدا بولدى مۇنۇ دەدىسە؟
غەلىتە بىر چىرقىراشلار ئاڭلىنار،
ئېغىركەنغۇ كۈن نۇرىنى بەرمىسە!
گۈلدۈرلىدى مانا ئەمدى ئەزىز يەر،
بۇ ئەھۋالغا ئادەم ئەقلى نېمە دەر؟
پەيدا بولۇپ قالدى يوغان ئەجدىھا،
سومۇرمەكچى توغرا كەلسە تاغنى گەر.
باللىرى كېلىشمەكتە يەر يالاپ،
كېلىشمەكتە ئۆچرىغاننى يەپ، يالماپ!
بىردەمدىلا بار ئەتراپنى كۆيدۈرۈپ،
نېمە بولسا قويماي كەلدى ھەم تالاپ.
يەر تاتلايدۇ ئۇنىڭ قانلىق تىرنىقى،
ئەجدىھانىڭ شۇنداققۇ شۇم قىلىقى.
بۇ ئەتراپتىن قويمىغاچقا تىرىك جان،
ئىنتىكلىشىپ كەتتى زەھەر تىنىقى.
ئەمدى يېتەر تىرىك بىر جان قالمىغاچ،
ئاغزىغا قان ئارىلاش گۆش سالمىغاچ.
بىر ـ بىرىگە ئالىيىشتى كۆزلىرى،
يەر سۈپۈرگەن تىللىرىنى يالىغاچ!
پاتمىغاندەك باللىرى چىرقىراپ،
گويا قۇيۇن كەبى دەھشەت پىرقىراپ.
ئانىسىغا ھۇجۇم قىلدى قاراڭلار،
ھەر تەرەپتىن تالىشىدۇ خىرقىراپ...!
كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى، ئاغزى قان،
بىردەمدىلا مانا ئانا يېرىمجان.

كۆيۈك تەندەك ئىس ـ تۈتەكنىڭ ئاستىدا
تۇرلار، نېتەي،
خاراب بولۇپ بۇ ماكان.
ئانىسىنىڭ قاپتۇ يوغان بېشىلا،
(تالىشىشلار ئەمدى قاچان بېسىلار؟)
ئەجدىھانىڭ تۇرار قانلىق كۆزلىرى،
زەھەرلىك تىل يەر سۈپۈرگەن پېتىلا !
بىر دەمدىلا ئانىنىمۇ يەپ قويدى،
كىممۇ ئېيتار ئەجدىھانى يەپ تويدى؟ !
بىر ـ بىرىگە ئەمدى ئۇلار تاشلىنىپ،
ئەزىز يەرگە بۇ تالاشتىن قان تولدى... !
ئاسمان يورۇپ قالدى مانا ئەجەبا،
بۇزۇلغان چاغ بۇ ئۆلكىدە پاك ھاۋا.
بىر سۇرمە قۇش قانات سوزۇپ كەلمەكتە،
بولغىنىدەك ئاغرىق تەنگە ئۇ داۋا !
ئەجدىھالار قالدى ئەمدى پۇكلىنىپ،
ئەجدىھالار ئالدى ئەمدى تۈگۈلۈپ.
ئۆرتەنمەكتە،
مۇنۇ مەخلۇق كۆيمەكتە،
كەپتىكەن قۇش ئەجەب ۋاقتا ئۇلگۇرۇپ.
قۇش ئايلىنىپ كۆك گۈمبەزگە قونغاندا،
ئادەم بولدى ئەتراپ نۇرغا تولغاندا.
ــ يا ھەزرەت !
سۈتۈق بۇغرا قىبلىگاھ،
مەدەت بەردى باغلاردا گۈل سولغاندا.
ــ ئۇلۇغ پاناھ،
مەھمۇدتا ئۇن يوق ئەجەب،
تۇرۇپ باقتى ئۇ ئورنىدىن تىرەجەپ.
سۆزلەي دېسە تىلى بارۇ، ئۈنى يوق،
پۇتى بارۇ، ماڭالمايدۇ قىمىرىق گەپ.
ئۇ قىينىلىپ كەتكەندى ئويغىنىپ،
بۇ دەھشەتلىك چۈشىدىن مىڭ تولغىنىپ.
ئۇختىسىغا كەلگىنىمۇ، خۇدايىم،
مۇنداق چۈشنى كۆرمىگۈدىم تۇغۇلۇپ!
ئۇلاشقاندەك بولدى سوغۇق بىر تىترەك،
بولالماستىن قالدى يۈرەكمۇ تىرەك.

مۇشۇنداق ھال يۈز بەرگەنلەر، ئېيتىڭلار،
مۇشۇنداق ھال باشقا كەلسە نە كېرەك؟!

*

ئۇ تۇغۇلغان يۇرتنى ئەتمەكچى تەرك،
يىتتۈردىغۇ ئۆز يېرىدە ئۇ ئەرك.
ئەرك ئىزدەپ ئاشماقچىغۇ تاغلارنى،
كەتمەك بولدى شۇڭا دەردكە بوپ غەرق.
قالدى كاشغەر،
ئۆتكەن چاغلار يىگىتلىك،
قالدى ئۇپال،
خۇش پۇراقلىق جىگدىلەر.
ۋادەرىخا، قالدى يۈرەك يېرىمى،
پەرۋەردىگار، بۇ ھالغا نە دېگۈلۈك؟ !
ئۇ ھاسىنى قولغا ئالدى تەلمۈرۈپ،
بىر نېمىنى ئېيتقىنىدەك يالۋۇرۇپ.
مارجانبۇلاق يېنىغىلا تىكتى ـ دە،
ــ كەتمەكچىمەن!ــ دېدى،ــ سېنى قالدۇرۇپ،
سېنىڭ بىلەن قالدى، بىلگىن، مۇھەببەت،
مېنىڭ بىلەن بىللە كەتسۇن بارچە دەرت !
كۆكلەپ قالغىن مارجانبۇلاق يېنىدا،
ئۆزۈڭ ئۆسكەن يەردە، دوستۇم، بار ئامەت !
كۆكلەپ قالغىن يۇرتىمىزدا «مەن» بولۇپ،
ئۇنتۇمىغاي بۇ يۇرت مېنى سەن تۇرۇپ.
كۆكلەپ قالغىن، كۆكلەپ قالغىن، بۇرادەر،
قايغۇ باسار كېتىپ قالساڭ سەن قۇرۇپ !
ــ ۋاقىت ئەمەس خىياللارغا پۈركىنەر،
ۋاقىت ئەمەس بۇ ئىشلارغا ئۆكۈنەر، ــ
دېدى بىرى قولتۇقىدىن قولتۇقلاپ،
ــ ۋاقىت ئەمەس ئەمدى ئارتۇق يۈكۈنەر!
ئارقىمىزدا باردۇر بىزنى بايقىغان،
باردۇر سوزۇك بولاقلارنى لاي قىلغان.
قېنى دوستلار، پامىر بىزنى كۈتمەكتە،
ئۆز باغرىدىن كۆز ياشلارنى ساي قىلغان.
ئاھ، ئادەملەر،
بارمىكىن دەرد كۆرمىگەن؟ !
بارمىكىن دەرد كۆرمەي يەرگە كۆمۈلگەن؟

دەقىقىلەر،
ئايرىلار چاغ كەينىدىن
كۆرمىسۇن، ئاھ، بۇ دەقىقنى ئۆلمىگەن !
پامىر يېقىن،
ئېغىرلىشار قەدەملەر،
ئېغىرلىشار دىلدىكى بۇ ئەلەملەر.
ئۈزۈلمەستىن كېلەر مېھىر يىپلىرى،
ئېغىركەنغۇ مۇنداق دەملەر،
ئادەملەر... !
پامىر يېقىن،
كۆزلەردىن ياش تاراملاپ،
چىقماي قالدى ئەمدى ئۈنلەر جاراڭلاپ.
مۇنداق چاغدا باشقىچىكەن ئۈمىدمۇ،
دەل ـ دەرەخلەر بارار ئاستا شالاڭلاپ.
يول باشلىدى ئۈمىدلىرى، ئەجەپ ئىش،
بۇلۇت قاپلاپ باشلانغاندەك ئەمدى قىش.
ئارام بولار ئىكەن ئارمان بولسىلا،
ئارمان ــ ھايات،
بار نەرسىكەن ئەمەس چۈش.
ئۇلا ئېگىز «مۇق» يولىغا يەتكەندە،
ئاھ، ۋەتەندىن ئۈزۈلمەكمۇ تەسكەن ـ دە.
يەنە قاراپ قالدى مارجانبۇلاققا،
ئۈزۈلمەكمۇ ئۆز يېرىدىن دەردكەن ـ دە !
قالدى قەبرە،
قالدى ئۇلۇغ ئەللامە،
قالدى دىلدا «ۋەتەن» نامى ھامانە.
قالدى ئۆمۈر بويى بولۇپ ئۇنتۇلماس،
جان بەرگەنلەر،
ئەرك ئۈچۈن مەردانە... !

*

«مۇق» يولىغا كۆپ ئادەملەر يەتمىگەن،
قۇش يولى بۇ،
قۇشلار تەرك ئەتمىگەن.
«مۇق» يولىنى قۇشلار يولى دەر خەلق،
ئەلەملىك يول،
دەردى باشتىن كەتمىگەن.

خادا تاشلار كۆرۈنىدۇ نەيزىدەك،
كۆرۈنىدۇ قۇشلارغىلا پەيزىدەك.
گىياھلار بار سۇنۇق تاشلار ئۈستىدە،
سۇنۇق تاشلار كۆرۈنەر بىر كەيزىدەك.
ئېغىر دەمدە،
قۇشلار بىلەن بەسلىشىپ،
قۇشلار بىلەن مۇڭدىشىپ ھەم بەتلىشىپ.
ئۆتۈپ بارار ئۆز يېرىنى قالدۇرۇپ،
ئۆتۈپ بارار تارىخ بىلەن گەپلىشىپ.
ئاھ، «مۇق» يولى،
مېڭىش كەپتۇ مەھمۇدقا،
مېڭىش كەپتۇ يۇرتى ئۈچۈن بىر ئوتقا.
يۇرىكىدە قالدى ئەجىر چالىسى،
قالدى يېرى تالان ـ تاراج بوپ جۇتقا!
كېتىپ بارار غەزەپتىن تەن شۈركىنىپ،
تىك چوققىلار بارغىنىدەك يۈكۈنۈپ!
كېتىپ بارار مەھمۇد ئېگىز تاغ بىلەن،
كېتىپ بارار بۇ ئىشلارغا ئۆكۈنۈپ...!

## توققۇزىنچى باب

بەرگىنى يوق ئوردا بۈگۈن زىياپەت،
بولغان بىلەن زىياپەتتەك قىياپەت.
ئەزەلدىنلا مەلىك شاھتا بار ئىدى
يېقىنىنى چاقىرغاندا بىر ئادەت:
ئولتۇرغۇزدى مەلىكىنى يېنىغا،
(ھە، بۇ شاھنىڭ مەلىكىدەك گۈلى بار.)
مۇڭدىشاتتى قوبۇل قىلماي باشقىنى،
پىنھان تۇتماس ئىدى دىلدا نېمە بار.
مانا بۈگۈن تۇركان خېنىم مەيۈسراق،
چىرايىدا گۈلنىڭ ئەكسى بار بىراق.
ئولتۇرىدۇ تاجدارنىڭ يېنىدا،
مەھمۇدمۇ بار ئىككىسىدىن نېرىراق.
ئولتۇرىدۇ ئۈچى ئۈچ خىل يۇلتۇزدەك،
تۈننى قىلىپ ئۈچ خىل يۇلتۇز كۈندۈزدەك.
سۆھبەت كاشغەر،
ۋەيرانە تەخت ھەققىدە،
ئۆتتى رەنجىپ كەلگەن پەرزەنت كۆڭۈلدەك.
ـــ ھەسرەت كەپتۇ باغىرلىرىم بېشىغا،
نېتەي بارماق نېسىپ بولماي قېشىغا، ـــ
دېدى تۇركان خېنىم ئاچچىق ئۆكۈنۈپ،
ـــ زەھەر ساپتۇ قېرىنداشلار ئېشىغا...!
تۇركان خېنىم كۆڭلى بولدى پەرىشان،
جىمىپ قالغانىدى سۆھبەت مۇشۇ ئان.
ئارام بەرگەن كەبى بولۇپ مەلىكشاھ،
دېدى: ـــ زەئىپ قىلار چەكسە كۆپ يىغا.
نە كۆن كۆرمەك، بارمۇ دىلدا مۇددىئا؟
مۇددىئاغا كۆرەر چارە بىزدە بار.
يۆلىگەندەك بوپ ھۆكۈمران مەھمۇدنى:
ـــ تولا رەنجىپ چېكىپ كەتمەڭ سىزمۇ ئاھ!
مەھمۇد بېشىنى ئەگدى، قولى كۆكسىدە،
قىزارغاندەك ئىككى مەڭزى ھۆپپىدە.
ـــ مەرھەمەتلىك شاھقا رەھمەت ئېيتقايمەن،
چالا ئەجرىم...
تەڭرىم ئاڭا يەتكۈزەر.
باردى مېنىڭ چالا قالغان ئەجرىم،
بىللە كەلدى، ئۇنى تەرك ئەتمىدىم.
تۈركىي ئەللەر تىللىرىنىڭ پەرقىنى
يەشمەك ئىدىم،
تېخى ئاڭا يەتمىدىم.
ـــ ھە، شۇنداقمۇ؟
مەقسەت ئۇلۇغ دەڭ، پەرزەنت!
ـــ كۆپ ئىشلەشكە،
كۆپ چېكىشكە كېلەر دەرت.
ـــ ئىنشائاللا، بۇ مەقسەتكە تەختىمىز، ـــ
دەپ مەلىكە باقتى شاھقا، ـــ يار، مەدەت!
ـــ تۈركىي تىللار، ـــ
دېدى مەھمۇد ياندىشىپ،
ـــ بىر ـ بىرىنى كەلمىدى تەڭ ئاڭلىشىپ.
ئۆزگىچىدۇر قەبىلىلەر تىللىرى،
ئۆز تىلىنى ئۆتتى ھەركىم داڭلىشىپ.
چېچىلغان ئۇ، تېرىۋالار كىشى يوق،
تىلى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىشى يوق.
شۇ بىر بايلىق گۆھەر كەبى يېتىپتۇ،
رەتلىگەنگە گۆھەرى بار، تېشى يوق!
مەھمۇد سۆزلەر بۇ ئارماننى يورۇتۇپ،
ئارمان تاتلىق ئالغانلارغا چىلگ تۇتۇپ.
تۇتاشقان ئۇ پەقەت كۆيۈپ پۈتمەسكە،
تۇتاشقان ئۇ ئىلىم ئەھلىن ئويغۇتۇپ.
كەڭ پېشانە،
ئاھ، بۇ كۆزلەر خاتىرجەم،
ئاھ، بۇ كۆزلەر ئىشەنچ بىلەن بولغان جەم.
شاھ كۆڭلىنى يورۇتقاندەك قىلدى، پاھ!
سۆز تەپتىگە قاقلىنىپتۇ مەلىكەم.
شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى بۇ قېتىم،
ئۇلۇغلىغان كەبى مەھمۇد جۇرئىتىن.
ـــ باركاللا!
بۇ ئالىيلىق، ـــ دېدى ئۇ
ئۆلچىگەندەك بولۇپ ئۇنىڭ قىممىتىن،
ـــ بۇ بىباھا ئىشقا تىللا چاچقايمەن،
ھۆرمىتىگە خەزىنەمنى ئاچقايمەن.
ئاختۇرغاندا تۈركىي ئەللەر زېمىنىن،
سىزگە ياخشى دوستلىرىمنى قاتقايمەن.
پاناھ بولغاي، مەھمۇد، ئۇلۇغ تەڭرىمىز،
ساخاۋەتلىك تەرىپىدىن كەڭرى بىز.
ھەر قەبىلە،
ھەر زېمىنغا بارغاندا،
سايە بەرگەي بىزنىڭ پەرمان، ئەمرىمىز!
شاھ بىر قاراپ مەلىكىگە تىكىلدى،
مەلىكە كەپ شاھ ئالدىغا يۈكۈندى.
ـــ رەھمەت، شاھىم، ماڭا يېنىك قىلدىلا
قايغۇلاردىن ئېغىرلاشقان يۈكۈمنى، ـــ
دەپ مەلىكە شاھ كۆڭلىدىن چىققاندەك،
بولدى مۇشۇ سۆھبەتتىن ئۇ ئۇتقاندەك.
بولدى كۆڭۈل پەتنۇسىدا مەھمۇدقا
ياخشىلىقنىڭ بارىن سېلىپ تۇتقاندەك.
ئۈمىدسىز دىل يەنە ياندى ئارماندا،
ئوخشايتى ئوت ئايلانغان بىر پەرمانغا.

سۇنغان تەلەي
بىخ چىقاردى قايتىدىن،
كۆچ قېتىلدى ھالسىزلانغان دەرمانغا.
ئۇ قاناتلىق مۇشۇ تاپتا بىر شۇڭقار،
پەرۋازىغا ئەمەس ھازىر زېمىن تار!
ئارمان يانار،
ئارمان ئۇلۇغ ھەمىشە،
بۇ ئارمانغا باغدات بولۇپ توردى يار.

## ئونىنچى باب

كۆن كۆيدۇرەر،
ھۇپۇلدەيدۇ بۇ ئىسسىق،
يەرنى دەسسەپ بولمايدۇ، ئاھ، يەر قىزىق.
شامالسىز چۆل گويا تونۇر تەپتىدەك،
چاڭقاق تەنگە سانجىلغاندەك ئوتلۇق زىق !
ھارغىن كارۋان ئاستا تاشلار قەدەمنى،
زېرىكتۈرەر بىللە ماڭغان ئادەمنى.
بېشى تۆۋەن ساڭگىلىغان جانۋارلار
بىر يىلغا تەڭ قىلىپ چامدار بىردەمنى.

*

... كېچە بىلەن كۆچەيلى،
يانار سۈيىن كېچەيلى...
ناخشا كېلەر ئەمدى يېقىن يېزىدىن،
ناخشا كېلەر شۇ يېزىنىڭ قىزىدىن.
كارۋانبېشى شۇ تەرەپكە بۇرالدى
كىملەرنىڭدۇر سېلىپ كەتكەن ئىزىدىن.
ناخشا ئۇنى ئەمدى يېقىنلاشماقتا،
ناخشا ئۈمىد يولتۇزىنى چاچماقتا.
ناخشا خىيال باسقان مۇنۇ يۈزلەرنىڭ
ئۈگدەك ئاربلاش كۆزلىرىنى ئاچماقتا.
كېچە بىلەن كۆچەيلى،
يانار سۈيىن كېچەيلى... !
سۇ بويىدا ئولتۇرۇپتۇ بوۋايلار،
سۆزگە چېۋەر ئاق رومالىلىق مومايلار.
يول ئازابى چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەم
تونۇشۇپمۇ ئۈلگۈرگەندەك ئوڭايلا.

— تىنىما بالام ! —
دېدى موماي ئېسەنكىرەپ،
نېمىشقىدۇر بىرنەرسىدىن ئەنسىرەپ.
«ئوغۇزلاركەن !» دېدى مەھمۇد ئىچىدە،
قېرىلىقتىن ئاران ماڭار ھاسىراپ.
«تىنىما !» دەيدۇ توختىماقچى بولغاننى،
يىراق جايدىن كېلىپ خۇرجۇن قويغاننى.
دېمەك، خاتا بۇ ئىبارە، دەپ مەھمۇد،
«تىنىما» دەيدۇ تىنىپ بولغان بىر جاننى.
«ئادەت قالماس، ئەل قالار» دەپ بۇ ئەلدە،
كۆپ ئىشلارنى كۆرەر جېنى بار تەندە.
ئۆزلىرىدىن باردەك تۇرار سورارىم،
رەنجىمىگەي، مېھمان بىزغۇ بىر بەندە.
كۆرۈنگەنگە ئەل ئاربلاپ كەلگەندەك،
تۇرمايلىلا يۇرتلىرىدىن بەزگەندەك.
«تىل تۈگكەننى چىش يېشەلمەس» دەيدىكەن،
كەپ قاپتىلا بىزگە خۇدا بەرگەندەك.
— ئەل كەزگىنىم چىقىپ تۇرار تۇرقۇمدىن،
ئۆزۈن بولدى مەن چىققىلى يۇرتۇمدىن.
— ماكانلىرى يىراقمىكىن، يېقىنمۇ؟
— كاشغەر،
باغداد خەۋەردار بار - يوقۇمدىن.
— ھەق، راست،
— ھەق، راست ! —
دېدى ساقال سىقىملاپ،
بىرى قۇملۇق تاشلىرىنى ئوچۇملاپ.
— «ئالدىراقسان چىۋىن سۈتكە چۈشەر» دىر،
دەم ئالايلى،
ماڭدى بىرى قولتۇقلاپ.
«تىل تۈگكەننى...»
دېدى مەھمۇد پىچىرلاپ،
ئۇنىڭ قەلبى كەتتى بىردىن تېپىرلاپ،
«چىش يېشەلمەس»،
قاراڭلارچۇ تىلدىكى
بايلىقلارنى، يىغمىدۇققۇ ئوچۇملاپ...
مەھمۇد تۇتقۇن بولدى خىيال ئىلكىگە،

ئىگە بولغان كەبى ئەۋلاد مۈلكىگە.
كۆز ئالدىدا تۇرار ئۇلۇغ بۇغراخان،
ئۇستازىنىڭ قاراپ كۆڭۈل كۆكىگە.
ئىللىق ئۇستاز:
— توققۇز ئوغۇز،
ئون ئۇيغۇر
يۇرگەن مۇشۇ كەڭ دىيارغا بوپ تۇرغۇن.
بەك بۇرۇنلا تىكلىگەن بۇ خانلىقنى،
جەڭلەر بولغان،
جەڭلەر بولغان، ئاھ، نۇرغۇن... !
— ئۇزۇن تارىخ،
تەكرارلىدى ھەم سۈتۈق،
ئۇزۇن تارىخ بوپ قالدىغۇ بۇ قۇتلۇق.
مەھمۇد سۈتۈق بىلەن بىللە تۇرغاندەك،
قەلبى كۆيەر،
قەلبى كۆيەر، پاھ، ئوتلۇق !
بىر بوۋاي كەپ بۇزدى مەھمۇد خىيالىن،
خىيال ئاربلاش كېلىۋاتقان پىلانىن.
ئەجەب مېھرىن قويدى ھارغىن بۇ زاتقا،
تاپقىنىدەك چىگىش ئويلار ئامالىن.
— شۇنداق قىلىپ مېھمىنىمىز بولغاي قۇت،
مېھمان ئۇچۇن داستىخانلىق مۇشۇ يۇرت.
— رەھمەت تەقسىر،
— نەدۇر ئەينى مۇددىئا؟
— ئەلنى كەزمەك،
پۇكۇلمىسە يولدا پۇت.
ئارغۇلارغا سالام بېرىپ ئۆتكەيمەن،
غازاڭ چۈشسە ياغمىلارغا يەتكەيمەن.
مەن بىر سەيياھ،
مەرھەمەتتىن كۆرۈپ كۆن،
غەزىپىڭلار بولسا بىردىن يىتكەيمەن !
— ئەۋلىيامۇ؟ —
دېدى بىرى پىچىرلاپ،
كەتكىنىدەك بولۇپ قەلبى تېپىرلاپ.
— ئۆيگە، مېھمان، جاي قىلىنغان سىلى-
گە، — دەر ئالقانغا ئالغىنىدەك ئوچۇملاپ.

— خىزمىتىنى قىلمىشايلى، بوۋايلار،
بۇ زات كۆڭلىن ئېلىش ئەمەس ئوڭايلا.
شۇنداق بولدى ئەڭ دەسلەپكى ئۇچرىشىش،
ھېجىرلاردا قىيتىق سۇنۇپ مومايلا...

*

بىردىن بىرى بوۋىينى شەرەت قىپ،
ئۆز يېنىغا كېلىشىنى تەلەپ قىپ.
چاقىرغانىنى بوۋاي سالدى كۆرمەسكە،
گەپنى بۇزماي تۇرۇپ باقتى غەيرەت قىپ.
موماي بولسا رەڭگى ئۇچۇپ شەرەتلەر،
قولى بىلەن بىرنەرسىنى تەرىپلەر.
كۆرسىتىدۇ ئالدىدىكى تۇزلەڭنى،
تۇزلەڭدە ئەل،
كۆپى مۇشۇ يەرلىكلەر.
چاچلار چۇۋۇق،
يالاڭ ئاياغ ئاياللار،
ھېچكىم دېمەس بۇ جانلارنى «ئاياڭلار!»
نارەسىدىلەر تاش ـ توپىغا تاشلانغان،
«خۇدا!» دەپ ياش تۆكۈشمەكتە، قاراڭلار!
باش قۇيۇشۇپ، ياغدى ئەمدى تىلەكلەر،
تىلەك تىلەپ كۆتۈرۈلدى بىلەكلەر.
سۇرلۇكرەك بولدى مۇشۇ ئىبارە،
يىغا بىلەن سۆزلىمەكتە يۈرەكلەر،
تەلەپ قىلار تەلمۈرۈشۈپ ساماغا،
دېگىنىدەك:
ـ چەكسىزلىكتە خۇدا بار!
داۋام قىلدى خېلى ئۇزۇن بۇ تاۋاپ،
تاۋاپ دېگەن بەندە ئۈچۈن كۆپ ساۋاب.
مەھمۇد ھەيران،
مۇشۇ تاۋاپ تۇپەيلى
يامغۇر قۇيدى كەتمەي تېخى ئەل تاراپ.
يامغۇر قۇيار مانا ئەمدى چېلەكلەپ،
بۇلۇتلارنى ئەكەلگەندەك يېتەكلەپ.
بەندىسىگە سېخىي ئىكەن تەڭرىمۇ،
بېرىدىكەن خالىغانغا ئېتەكلەپ.
كۆز ئالدىدا بولدى بۇ ئىش مانا نەق،
كۆز ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇپ تېخى خەق!
تىل ئايرىمى بولغان بىلەن بىراقتا،
بۇنداق ئىشلار تارىخ بولۇپ قالار نەق!
ياغاچ كەپە،
چىراغ كۆيەر ئىسلىشىپ،
ئاجىز نۇردا كەپە ئىچىن ئىس بېسىپ.
مەھمۇد چىگىش ئۇيلىرىنىڭ تۇتقۇنى،
تۇرار جۈملە،
جۈملە بىلەن سۆزلىشىپ.
ئارغۇلاردا «ي»، «يا» «ني»غا ئالمىشىپ،
كېلىدىكەن بىر ـ بىرىگە باغلىشىپ.
پېئىللار بۇ قائىدىگە بويسۇنۇپ،
ھەممە تۇرار جانلىق تىلدەك ئاڭلىنىپ.
ـ كۆل بېلىقلىق، ـ
دېگەنىكەن، ـ پاتقاقلىق،
ھارۋا سېلىپ قىلما يەنە ئاخماقلىق!
ئۇيغۇرلاردا شەھەر بولسا بىرەر جاي،
«بېلىقلاندى»
دېگەن سۆز بار ئاتاقلىق.
پەرقلەرنى ئۇ ئېنىقلاپ يەشمەكتە،
پەرقلەرنىڭ تېگىگە ھەم يەتمەكتە.
جۈملىلەرگە چۆكۈپ كۆنلەپ ئولتۇرار،
ئاھ، بۇ سۆزلەر ئۇنى مەپتۇن ئەتمەكتە.

*

كېچە بولغان بىر سۆھبەتنى ئەسلىدى،
(بۇنداق سۆھبەت بولمىقىمۇ تەس ئىدى.)
يىل نامىچۈن بولغاندەك بىر رىۋايەت،
دەپ مەھمۇدقا بوۋاي سۆزنى باشلىدى:
ـ تاۋغاچلاردا باشلانغانىكەن قانلىق جەڭ،
ياۋ كۆچىمۇ كەلگەن ئەمما تەڭمۇ تەڭ!
شۇ جەڭدىكى پالۋانلارنىڭ ئىشى زور،
قورال ئالغان ئاياللامۇ تۇرۇپ يەڭ.
ئاھ، قانلىق جەڭ،
بىخۇدلۇقنىڭ دەردىنى،
سۇندۇرغاندەك ئۇرۇش گۈلنىڭ بەرگىنى.
پەرزەنتلەرنىڭ قىرىلغىنىن دېمەمسىز،
بولغان ئۇمۇ تەڭرىمىزنىڭ بەرگىنى.
ـ قايسى يىلى بولغان بۇ جەڭ؟
ـ ھەي توۋا!
يىل، ئايلارنى ئەسلىمىدى ئۇ ئەما.
ـ قايسى پەسىل؟
ـ قايسى ئايدا؟
ـ قايسى كۈن؟
ـ بىلمىسەم، بولغانغۇ جەڭ بولتۇرلا.
ـ جەڭنى ئۇنتۇپ قالمىدۇققۇ بۇرادەر،
نومۇس قانلىق جەڭنى ئۇنتۇپ قالسا گەر.
ـ قايسى يىلى،
قايسى ئايدا بولغان جەڭ؟
يىل ئېتىنى ئېيتىپ بېرەر بارمۇ ئەر؟
بىرى دەيدۇ:
ـ قوناق پۆپۈك چىقارغان،
جەڭگە كېتىپ ئېتىزلاردا ئىش قالغان.
ـ يوق گەپنى قوي، ـ
دەيدۇ بىرى غەزەپتە،
ـ قايسى چاغدا بىزنى خاقان چاقىرغان؟
ئەسلىيەلمىدى،
ۋاقىت ئەستە قالماپتۇ،
نامسىز يىللار يىتتۇرۇپتۇ، يالماپتۇ.
ئۇنتۇلمىغان بىلەن ئەلنىڭ كۆڭلىدىن،
ۋاقىت نامىن ھېچكىم تىلغا ئالماپتۇ.
شۇندا ئۇلار تۈزدى مۇنداق كېلىشىم،
كېلىشىمدە بولدى ئېسىل بىر يېشىم.
ئايرىغايمىز يىللار بىلەن پەسىلنى،
ـ مۇشۇ بولغاي، ـ دېدى تاۋغاچ، ـ ئىش بېشىم.
ھايۋانلارنى ھەيدەپ ئىلى دەرياغا،
ھەيدەپ قويدى كۆزەتچىلەر ساي ـ سايغا.
سۇدىن ئۆزۈپ چىققانلارنى بەلگىلەپ
بەرمەك بولدى ئارزۇلاپ يىل نامىغا.
ھەممە ھەيدەپ قوغلاماقتا ئورماندىن،
سۇغا چۈشتى قۇتۇلماستىن بۇ ئاندىن.
يولۋاس،
توخۇ،
ئات، ئېشەكمۇ قوغلاندى.

خەۋەر ئېلىپ تۇردى ئەلنى بويىدا،
بولۇپ يىلنى ئىنقىلاشنىڭ كويىدا.
ئەلنى بولسا دولقۇنلىنىپ ئاقاتتى،
قىتىلغانىدەك تاۋغاچ خانىنىڭ ئويىغا.
— مەلۇم قىلغىن ئەڭ دەسلەپكى ئۆتكەننى،
مەلۇم قىلغىن سوڭغا كىرمەي مۆككەننى،
— ئەنە، شاھىم، چاشقان ئۇزۇپ كەلمەكتە،
— چاشقان دەمسەن؟
بىلگىنىدەك كۆتكەننى.
— يا بىسمىللا، چاشقان يىلى باشلاندى،
يىل بېشىغا ئەمدى قەدەم تاشلاندى.
— يەنە قايسى؟
— كالا،
توخۇ،
يولۋاس،
ئات.
— ئىيتمۇۋەرگىن قىرغا قەدەم باسقاننى.
— ئون ئىككىسى ئۆتەلىدى دەريادىن،
كېتەي دەپتۇ - ھە، ئۇلارمۇ دەرماندىن.
— ھەربىرىگە بىر يىل نامىن بەرگەيمەن،
يىل نامى بوپ ئۆتكەي بۇلار زاماندىن.
شۇنداق قىلىپ پەيدا بولدى يىل نامى،
ھەل بولغانىدەك تاۋغاچ خانىنىڭ ئارمانى.
توختىمغانىدەك بولدى مەھمۇد يېزىشتىن،
تاڭ سوزۇلۇپ كېتەي دەپتۇ دەرمانى...

*

بەك يىراقتىن كارۋان كېلەر كولدۇڭلاپ،
دىلغا يېقىن ئارمان كېلەر ئۇدۇللاپ.
مەھمۇد ياتار، خۇرجۇنىدا قوللىرى،
سۇ بولسا - ھە!
تۇرالمايدۇ نە چارە،
كۆزلەردە قۇم،
ئاچالمايدۇ بىچارە.
ھالسىز ياتار چۆل تەپتىگە قاقلىنىپ،
غېرىبچە يەرنى ئالغىنىدەك ئىجارە.
ئاڭلىنىدۇ ئەمدى بىر ئون بەك غوۋا،
— جېنى بارمۇ؟
— باردەك تۇرار، ھەي توۋا!
— قاراڭلارچۇ، خۇرجۇندىكەن ئىككى قول،
كىرىشىپلا كەتكەنكەنغۇ، ئاھ خۇدا!
مەھمۇد ئاستا ئاچماق بولار كۆزىنى،
كىملەرنىڭدۇر ئاڭلاپ قىلغان سۆزىنى.
كىملەرنىدۇر قۇچاقلىماق بولدى ئۇ،
تۇرالمايدۇ دەڭسەپ باقسا ئۆزىنى.
ئۇ لەۋلىرىن قىمىرلىتىپ ئۈلگۈرمەي،
تۇرغان چاغدا كۆزىن ئېچىپ سۆزلەلمەي،
ئادەملەرنى كۆردى بېشىن يۆلىگەن،
قانداق چىدار ئۇلار ئوچۇم سۇ بەرمەي.
— تەڭرى شەپقەت قىلىپ قايتا بەردى جان،
تەڭرى شەپقەت قىلىپ، ئەمدى ماڭدى قان.
دېدى بىرى خۇرجۇنغا كۆز يۈگۈرتۈپ،
خۇرجۇنىدا نېمە باركىن؟
— بەلكى نان!
— تەگمە بۇ زات ئۆزىمىزدىن ئەمەستەك،
كۆرۈنىدۇ بىزنىڭ تىلنى بىلمەستەك.
كىيگەن تونى ئوخشىمايدۇ، قاراڭلار،
راۋۇا ئەمەس مۇساپىرنى رەنجىتسەك.
شۇندا مەھمۇد ئاستا تۇردى ئورنىدىن،
قۇم تۆكۈلۈپ تۇرار قۇلاق، بۇرنىدىن.
چۆلنى بوران سۈپۈرگەندە ھۇۋلىشىپ،
قالغانئىكەن مۇشۇ يەردە يولىدىن.
ئاھ، دېڭىزدەك قۇم - بۇراندا مەن ئاقتىم،
كۆز ئاچالماي چۆلدە ئۆتتى كۆپ ۋاقتىم.
ماغدۇر كەتكەن چاغدا، تەڭرىم سىلەرنى
ئاتا قىپتۇ،
يولۇقتىنىم زور بەختىم!
— ياغمىلار بىز.
— ياغما دەمسىز؟
ئاھ، تەڭرىم،
بار ئىدىغۇ ياغمىلاردىن گۈل تەرگۈم.
نىيىتىمگە يەتكۈزگىنىن قاراڭلار،
يېتەلمىسەم سۇنار ئىدى گۈل بەرگىم.
— تەڭرى بىزنى ئۇچراشتۇردى مەشەدىن،
ئىيتسىلىكەن ئۆزلىرى كىم،
يۇرت نەدىن؟
— مەن بىر سەيياھ،
ئۇيغۇردىنمەن شۇنداقلا،
يۇرتۇم مېنىڭ،
يۇرتۇم مېنىڭ كاشغەردىن.
— كاشغەردىن؟
— كاشغەردىن؟!
قوللار كەتتى ياقىغا،
داجىغانىدەك بولۇپ بىرى ئارقىغا.
ئۇلۇغ يۇرتنىڭ ئادەملىرى كەپتۇ - دە،
كاشغەرلىكنى كۆرۈپتۇ - دە، ياغمىلار!
قوللىرىنى ئاران ئالدۇق بوشىتىپ،
خۇرجۇن بىلەن قالغانلىرىمۇ بوغىشىپ؟
— خۇرجۇنۇمدا ئەجىرلىرىم توگۈنى،
بۇران ئېلىپ قاچماق بولغان ھۇۋلىشىپ!
شۇڭا ئۇنى كۆكرىكىمگە باسقانمەن،
بوي بەرمەستىن خېلى قىردىن ئاشقانمەن!
پىرقىرىغان چاغدا قۇيۇن كەتمەستىن،
خۇرجۇن بىلەن مۇشۇ جايدا ياتقانمەن.
ئاچتى مەھمۇد خۇرجۇنىنىڭ بېشىنى،
كۆرسەتمەك بوپ ئۇنىڭ ئىچى، تېشىنى.
— قەغەزلەرغۇ؟ —
دېدى كۆرۈپ تۇرغانلار،
قاقتى بىرى چاپىنىنىڭ پېشىنى!

## ئون بىرىنچى باب

ئالدىرايدۇ بۇ ئادەملەر، قاراڭلار!
خۇشاللىقتىن دېرەك بېرەر، قاراڭلار.
ئاتلىقمۇ بار،
ئارىسىدا هارۋىلىق،
نەگە شۇنچە،
سوراڭلارچۇ، ئامال بار؟
ئاۋۇ ئايال بالىسىنى ھاپاشلاپ
كېتىپ بارار بىرلىرىگە يول باشلاپ.
كاشغەرلىكتەك تۇرار مۇشۇ ئاق ساقال،
ھارۋىسىغا يېتىۋاپتۇ يانپاشلاپ،
سوراڭلارچۇ، ئۇلار ماڭدى قاياققا؟
نېمە ئۈچۈن تۇرۇپتۇ يۇرت ئاياققا؟
ياكى بازار قىزىقتۇرۇپ قاپتۇمۇ،
ئالدىرىدىمۇ يېڭى كىيىم ئالماققا؟
ئەكىرگەنمۇ مۇنۇ ھارۋا ئۆرۈك، قاق،

قىستاڭلارغا چۈشۈپ چىقار قىڭغىر چاق.
چاقفا باقماي، قامچا ئۇرار ئېتىغا،
نەگە شۇنچە،
دوستۇم، قېنى، سوراپ باق!
مۇنۇ چوكان قىڭغىر كىيىپ تۇمىقىن،
ئېلىۋاپتۇ قۇچىقىغا بوۋىقىن.
ئالدىراشلىق چىقىپ تۇرار ئەپتىدىن،
نەگە شۇنچە،
بۇ چوكاندىن سورىغىن؟
سوراڭلارچۇ، يۇرت بۇلاردىن ئامال بار،
سوراڭلارچۇ، يېقىنلىغۇ ئاراڭلار؟
ھەممىسىنىڭ چېھرىسىدە ئىللىقلىق،
خۇشاللىقنىڭ ئەكسى بارغۇ، قاراڭلا!

*

ھەي، بۇرادەر، نەگە شۇنچە ئالدىراش،
نەگە شۇنچە چاپسان مېڭىپ جان تالاش؟
قىلىپتۇمۇ يا شەھەرلىك بايۋەچچە
كەمبەغەلگە بىر ئېتىنى خامتالاش؟
— ئاڭلىماپسەن يېڭىلىقنى، ھەي، يۇرتلۇق،
بار ئىكەن - دە، شۇنچىۋالا بىخۇدلۇق!
پۈتۈپتىغۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»،
ئىشقۇ، دوستۇم، بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ قۇتلۇق!
— «جاھاننەما»
پۈتۈپتۈمۇ، بۇرادەر؟
ساخاۋەتلىك بۇ ئىش ئۈچۈن قولۇڭ بەر!
شۇ سەۋەبتىن باغداتنىڭ پاك قوينىنى،
خاسىيەتلىك ئاسمىنىنى يورۇق دەر!
— «جاھاننەما» ئۈلگۈرمەپتۇ كۆچۈرۈلۈپ،
خەتتاتلارمۇ كەتتى ئەمدى كۆتۈرۈلۈپ.
بۇيرۇتمىلار...
بۇيرۇتمىلار بار مىڭلاپ،
تەگمەي تۇرار ئەل قولىغا ئۈلگۈرۈپ.
ئەل كەلمەكتە بەرمەك ئۈچۈن بۇيرۇتما،
پۇلى ئازلار،
كېتىپ بارار پۇللۇقمۇ.
كابۇل،

تېھران خەتتاتلىرى يىغىلىپ،
بىزدىن بۇرۇن ئېلىپ بوپتۇ چىنلىقمۇ.
«نىزامىيە» مەدرىسىدە ئىش باشقا،
شاھتىن بۇگۈن چېچىلغاندەك بىر چاچقا.
تالىپلارنىڭ قولى كىتاب رەتلەشتە،
تېپىلىپتۇ ئەمدى ئىشمۇ نەققاشقا.
بېزىلىپتۇ كىتابنىڭ بەت - بەتلىرى،
گۈل ئارىلاپ يېزىلىپتۇ خەتلىرى.
ھەربىر بەتنىڭ مەزمۇننى ئاچقاندەك،
نەقىشلىك بوپ كۆرۈنەر بەت چەتلىرى.
ھەر بەت ئۈچۈن دىلدىن بېرىپ ھارارەت،
خەتلىرىدىن ئۆزى ئېلىپ ھالاۋەت.
بىر جۈملىدىن بىر جۈملىنى ئايرىشتا
كۆڭۈل قويۇپ يازىدىكەن ئالامەت!
خەتلەر چۈشەر بۇ نەقىشلىك بەتلەرگە،
بەتلەر تولۇپ بارار گۈللۈك خەتلەرگە.
تېخى تولۇق يەتمىگەنتى بۇ كىتاب،
نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان مۇنۇ خەقلەرگە.
ئاھ، خەتتاتلار
چىدامىلىقكەن شۇنچىلىك،
كىم بۇلارغا غەيرەت بەرگەن مۇنچىلىك؟
كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە بۇيرۇتما،
خەتتاتلىقمۇ ئىكەنغۇ بىر گۈلچىلىك.
كۆچۈرۈلەر كۈندۈزى ھەم تۈنىدە،
كۆچۈرۈلەر قويۇپ كۆڭۈل تۆرىگە.
قاراڭلارچۇ، «جاھاننامە» تۈپەيلى
خەتتاتنىڭمۇ نامى چىقتى ئۆرىگە.

*

مەلىك شاھمۇ كۆرۈنىدۇ مۇلايىم،
ئىنساب بەرگەن كەبى بۈگۈن خۇدايىم.
خۇشلۇقىدىن قوللىرىنى ئۇۋۇلار،
شاھلار شۇنداق بولسا ئىدى ھەر دائىم.
— شۇنداق قىلىپ كىتابقا كۆپ خېرىدار،
دېدىڭلارمۇ باغداتتا جىق ئادەم بار؟
— ھەق راست، شاھىم،
بۇ تەرەپتىن ئاجىز بىز،

بولماي كەلدى خەتتاتلارغا ئوردا يار.
بار شاھلارنىڭ، شاھىم، سىزگە سالمى،
بايان قىپتۇ «تۈركىي تىللار» نامىنى.
«نېسىپ بولغاي بىزگىمۇ»، —
دەپ سوراپتۇ،
ئۈلگۈرەلمەي تۇرماقتىمىز يامىنى.
ئالەم كۆزى ئەمدى، شاھىم، باغداتتا،
يەتكۈزگەندەك قىلدى كىتاب ھەقدادقا.
يورۇپ بارار باغداتنىڭمۇ چىرايى،
مەھمۇد ئەجرى بىلەن، شاھىم، شۇ تاپتا.
شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئەمدى-دەس،
ئالەم كۆزى چۈشكەن جايدۇر مۇقەددەس!
ئالەم كۆزى چۈشمەكتىكەن باغداتقا،
باشقىچە يول تۇتماق دەركار ئەمدى، بەس!
— ۋەزىر!
— لەببەي!
— بارغاي خانلىق خەتتاتلار،
بارغاي رەسسام بىلەن ئۇستا نەققاشلار!
مېنىڭ نامىم بىلەن بولغاي ھەرنە ئىش،
مېنىڭ نامىم بىلەن، ۋەزىر، ئىش باشلا!
— قۇللۇق، شاھىم!
— چەتكە بېئىز چىقمىغاي،
چەتتىن داڭلىق رەسسام تەكلىپ قىلمىغاي!
بېرىلىدۇ ئوردىمىزدىن ئىئانە،
شەرتنى بۇزسا، جەرىمانە ئېلىنغاي!
— بەجا، شاھىم!
بۇيرۇتمىلار،
ھەر كۈنى ئەل يۈزلىگەن،
يۈزلىگەن ئەل كېلەر ئۈمىد ئۈزمىگەن.
خەتتات بىلەن كەشتە چېكەر نەققاشلار،
شاھلارمۇ بار پۈتۈشىنى كۆزلىگەن.
باغدات يولى،
ھە، قانچىلىك ئاۋات يول،
ئادەم تولا،
تەڭرىم، ئۆزۈڭ ئاگاھ بول!
كۆرۈنىدۇ تولپار مىنىپ ئۆتكەنلەر،

كۆرۈندۇ ھاسا تۇتۇپ ماڭغان قول.
باغداد يولى،
بۇ قەدىمىي ئاۋات يول... !

## ئون ئىككىنچى باب

— «جاھاننەما»،
ئەل قويۇپتۇ بۇ نامنى،
ئەل تولدۇرار بولسا ئارتۇق ھەم كەمنى.
ئۆچۈرەلمەس قوم ياغسىمۇ ئاسماندىن،
يۇرت يارىتىپ يېقىپ كەتكەن بىر شامنى.
— ئۇلۇغ باھا !
— «جاھاننەما» راستىنلا.
— بېرىلىپتۇ كۆپنىڭ قەلبى بوپ لىللا.
— «تۈركىي تىللار»
«جاھاننامە» بوپ قاپتۇ،
باشلانماستىن تۈرۈپ تېخى بىسمىللا !
— ھېچكىم ئۇنى مۇشۇ نامدا سۇنمىغان.
— نېچۈن كىتاب ئۆز نامىدا تۇرمىغان؟
«تۈركىي تىللار» دەپ نامىلىسا ھەزرىتىم،
كىملەر ئىكەن نامى بىلەن قويمىغان؟ !
— ئۆز خەلقىغۇ جاھانغا تەڭ ئەيلىگەن،
جاھانغا تەڭ نام بولمىسا بەرمىگەن.
— راست، جاھانغا تەڭداش كىتاب.
— ئۆلمەس ئۇ،
— كاشغەرىي بۇ گۈلنى ئاسان تەرمىگەن.
— كاشغەرىيمۇ؟
كەچۈرگەيلا ھەزرىتىم،
سوئالىم بار،
ئاڭلاپ قالاي بۇ قېتىم.
سوئالىم بار يۈرىكىمدە ساقلانغان،
كاشغەرلىكمەن،
ئۆزلىرىدىن يوق يېتىم.
ئۆزلىرىنى «كاشغەرىي» دەپ ناملاپلا،
مۇشۇ نامنى لايىق تېپىپ تاللاپلا.
سەۋەبى نە؟

كەچۈرگەيلا ھەزرىتىم،
قالسا رازى ئىدى پېقىر ئاڭلاپلا !
ئولتۇرغانلار بۇ سوئالدىن ئىدى خۇش،
بۇ سوئالنىڭ يىلتىزى چىڭ، ئەمەس بوش.
مۇشۇ تاپتا ھەزرىتىمدە ھەممە كۆز،
پەرۋازغا تەق تۇرغىنىدەك ئۇچقۇر قۇش.
سۆھبەت ئالدى باشقىچىلا قىياپەت،
باشقىچە تۈس ئالدى ئەمدى زىياپەت.
ئەزەلدىنلا مۆتىۋەرلەر يىغىلسا،
ئۇلۇغ ئىشلار سۆزلىنىدىغان بار ئادەت.
— راست، كاشغەرنى نامىم قىلىپ تاللىدىم،
كاشغەرىمنى ئۇنتۇپ، نەپەس ئالمىدىم.
ئۆمۈر بويى تۇردى كاشغەر دىلىمدا،
شۇ سەۋەبتىن ئوت - يالقۇنسىز قالمىدىم.
ئەجرىمنى ئەل كۆتۈردى ئالقانغا،
«جاھاننەما» قىلىپ بۈيۈك ئاسمانغا.
ئەجرىم بىلەن بىللە تۇرسا كاشغەرىم،
رەھمەت ئەلگە،
بۈيۈكلەرنى قوشقانغا ! —
دېدى مەھمۇد ساقىلىنى بىر سىلاپ،
چېچىلغاندەك بولۇپ كەتتى نۇر - ئاپتاپ.
ھەممە جىمجىت،
كۆڭۈللەردە يورۇقلۇق،
كەڭ جاھانغا قىلىشقاندەك بوپ خىتاب !
مېھىر قويۇپ تاڭ قالغىنى راست ئالەم،
ئەجرى بىلەن ئالەمگە تەڭ بۇ ئادەم.
سۆزلەر كاشغەر -
دىيارىنىڭ نامىنى،
تەخەللۇس قىپ يۈرگىنىنى ئۇ ھەر دەم.
— كاشغەر نېمە؟
كىم قويغان بۇ ئات بولدى؟
نە سەۋەبتىن كاشغەر ئۇچۇن گەپ بولدى؟
— «كاشغەر» دېگەن ئىسمى نەدىن چىقىپتۇ،
بۇنى سوراپ قالغىنىڭلار خوپ بولدى.
شامان دىنى بولغان چاغدا ھۆكۈمران،
قورامىغا بۇددىستلارمۇ راست تولغان،

«كاش - ناگار» دەپ ئاتاپتىكەن بۇ جاينى،
ھە، خۇدانىڭ ئۆيى بولماس دەپ گۇمران.
شۇ سەۋەبتىن بۇ ماكاننى مۇقەددەس
بىلىپ كەلگەن، قەست قىلغاننى قىلىپ پەس!
يۇرت خىسلىتى —
تەڭرى مېھرى چۈشكەن جاي،
بۇ زېمىندىن يوقىلىشى، بىلگىن، تەس...!
قول سەنئىتى،
شايى - ئەتلەس،
دوپپىلار...
نەققاشچىلىق،
كىم دەر كۆرمەي، بوپتۇلا.
ھۈنەر بىلەن ھۆسنى باھار بۇ ئەلنىڭ،
شۇڭا ئاتاپ كەلگەن «كاشا» دەپ ئۇلار.
«كاشا» دېگەن بىلگۈچىدۇر سەنئەتنى،
ياسىغۇچى ئۆز يېرىدە جەننەتنى.
«كار» ياكى «ئىر» نامىلىرىنى تۇتقا قىپ،
«كاشائىر» دەپ بىلدۈرگەندۇر ھۆرمەتنى.
«كاشائىر» دەپ ناملاپتىكەن ئۇلۇغلار،
ئەل ئەجرىگە قىلىپ مىڭ بىر قۇللۇقلار.
تاجى بىلىپ ھۈنەر بىلەن سەنئەتنى.
يىغىلغانىكەن قەبىلىلەر، ئۇرۇقلار.
تۇمەندەريا ئاقار لىقشىپ، داۋالغۇپ،
بۇ ماكاننىڭ يۈرىكى بۇ ھەم ئۇرغۇپ.
ھۆسىن بېرىپ ئۇنىڭ نۇرلۇق ھۆسنىگە،
بىر كاش تۇرار چىققىنىدەك سۇغۇرۇلۇپ.
بىر كاش تۇرار تۇمەن كەبى سوزۇلغان،
كاش ھۆسنى بوپ مۇشۇ ماكان تونۇلغان.
دەپ كەلگەنتى شۇڭا «كاشنىڭ قىرى» دەپ،
«كاشنىڭ قىرى» دېگەن نامىمۇ قويۇلغان.
«كاش» دېگىنى «خۇدا» دېمەك تەپسىرى،
«ناگار» ئۆيدۇر،
«خۇدا ئۆيى» تەسۋىرى.
ئەجرى بىلەن پېشانىسى يورۇق جاي،
ئاتالغانتى ئەل تىلىدا «كاشغەرىي».
تەخەللۇس قىپ ئالدىم شۇڭا ئۆزۈمگە،

ھەمرا بولغاي كىتابىمنى كۆرگەنگە.
ئۇندىن باشقا بويۇكلۇكنى تاپماسمەن،
كاشغەرىمسىز ئۇخشايمەنغۇ ئۆلگەنگە!
كەلدى شۇئا ئۆمرۈم مېنىڭ نۇرلىنىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن كەتتى جاھان ئۇيغىنىپ.
«جاھاننەما» بىلەن كاشغەر قوش كەتتى،
مۇنداق بەخت كۆرمىگەنمەن تۇغۇلۇپ!

## ئون ئۈچىنچى باب

كارۋان كېلەر كوچىلارنى قاق يېرىپ،
كەتتى جىمجىت بۇ ئەتراپقا جان كىرىپ.
قوڭغۇراقلار مۇڭدەك باسقان كۆزلەرگە
مەدەت بېرىپ،
كارۋان كېلەر كۆچ بېرىپ.
قوڭغۇراقلار تۆگىلەرگە ھەممەيەس،
بىردە كۆچلۈك چىقار ئۇنى،
بىردە پەس.
ئۇ ماسلاشقان تۆگە قەدەملىرىگە،
چۆلدە قۇۋۋەت بولۇپ ياڭرار دىلگە، بەس!
كولدۇرۇڭ، كولدۇرۇڭ...
ئېغىر قەدەم تۆگىدە،
تەۋرىنىدۇ تۆگىدىكى ئۈگىلەر.
چۆل كېمىسى يېتىپ كەلدى باغداتقا،
ئېڭىشتىكى كىم بىلىدۇ نېمىلەر؟!
قوڭغۇراقتىن باغدات كۆزىن ئاچقاندەك،
بولدى ئويغۇ
مۇگدەكلىرى قاچقاندەك.
بىر سەگەكلىك پەيدا قىلدى كاشغەرگە،
بەگباش قىزلار بۇلاق سۈيىن چاچقاندەك.
كارۋان بارار چوڭ يول بىلەن ئېرەنسىز،
كارۋان بارار چوڭ يول بىلەن ھېچ غەمسىز.
ئالدىرىماس ئېغىر يۈكلۈك تۆگىلەر،
قەدەم تاشلاپ ماڭىدۇ بەك كېلەڭسىز.
تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرى پۆپۈكلۈك،
ئادەملىرى بولسا قىزىل ئۆتۈكلۈك.

بۇ ھال ئېنىق كاشغەرلىكنى ئەسلىتەر،
چەكمىنىنىڭ ئۈچى بەلگە پۆكۈكلۈك.
كارۋان ساراي،
چۆشۈرمەك بوپ يۈكلەرنى،
تۆگىلەرنى ئەمدى ئەپلىك چۆكتۈردى.
بىر يۇتۇمدىن ئىچىشكەندە ئىسسىق چاي،
بىلىنگەندەك بولدى جانغا يول دەردى.
باغداتتا گەپ تارالماقتا ھەممىگە،
باغدات خەلقى تەيياردەك بىر بەزمىگە،
كەلدى ئېغىر يۈكلۈك كاشغەر كارۋىنى،
سودىگەرلەر ئۈچۈن بۇ گەپ بەلگى - دە...!
سودىگەرلەر ئەھلى بۈگۈن تەۋرىدى،
سودىگەرلەر بۇ سارايغا جەم ئىدى.
مالنى كۆرمەي قىزغىنىدۇ بەزىلەر،
ئالماي تۇرۇپ ئېخى مالنىڭ خەۋرىنى.
— جىگدىكەن - دە،
— قاغا جىگدە، - دەر بىرى،
قاچۇرغاندەك قىلىپ تۇرار ئۇ نېرى.
— سەرگەز ئىكەن،
- ياق، چەكمەندەك كەلتۈرگەن،
ئايلىنىشار بىلەلمەستىن بۇ سىرنى.
- كارۋانبېشى چىقمامدىكەن تالاغا،
باھا قويسا يېڭى كەلگەن ماللارغا.
- كارۋانبېشى شاھ يېنىغا كەتكەنمىش،
كېيىن مالنى سالار ئىمىش بازارغا.
ئاتلىق كەپتۇ،
سودىگەرلەر ھارۋىلىق،
يانچۇقلىرى پۇللۇق، ئالتۇن - يامبۇلۇق!
جىگدىسىمۇ ئېتىبارلىق كاشغەرنىڭ،
گۈلە - قاقلىرى،
ئەنجۇرلىرى باھالىق.
ماتا چەكمەن،
گىلەملىرى خوتەننىڭ،
زىلچىلىرى كۆز چاقىدۇ بۇ ئەلنىڭ.
ئەتلەسلىرى ئەسلىتىدۇ باھارنى،
ئەتلەسلىرى دىل قېتىدا بىلگەننىڭ.

يىپەك، شايى،
تەگدىشى ئاز ئالەمدە،
بىر ئېتىقاد ئويغىتىدۇ ئادەمدە.
كاشغەر مېلى كەپتۇ دېسە باغداتقا،
سودىگەرلەر پەيدا بولار بىردەمدە.
*
ئىككى كىشى گويا خىزىر قىياپەت،
ئولتۇرىدۇ شۇنچە ئىللىق سالاپەت.
— پىرىم! —
دېدى كارۋانبېشى قۇچاقلاپ،
ۋىسال پەيتى ياش تۆكمەكلىك بار ئادەت.
— پىرىم، سىلىنى سېغىندۇرغان يۇرتتىن مەن،
سىلى سېلىپ ئۆتكەن ئىزدىن ئۆتتۈم مەن.
— پەرۋەردىگار، سېغىنىپتۇ كاشغەرىم،
ئاھ، كاشغەرنى مەنمۇ شۇنداق كۈتكەنمەن،
دېدى مەھمۇد:
— سېغىندۇرغان تۇپرىقىم،
بىلىنمەكتە تۇپرىقىمدا يوقلىقىم.
كىمگە دەركار يات يېرىگە بولۇپ گۈل،
يەرسىز ئۆتكەن پادىشاھلىق توقلىقىم.
— كاشغەر سالام ئېيتتى، پىرىم، تاپقىن دەپ،
چەكمەن بەردى پىرىمىزغا ياپقىن دەپ.
پەرزەنتىنى سېغىنىپتۇ - دە، دېدى،
بۇ ماللارنى شۇلار بەرگەن ساتقىن دەپ.
ياش يېتىپتۇ، ئەمدى، پىرىم، قايتقايمىز،
يەر دەردىنى بىللە تۇرۇپ تارتقايمىز.
بىز پاتقان جاي پىرىمىزنى كىنەپتۇ،
ئەل كىنەپتۇ،
كۆڭلىن ئۇقۇپ باققايمىز.
— ئىنشائاللا،
يۇرتۇم مېنى كىنەپتۇ،
يۇرتۇم مېنىڭ قايتىشىمنى تىلەپتۇ.
ئىنشائاللا،
غېمىمنى ئەل يەپتۇ - دە،
ياش يەتكەندە دەپتۇ پەرزەنت بىللە تۇر.
ئىنشائاللا، خەلقىم بار غەم يېگۈدەك،

خەلقىم باركەن قەدرىمنى ھەم بىلگۈدەك.
چۈشۈپ قالسۇن ھەم ئاخىرقى ئىزلىرىم،
تونۇم قالسۇن يەرداشلىرىم كىيگۈدەك.
بىز قايتايلى، پەرۋەردىگار ئاسرىغىن،
پىرىمىزنى پاناھىڭدا ساقلىغىن.
قول كۆتۈردى كارۋانبېشى دۇئاغا،
دىيارىڭدا ياشاش ئۈچۈن باشقىدىن... !

## ئون تۆتىنچى باب

باغدات بۈگۈن يېڭى كىيىم كىيگەندەك،
باغدات بۈگۈن بىرنېمىنى بىلگەندەك،
كۆرۈندۇ ئادەملەرمۇ باشقىچە،
كۆرۈندۇ ئەجەب خىيال سۈرگەندەك.
بولغانمۇيا بۈركۈتنى ئۇچۇرماق،
بەخت قۇشى كەبى قولغا قوندۇرماق.
بولغانمۇ ـ يا ساخاۋەتتىن چېكىپ گۈل،
ھەسەتخورنىڭ تەخسىسىنى سۇندۇرماق.
ئادەملەردە بىر تەشۋىش بار، ئالامەت،
كۆرسىتەرمۇ بىر سېھىرگەر كارامەت.
ھەممە شاھنىڭ ئوردىسىغا ئالدىرار،
شاھ تەختتە ئولتۇرارمۇ سالامەت؟!
سودىگەرلەر دۇكان تاقار ئالدىراش،
ناۋاي ناننى تېز ـ تېز ياقار ئالدىراش.
چالا قېقىپ ئېشىكىگە تاقىنى،
ئىككى بوۋاي بىللە ماڭار ئالدىراش.
مەدرىسەئى «نىزامىيە» يېپىلغان،
تالىپلارمۇ مۇشۇ توپقا قېتىلغان.
كېتىپ بارار،
ئاشپەز،
ناۋاي بۇ توپتا،
دۇكانلار يوق بۈگۈن تاڭدا ئېچىلغان.
بىرى دەيدۇ:
ـــ باغداتتىن كۆن كۆچەرمىش،
بىزدىن ئەمدى ئۇ كاشغەرگە كېتەرمىش.
بىزنى تەرك ئېتىپ ئاشۇ ئەزىز جان،
ئۇلۇغ كاشغەر دىيارىغا يېتەرمىش.
بىرى دەيدۇ:
ـــ باغدات جاۋاب بەرمەپتۇ،
مەلىك شاھمۇ بۇ ئىشقا بوش كەلمەپتۇ.
تۈركان خېنىم قاراخانىيلار پۇشتىمىش،
خەلىپىگە كۆپ ئىختىيار تەگمەپتۇ.
ئەل ئىچىدە ئوخشىمىغان گەپ بولار،
ئوخشىمىغان گەپ مۇشۇنداق كۆپ بولار.
ئوخشىمىغان گەپلەر بەزەن داۋالغۇپ،
ئوخشىمىغان گەپلەر بىلەن دىل تولار.
ئېقىپ بارار ئادەملەرنىڭ ئېقىنى،
كۆرۈنمەيدۇ توپنىڭ يىراق ـ يېقىنى.
خوشلاشقىلى كېتىپ بارار بۇ خەلق،
سۆرىگەندەك قىلىپ ئۆمۈر چېقىنى.

*

مەلىك شاھنىڭ ئوردىسىدا تەنتەنە،
ئولتۇرىدۇ مەلىك شاھمۇ، ئۇ ئەنە.
سەركەردىلەر،
ئۆلىمالار سارايدا،
كاشغەرىيمۇ خان يېنىدا بار يەنە.
شاھ يېنىدا كۆرسىتىپ ئۇ سالاپەت،
چىقىپ تۇرار ئەجەب ئۇلۇغ قىياپەت.
بار ئاربلاپ كاشغەر ۋەكىللىرىمۇ،
بېرىلمەكتە شاھتىن بۈگۈن زىياپەت.
يەتكەنلىرى بۇنىڭ تېگى ـ تەكتىگە،
شاھ تۇرۇپتۇ، دېمەك، قىلغان ئەھدىگە.
ئۈزىتاركەن ئۆزى يوروق يۇلتۇزنى،
ئۈزىتاركەن ئەللامىنى ئەتىگە.
ـــ ئەللامىلەر!
شاھ سۆزلىدى تەسلىكتە،
شاھ سۆز قاتار ئەجەب دىلى غەشلىكتە.
ـــ بىزدىن كەتمەك بوپتۇ بۈيۈك ئەللامە،
ئۈزىتىمىز بىز ئەتىگە كەچلىكتە.
سەلجۇقىيلار ھۆكمى قانات بولغان، راست،
سەلجۇقىيلار بولۇپ كەلگەن دوست، قاياش.
تەختىمىزنىڭ سايىسىدا بولىدۇ ئۇ،
شۇڭا ئېگىز ئۇ كۆتۈرۈپ يۈردى باش!
سىرلىق دۇنيا بەرگىنىدەك تەختىنى،
تاپقىنىدەك بولدى ئالەم بەختىنى.
كەلگەن بىلەن بۈگۈن قېرى بىر نارەدەك،
ئالدى قىلغان ئەجرىگە پاك ھەققىنى.
رەنجىمىگەي بۇ تەڭداشسىز ئەللامە،
دەردلىرىگە بىز دەردداشقۇ ھامانە.
كەتمەك بوپتۇ بىزدىن يەنە كاشغەرگە، ـ
دېدى ـ دە، شاھ،
ـــ قىزىق ـ دە، بۇ زامانە... !
مەھمۇد ئاستا تۇرۇپ قويدى ئورنىدىن،
ساقىت قىلغان كەبى قەرزىن بويىنىدىن.
شاھقا تۇتقان جاھانغا تەڭ كىتابنى،
كېلىپ ئۇيغۇر دىيارىدىن، قويىنىدىن...
سېرىق سەللە،
چەكمەن كىيىپ ئۈستىگە،
چەكمەن ھۆسن قوشۇپتۇ، پاھ، ھۆسنىگە.
شاھ تەرەپكە تىكىپ ئويچان كۆزىنى:
ـــ رەھمەت، شاھىم! ـــ
دېدى مەھمۇد،
ـــ خەلىپەم،
يۈرىكىمدە ئۆتكەن ئىش بار ھېلىھەم.
ياخشىلىق بىر مېۋە بېرەر دەرەختەك،
ئاسرىغايمەن يۇرتۇم بىلەن ئۇنى مەن.
ساقلىنىدۇ كاشغەر بىلەن بىرلىشىپ،
ساقلىنىدۇ كاشغەر ـــ باغدات كېلىشىپ.
ساقلىنىدۇ ياخشىلىقنىڭ يىلتىزى
ئىككى ئەلنىڭ يۈرىكىدە چىرمىشىپ.
ـــ تون! ـــ
دېدى شاھ،
ـــ تون ياپقايمىز ئالىمغا.
خەزىنىچىلەر تېز كېلىڭلار ئالدىمغا.
تون يېپىڭلار ـــ
ئالىمغا شاھ تونىنى،
ئۇ ئەجرىنى تۆتتى مېنىڭ نامىمغا.
تون يېپىڭلار!

دىلىمىزنى ئېپ بارسۇن،
تون باغداتنىڭ ئاق يوللۇقى بوپ بارسۇن،
ھەم ئېچىلغاي خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكى،
رەنجىپ كەلگەن،
ئۇ يۇرتىغا خۇش بارسۇن !
تون يېپىلدى،
باغدات تونى،
شاھ تونى،
يېقىنلىرى قۇچاقلىدى دوستىنى،
ئىللىق سۆزلەر ياغدى تەرەپ ـ تەرەپتىن،
ــ تون مۇبارەك،
ــ تون مۇبارەك !
دەپ ئۈنى.
ئۇ بېشىنى ئەگدى، قولى كۆكسىدە،
ئوت ئالغاندەك بولۇپ قەلبى گۈپپىدە.
مۇشۇ ئوتنىڭ تەپتىدىنمۇ، بىلمىدىم،
ئىسسىغاندەك بولدى ئەتراپ ھۇپپىدە.
باغدات، باغدات،
ئۇ قەدىمىي گۈل ماكان،
ئىلىم ئىزدەپ كەلگەنلەرگە سەن بىر كان.
ئۆز يېرىمدە كۆمۈلگەندە تەلىيىم،
باغدات، سەندىن تاپقانمەنغۇ زور ئىمكان.
يىلتىزىم بار مېنىڭ باغدات، كاشغەردە،
مەن ئارماندا قالماي تاڭلا مەھشەردە !
سەندىن كەتمەك بولدۇم، باغدات، رازى بول،
دوستلار يېرى بولغان ئەمەس بەخشەندە.
ئايرىلىشنىڭ ئالدىدا بىر تەۋرەندى،
بىر تەۋرىنىپ قالدى كاشغەر پەرزەندى.
دەقىقىلەر يېقىنلىشىپ كەلمەكتە،
ئۇ جۇدالىق دەملىرىنى سەزگەندەك...

## ئون بەشىنچى باب

كارۋان پامىر ئېتىكىنى بېقىنلاپ،
قالدى تونۇش قىرغاقىمۇ يېقىنلاپ.
تونۇش تۇپراق بويلىرىغا يەتكەندە،
باش ئېگىشتى تۇپىسىنى سىقىملاپ.
ــ ئاھ، ھەزرىتىم، ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن
دەھبىتقۇ ئۇ،
مەن بۇيەرنى كۆپ كۆرگەن، ــ
دەپ كۆزىدىن تۆكتى مۆلدۈر ئىسسىق ياش،
ــ كۆرىدىكەن ئامان بولسا ئۆلمىگەن.
ئازراق ماڭساق، ــ دېدى بىرى تەلپۈنۈپ،
ئانا تۇپراق ئارزۇسىدا يەلپۈنۈپ.
ــ ئازراق ماڭساق گەزگە يېتىپ بارىمىز،
سەجدە قىلار چاغمۇ كەلدى يۈكۈنۈپ.
ــ ئەنە، پىرىم، كۆرۈنۈپمۇ قاپتىكەن،
گەز دەرياسى،
ئاۋۇ ئۇلۇغ ئارت دېگەن.
ئۇلۇغئارتتىن ئۆتكەندىلا ئوپالغۇ،
باشقىكەن ـ دە،
باشقىكەنغۇ يۇرت دېگەن ... !
گەز دەرياسى پەسلىمەستىن شاۋقۇنى،
يولچىلارمۇ پەسلەتمەي ئوت ـ يالقۇننى،
يېتىپ كەلدى ئۇنىڭ ئىللىق بويىغا،
ھاپاش قىلىپ ئېغىر قىسمەت ـ تەقدىرنى.
چۈشتى يوغان قېچىرىدىن ھەزرىتىم،
چۈشكىنىدەك ئۆز يېرىگە بىر قېتىم.
كۆتۈۋالدى پەرزەنتىنى دەريامۇ،
باشقىچىرەك سېغىنىپتۇ بۇ قېتىم.
ــ ئىمام مالىك !
ــ لەببەي، تەقسىر!
ــ چۈشكەيمىز،
گەز سۈيىنى تاۋاپ قىلىپ ئىچكەيمىز.
ئۇلۇغئارتنىڭ داۋانىدىن ئۆتكەندە،
يۇرت تۇپىسىن پۇراپ يەرگە چۆككەيمىز.
ــ بەجا، پىرىم !
بەجا بولغاي بۇ ئىشلار،
ئالدىمىزدا تېخى تالاي مېڭىش بار.
كەلتۈرۈلدى گەز بويىغا ئېشەكلەر،
چۈشۈرۈلدى قېچىردىن يۈك ـ تېڭىقلار.

*

قىزىق تۆمۈر،
چاچرايدۇ ئوت ـ ئۇچقۇن،
كىچىككىنە بۇ دۇكاندا ئىش جۇشقۇن.
قېرى ئۇستا بازغان ئۇرار سەندەلگە،
ساداسىغا تەڭ كېلەلمەس ھېچ توسقۇن!
كۆيۈك پەشۋال،
ئوت ئالدىدا ئىسسىلىشىپ،
ئارىلاپ قويار شاگىرت بىلەن گەپلىشىپ.
كونى ئۆتەر تۆمۈرچىنىڭ مۇشۇنداق،
دوستلىرىنى كۆرگىنىدە دەردلىشىپ.
ئوچىقىغا تاشلار چېغى كۆمۈرنى،
كۆمۈر بىلەن كۆمگەن پەيتتە تۆمۈرنى.
بىرى دېدى:
ــ تۆمۈر بىلەن ئېلىشىپ
ئۆتكۈزۈپتۇق ئۇستام گۈلدەك ئۆمۈرنى.
ــ ھە،كەلسىلە،
يوقلاپتىلا پېقىرنى،
يۈيۈپ كەلگىن، بالام، مۇنۇ ھېجىرنى!
ــ كايىمىسىلا،
چاي ئۇستىدىن كەلگەنمەن،
چىقمامدىلا، ئۇستام، توقۇپ قېچىرنى؟
ــ نېمە ئىشكەن؟
ــ قاراڭلار، يۇرت ئېقىپتۇ،
يۇرت ئوپالغا قاراپ قانات قېقىپتۇ:
كېلىۋاتقۇدەك ھەزرەت مەھمۇد كاشغەرىي،
ــ نېمە، نېمە؟ !
ــ قۇتلۇق قەدەم يېتىپتۇ.
يۇرت كۈتمەكتە شۇ ھەزرىتى موللامنى،
ئادەم قاپلاپ كەتتى شۇڭا يوللارنى.
ــ ئاھ، ھەزرىتىم،
ئاھ، كاشغەرىي بارمىكەن؟ !
قايغۇ يۈكى باسقانىدى غوللارنى، ــ
دەپ پەشۋالنى يەشمەي كىردى ئېقىنغا،
ئاڭلىنىپتۇ بۇ گەپ يىراق ـ يېقىنغا.
بولغىسىنى تاشلىماپتۇ ئۇستامۇ،
كېتىپ بارار ئۇخشاپ ئۇ ئوت ـ چېقىنغا... !

ئەل ئېقىمى،
ئەجەب ئىشلار باركەن ـ دە،
ئەجەب ئىشلار ئادەملەرگە ياركەن ـ دە.
يەر ئادەمگە،
ئادەم يەرگە، چۈشەنسەڭ،
ياخشىلارغا، ھە، ياخشىلار زاركەن ـ دە... !

*

ئوپال كۆكسى ئايلىنىپتۇ بىر تويغا،
سېلىنىپتۇ گىلەم بۇلاق بويىغا.
داش قازانلار ئېسىلىپ ئوت قالاپتۇ،
مىنمۇاپتۇ خېۋەرچىلەر قىلىيورغا.
جىگدىلىكلەر ئادەم بىلەن بوش ئەمەس،
كۆرۈنمەيدۇ بۇگۈن كۆڭلى خوش ئەمەس.
راۋاب ياڭرار سېغىنىشلىق پەدىگە،
بۇ ھەقىقەت،
بۇ ئۇيقۇلۇق چۈش ئەمەس.
كۆتىدۇ ئەل ئېغىز تەگمەي تاماقتىن،
ئەل كۆتمەكتە ناشتا قىلماي نە ۋاقتىن.
زىلچا تولغان مارجانبۇلاق بويىغا،
مۇقام ياڭرار ئۆزھال بىلەن چارىگاھتىن.
تولۇپ كەتكەن مۇشۇ ئېگىز تۆپىلىك،
ئوپال گۈللۈك،
يەرلەر يېشىل كۆرپىلىك.
تەبىئەتنىڭ سېخىيلىقى بار مۇندا،
باغلىرىدا ئانار بىلەن ئۈزۈملۈك!
ئۆي ـ ئۆيلەردە ھورلۇق ناننىڭ پۇرىقى،
بوپ تۇرىدۇ قايماقلىق سۈت سورىقى.
تونۇرلاردا سامسا تەييا بوپ قالدى،
گۆشگىردىلەر كاشغەر قويىنىڭ قۇيرۇقى.
تەييار بولۇپ قالدى مانا ئۇگرە،
يېتىپ كەلسە ھەزرىتىمگە ئۇلگۈرە.
تىلىماقتا كاشغەر شېكەر سۆلىرى،
كۆكچىلىرى،
تولۇم، تولۇم بودرە... !

*

گەز دەريادىن ئۆتكىنىدە ھەزرىتىم،
ئۆزاتقانلار قالغان ئۆتمەي دەھبىتتىن.
ئۆلۈغئارتنىڭ داۋىنىغا يەتكەندە،
كۆتكۈچىلەر كەلدى تەرەپ ـ تەرەپتىن.
ـــ پىرىم !
ـــ مەھمۇد !
ـــ يۇرتداشلىرىم، ئەزىزلەر... !
ـــ ئۇھ، ھەزرىتىم بىزنى كىنەپ كەپلا ـ دە.
ئاپئاق ساقال،
قەددى ئازراق پۈكۈلگەن،
نۇرلۇق چىراي،
كۆزلەردىن نۇر تۆكۈلگەن،
كەڭ پېشانە بۇ يېقىملىق ئادەمنىڭ
مۇشۇ تاپتا دىل قاتلىرى سۆكۈلگەن.
قۇچاقلىشار،
مېھرىلىك بۇ قۇچاقلار،
ئۇلار شۇنداق بىر ـ بىرىگە دىل قاقلار.
قۇچاقلىشار ياش تامچىلاپ كۆزلەردىن،
ئەمما ۋىسال ئۆتىن ياقتى بۇ چاغلار.
ـــ پىرىم، ئەمدى بىز داۋاندىن ئۆتكەيمىز،
مۆرىمىزگە سېلىنى ئېپ يۆتكەيمىز. ـــ
دېدى بۇ يۇرت كاشغەرىينى ھاپاش قىپ.
ـــ ياق، ئەپسىزغۇ!
ـــ يەر دەسسەتمەي كەتكەيمىز.
ئۆلۈغئارتنىڭ داۋىنىدىن ھاپاشلاپ،
ئەل ماڭىدۇ مانا ئەمدى يول باشلاپ.
قولدىن قولغا،
قولدىن قولغا يۆتكىلەر،
مەھمۇد بارار مۆرىلەردە كۆز ياشلاپ.
قولدىن قولغا يەر دەسسەتمەي ئېپ كەتتى،
تالاي يوللار ئارقىسىدا قېپ كەتتى.
يەر دەسسەتمەي كېتىپ بارار مۇشۇنداق،
يۈرەكلەرگە مانا بۇگۈن ئوت كەتتى... !
مۆرىلەرنى تۇتۇشماقتا مۇنۇ ئەل،
مۆرىلەرنى تۇتۇشماقتا پۈكۈپ بەل.
كېتىپ بارار ئەل ئېقىمى تەۋرەمەي،
ئوپالغىمۇ كەپ قالغاندەك تۇرار دەل.
مۆرىلەردىن ئۇ مۆرىگە يۆتكىلەر،
كاشغەرىيگە مۆرە، تۇتۇپ يۇرت كېلەر.
بىرلىرىگە تەگمەي ئۆتۈپ كېتەر ئۇ،
بىرلىرىگە گۈل پۇراقلىق بوپ كېلەر.
ئوپالغىچە ئەل دەسسەتمەي مۆرىدە،
ئوپالغىچە تۇتۇپ كۆڭۈل تۆرىدە.
گويا يۇرتنىڭ ئالقىنىغا ئېپ كەلدى،
ساناپ بولماس يۇرت تۇرار ئۆپچۆرىدە.

*

قۇرۇماستىن كۆزدىن شادلىق ياشلىرى،
بېسىلماستىن يۇرتنىڭ قۇچاقلاشلىرى،
مارجانبۇلاق يېنىدىكى تېرەككە،
قاراڭلارچۇ، موللام قەدەم تاشلىدى.
مانا قىزىق:
قۇچاقلىدى تېرەكنى،
ئەزگىنىدەك بولۇپ ئۇتلۇق يۈرەكنى.
تۇرۇپ قالدى ئۇنى سىلاپ بىرھازا،
تاپقىنىدەك ئۇ ئۆزىگە كېرەكنى.
يوغان تېرەك تۇرار مانا ئېگىلىپ،
مېھرى دىلغا قالغىنىدەك چىگىلىپ.
ـــ تونۇدۇڭمۇ؟
مانا سىرداش تېرىكىم،
تونۇدۇڭمۇ؟ ! ـــ
دەر تېرەككە يۆلىنىپ.
ـــ ھە، تونۇدۇم،
ـــ قېنى تاغدەك گۈل بەستىڭ،
نەدە ئوتلاپ،
قەيەرلەردە سۇ كەچتىڭ؟!
قېرى ناردەك يېنىپ كەپسەن يۇرتۇڭغا،
ئازابىنى تارتىپسەن ـ دە، چۆل ـ دەشتىنىڭ.
ـــ شۇنداق، ھاسام،
قېلىۋىدىڭ ئورنۇمغا،
سېغىنغاندا پۇراپ تۇردۇڭ بۇرنۇمغا.
گۆۋاھ قىلىپ مۇشۇ مارجانبۇلاقنى،
كەتكىنىم راست ئىدى شۇ كۈن يولۇمغا.
جاھان كەزدىم،
باشقا كەلدى يۈرمەكلىك،

(راۋا باشقا كەلگەن ئىشنى كۆرمەكلىك.)
مانا تالاي قىش - ياز ئۆتۈپ كېتىپتۇ،
نېسىپ بوپتۇ سېنى كۆزگە سۈرمەكلىك.
سەندە باھار،
مەندە كۈزنىڭ شاملى،
بوغداي تۆكەپ،
قالدى ئۆمۈر سامىنى.
مەن بارمىغان شەرق، جەنۇب قالمىدى،
كۆرۈشتۇقتۇ كۈز بولسىمۇ ھامىنى.
ھاي-- ھاي... !
كۆكلەپ كېتىپسەن، كۆز تەگمىسۇن،
شاخلىرىڭنى دۈشمەن قولى ئەگمىسۇن.
ھاي --ھاي تېرەك،
ھاي، ھاي بولۇپ قېلىۋەر،
ساڭا ھايات قېرىلىقنى بەرمىسۇن!
كۆز تەگمىسۇن ھاي - ھاي تېرەك، ھاي تې-
رەك،
تەڭتۇشلىرىم بۆلەك ماڭا، سەن بۆلەك.
بىر چاغلاردا ھاسام بولدۇڭ، يۆلەندىم،
ئەمدى سىرداش، مۇڭدىشىم سەن، ئاھ، پەلەك... !

## ئون ئالتىنچى باب

بىر چوڭ بىنا قۇرۇلماقتا، ئىش قايناق،
بىنا بەرپا قىلىشقىمۇ يۇرت ئامراق.
قەد كۆتۈرۈپ قاپتۇ ئۇنىڭ يېرىمى،
ئەل ئىستەيدۇ پۈتۈشىنى چاپسانراق.
ھەر كۈنلەرگە يۈزلىگەن ئەل پىدائىي،
سودىگەرلەر قىلىپ تۇرار «خۇدايى».
بىر مەدرىسە قۇرۇلماقتا ئۇپالغا،
پاكىز نىيەت،
پاناھ بولۇپ ئىلاھى !
«مەھمۇدىيە»،
يۇرت دېگەنمۇ يۇرتكەن - دە،
يۇرت بەزىدە كۆيۈپ تۇرغان ئوتكەن - دە.
نام بېرىلىپ بولدى يۇرتنىڭ قەلبىدىن،
تاقەت قىلىپ تۇرماي بىنا پۈتكەنگە.

ئۇپال ئاۋات،
تاۋاپ قىلىپ كېلەر ئەل،
تاۋاپچىلار ھەر كۈن يۈزلەپ بولار تەل.
كېلىشىدۇ بۇ دەرگاھقا ئېگىلىپ،
ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار باغلاپ بەل.
بەزەن بىر يۇرت بىر ئادەمگە تەڭ ئىكەن،
بىر ئادەمنىڭ مېھرى يۇرتتەك كەڭ ئىكەن.
مۆرىتى كەلسە شەھەر بولۇپ ۋەيرانە،
بىر ئادەمچۇن بولمىدىكەن جەڭ دېگەن...!
ئۇپال ئاۋات،
بۇ گۈل يۇرتقا كۆپ تەشنا،
بۇ گۈل يۇرتقا كېلىشىدۇ كۆپ قوشنا.
زىيارەت قىلىپ «ھۆددىگەرنى» كۆرۈشەر،
بولغانلار بار كۆرمەي تۇرۇپ ھەم ئاشنا.
كېلەر بەزەن شاھلارنىڭمۇ مەكتۇپى،
جاۋاب يازار «مەھمۇدىيە» مەكتىپى.
ھىندى، ئىران، مىسىردىن بار تالىپلار،
تولۇپ بارار ئۇلارنىڭ دىل دەپتىرى.
ئايلىنىپتۇ ئالىملارنىڭ شەھرىگە،
ئايلىنىپتۇ ئۇپال ئىلىم تەختىگە.
«مەھمۇدىيە» ھۆسنى ئەمدى تولماقتا،
تولماقتا ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ بەختىگە.

*

نورۇز بايرام،
تالىپلاردا تەنتەنە،
بۇ ئەجدادتىن قالغان بىزگە ئەنئەنە.
ھېسقا تولغان ئالىملارنىڭ يۈرىكى،
ھېسقا تولغا شائىرلارمۇ بار يەنە.
چىقىپتۇ يۇرت ئۇپال بويلاپ سەيلىگە،
بۈگۈن ھەممە بويسۇنار ئۆز مەيلىگە.
بۈگۈن ناخشا،
بۈگۈن ئۇسسۇل بايرىمى،
ھۆكۈمرانلار كېلىشەر بۇ مەرىكىگە،
بەزمە بىلەن تولۇپ كېتەر جىگدىلىك،
جىگدىلىككە غەزەل بىلەن كىرگۈلۈك.

مۆلدۈرلەيدۇ بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرى،
كېرەك، ئۇنىڭ سىرىنىمۇ بىلگۈلۈك.
تاللىنىپتۇ مۇشۇ يەردە ھاپىزلار،
ھېكمەت بىلەن قەلبى تولغان پاكىزلار،
ئىللىق يۇراق چېچىپ يۇراپ تۇرۇپتۇ،
مارجانبۇلاق يېنىدىكى يالپۇزلار.
دارۋازلىرى دار تىكىپتۇ بىر چەتكە،
مەزمۇن بېرىپ بەرىكەت كىردى بەرىكەتكە.
چاقپەلەكتەك چۆرگىلەيدۇ چىغرىقتا،
كۆزلەر قاراپ تويمايدۇ بۇ ھەرىكەتكە.
بىر تەرەپتە ساپايىنىڭ ئاۋازى،
بىر تەرەپتە مۇقاملارنىڭ پەرۋازى.
نەي ئاۋازى بىر تەرەپتىن كەلمەكتە،
بۇ ئىشلارغا ھەربىر يۈرەك، دىل رازى.
غەزەلخانلىق
بۇلاقلارنى چۆرگىلەپ،
ئېيتىلماقتا بىر - بىرىنى بەلگىلەپ.
يۈرەكلىرى شائىرلارنىڭ بىر گۈلخان،
ئالغىنىدەك ئوت تەپتىدە گۈل گۈللەپ.
ھەر نورۇزدا باھالىنار تالىپلار،
مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ غالىبلار.
غالىبلارغا نام بېرىدۇ بۇ بايرام،
باشقىچىرەك يورۇشىدۇ ناملىقلار.
ئىلىم پاناھ،
ھاي - ھاي تېرەك يېنىدا،
نورۇز بايرام خۇشاللىقى بار دىلدا.
شۆھرىتىمىز سېنىڭ بىلەن بىللە دەپ،
ئەل باغلىغان ئۈمىدى بار بېلىدە.
پامىر تۇرار تارىخلارغا بوپ گۇۋا،
ئەۋلادلارغا ئۇ نەچچىنچى بىر بوۋا.
مۇكچەيمىگەن
ئۇنىڭ قارلىق چوققىسى،
ئادەملەرچۇ؟ ئادەملەرچۇ؟
ھەي، تۇۋا !
ئىلىم پاناھ خىيال قىلىپ ئولگۇرمەي،
رەڭگى گۈلدەك تۇرۇپ ھېچبىر ئۆزگەرمەي،

كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق باسقاندەك،
بولدى ھايات ئەمدى ئارتۇق سۆز بەرمەي.
توختاتقاندەك قىلدى ھايات سۆزىنى،
يۇمۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن كۆزىنى.
لەۋلىرىدە تېخى ئارمان تەپتى بار،
ئەمما ئەجەل ئېلىپ بولغان ئۆزىنى.
ئەڭ ئاخىرقى تىنىق قالدى ئۈزۈلۈپ،
كەتتى ھايات ئەزىز تەندىن يۈز ئۆرۈپ.
ھاي ـ ھاي تېرەك قالغىنىدەك بوراندا،
كۆرۈندۈ قاقشالدەك بوپ ئۆزگىرىپ.
كۆرۈندۈ قۇرۇق قاقشال بولغاندەك،
كۆرۈندۈ بۆك شاخلىرى سولغاندەك.
مارجانبۇلاق ئەمدى ياشقا ئايلىنىپ،
كۆرۈندۈ كۆكسى دەردكە تولغاندەك.
ئاھ! ھەزرىتىم!
تەبىئەتكە ئەرزىم بار،
تەبىئەتكە ئېيتارىم بار، دەردىم بار.
كاشغەر قەلبى تىترەيدۇ، نە چارە،
ئېيتقىن، بىزدە يەنە قانچە قىرزىڭ بار؟!
بارمۇ يەنە دىلنى ئېزىپ سالارىڭ؟
قالمىدىمۇ زادى بىزدىن ئالارىڭ؟
كاشغەر ماتەم،
زېمىن ماتەم تونىدا،
يەنە كىمنى ئېلىشتىن بار تەمەيىڭ؟
يامغۇر چۈشەر كۆك ئاسماندىن سىمىلداپ،
ئادەم تولۇپ كەتتى يەرگە قىمىلداپ.
مانا بۈگۈن پۈتۈن بىر يۇرت چۈۋۈلدى،
كەتكەن ئۇخشاش بۇ بۈيۈك يەر قىمىرلاپ.
ئاق يۇپۇقلۇق تاۋۇت چىقتى مۈرىگە،
ئاق يۇپۇقلۇق تاۋۇت بارار ئۆرىگە.
ئەل دېڭىزى...


تاۋۇت ئوخشار مۇشۇ تاپ
مۈرىلەردە چايقالغان ئاق كېمىگە.
تاۋۇت بارار ئاستاغىنە يەلپۈنۈپ،
تاۋۇت بارار كەڭ ئالەمگە تەلپۈنۈپ.
مۆكچەيگەندەك قىلار پامىر چوققىسى،
قالغىنىدەك تۇرار ئۈمۈر يۈكۈنۈپ!
ھاي ـ ھاي تېرەك تۆكۈپ قالدى ياپراق،
تەگكىنىدەك ھاياتىمن بىر شاپىلاق.
ئۇ تاۋۇتقا ئېگىلدۇردى تېنىنى،
دېگىنىدەك:
«ئەمدى سۇنغان ياخشىراق!»
ھاي ـ ھاي تېرەك، قالدى مانا ئۇمچىيىپ،
ھاي ـ ھاي تېرەك قالدى بۈگۈن شۈمشىيىپ.
ئېگىلىپتۇ يوغان بەستى ئەلەمدىن،
قاپتۇ ئەجەب بوۋايلاردەك مۆكچىيىپ.
ئاپارمىدى تاۋۇتنى بەك يىراققا،
كۆڭلى تارتىپ ئەلنىڭ مارجانبۇلاققا.
ئالدىدىكى دۆڭگە دەپنە قىلىندى،
تولۇپ تۇرار بۇ جاي جىگدە پۇراققا...!

## خاتىمە

ئىشەنمەيتتىم
قەبرەڭنى يوق دېگەنگە،
ئىشەنمەيتتىم يات يەرلەرگە كۆمگەنگە.
كاشغەر تۇرسا سېنىڭ ئەسلي ماكانىڭ،
ئىشەنمەيتتىم بىزدىن ئايرىپ بۆلگەنگە.
كىچىكىمدىن مېنىڭ ئۆيۈم باشقىدى،
باشقا ئىدى يۈرىكىمنىڭ تاشقىنى.
كىندىك قېنىم تامغان يەردىن ئەجەبا،
تېپىلماسمۇ دېيتتىم مەھمۇد كاشغەرىي؟!

بار ھازىرمۇ بۇ تالاشتىن تويمىغان،
ئۆز نەسلىنىڭ ئابرۇيىنى ئويلىغان.
ئالىملارمۇ يازدى تالاي دەستىگاھ،
دەپ كاشغەرگە: «جەسىتىنى قويمىغان!»
كەلدى تارىخ سېنى ئېيتىپ بېرەلمەي،
ھەقىقەتنى كۆپى ئۆتتى كۆرەلمەي.
ـ بىزدە مەھمۇد!
ـ بىزدە قەبرە، ـ دېگەنلەر
ئۆتتى سېنىڭ شۆھرىتىڭنى سۈرەلمەي.
شۇنداق بولار ئىكەن بەزەن ھەقىقەت،
ھەقىقەتكە كېلىدىكەن كۆپلەپ دەرت.
ھەقىقەتنى كۆمۈپ بولماس ئىكەنغۇ،
يالغان گۇۋاھ بولۇپ يازغان بىلەن خەت...!
قەبرىستانلىق
ئەسىرنى قىپ نامايان،
بولغىنىدەك تالاي قىسمەت،
سىر ئايان.
تۇرار كونا قەبرىلەرنىڭ يېنىدا
كونا گۈمبەز،
پامىر بىلەن يانمۇ يان.
كونا گۈمبەز،
مۇشۇ بۈيۈك ئەللامە،
مۇشۇ دۇنيا تاپالمىغان گۈلنامە.
مۇشۇ ئىلىم ھۆددىگەرنىڭ قەبرىسى،
مۇشۇ مېنىڭ خەلقىم ئۈچۈن دۇردانە...!
ئۆز يېرىدە يېتىپتۇ ئۇ ئەللامە،
ئۆز يېرىنى تېپىپتۇغۇ ھامانە.
ئۆز يېرىدە ياتسا ھامان مۇشۇ زات،
يەنە نېچۈن ئەنسىزلىنەر زامانە؟....!

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ
(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)




رەتلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر

## بادام ھەققىدە

قەدىم زاماندا تەكلىماكان بويىدا بىر شەھەر بار ئىكەن. ئۇنى كىشىلەر دەقىيانۇس شەھىرى دەپ ئاتايدىكەن. دەقىيانۇس پادىشاھى ئادىل ھۆكۈم يۈرگۈزگەچكە، پۇقرالىرى ئاسايىشلىق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلار ئۆز ئىش - ئوقەتلىرىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، پات - پات ئويۇن - تاماشا قىلىشىدىغان بوپتۇ. «توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ» دېگەندەك، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئويۇن - تاماشىدىن سىرت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوردا ۋەزىرلىرى بۇ ئەھۋالدىن پادىشاھنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «خۇشاللىق چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، بىرەر پېشكەللىك يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئاۋام - پۇقرا بىرەر ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇلسا» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.

بۇ تەكلىپ پادىشاھنىڭ رايىغا خوپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پۇقرالارنى ئىشقا سېلىپ شەھەرنى كېڭەيتىشنى قارار قىپتۇ ھەم پۈتۈن پۇقرالارنىڭ شەھەرنى كېڭەيتىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا بەزىلەر يارلىققا بويسۇنماي، ئەمگەككە چىققىلى ئۇنىماپتۇ. ئوردا ئەھلى ئۇلارنى شەھەرنىڭ بىر چېتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، باشقىلارنى باشلاپ شەھەرنى كېڭەيتىش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ئەمگەك قىرىق يىلدا تاماملىنىپتۇ. پادىشاھ شۇ چاغدا ئەمگەك قىلىشنى خالىمىغانلارنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ قارىسا، ئۇ يەردە نەچچىلا ئادەم تۇرغۇدەك. پادىشاھ باشقىلارنى سۈرۈشتۈرسە، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارنىڭ ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇلاردىن: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ساق قالدىڭلار؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇلار: «بىز ۋابادىن قورقۇپ جاڭگالغا قېچىپ كەتكەنىدۇق. ئۇ يەردە بىر خىل مېۋىنىڭ مېغىزىنى يەپ، بىر مەزگىل جان ساقلىدۇق، بىزگە ۋابا تېگىش قىلالمىدى. كېيىن بىز ئۇ مېۋىنىڭ ئۇرۇقىنى ئەكېلىپ بېغىمىزغا تېرىپ ئۆستۈرۈپ، شۇنى يەپ جان ساقلاپ كەلدۇق» دەپ پادىشاھقا شۇ مېۋىنى كۆرسىتىپتۇ.

پادىشاھ ھەمراھلىرىغا: «بۇ مېۋىنى يەپ بېقىڭلار» دەپ ئەمر قىپتۇ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مېۋىنى تېتىپ كۆرۈپ: «بۇ بادام دەيدىغان مېۋە ئىكەن» دېيىشىپتۇ. پادىشاھ: «ھورۇنلار ئۆلۈپ ئاز قاپتۇ، ئىشچانلار بولسا بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ھورۇنلارنىڭ بوش قالغان

تۇرار جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. يەنە ۋابا كېسەللىكىنىڭ باشقىلارغا يۇقۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم» دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ھەمراھلىرى بادامنىڭ مېغىزى يەپ ۋابادىن ئامان قالغانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن. «يۇقىرىلارغا بادام يەپ تۇرۇشنى كەڭ تەرغىب قىلايلى ھەم دوپپىغا بادامنىڭ سۈرىتىنى كەشتىلەشنى ئېيتايلى. شۇنىڭدا كىشىلەر ھەر قېتىم دوپپا كىيگەندە، بادام مېغىزى يېيىشنى ئېسىگە ئېلىپ، بادام مېغىزى يېيىشكە ئادەتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ۋابا تەگمەيدۇ» دېيىشىپتۇ.

بۇ تەكلىپ پادىشاھقا تولىمۇ يېقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق يۇقىرىلارنىڭ بادام گۈللۈك دوپپا كىيىپ يۈرۈشى، پات - پات بادام مېغىزى يەپ تۇرۇشى توغرىسىدا پەرمان جاكارلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئادەت تەكلىماكان بويىدا زامان - زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەپتۇ.

## توغراق ھەققىدە

قەدىمكى زاماندا خانئۆي شەھىرىدە تۇرغۇن ئاتلىق بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۆكۈز، ئېشەك، قوي، توخۇلاردىن بىر جۈپتىن؛ بۇغداي، تېرىق، ئارپىلاردىن بىر تاۋاقتىن؛ چامغۇر، سەۋزە، پىياز، سامساق، ئاشكۆكى قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقىدىن بىر چاڭگالدىن ۋە بىر قىسىم مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقىدىن بىر تالدىن ئېلىپ دەريا ياقىلاپ تەكلىماكان قوملۇقىغا كىرىپ، دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇشقا باشلاپتۇ. كىم بىلسۇن، ئۇ يەردە باشقا ئۆسۈملۈكلەر بولسىمۇ، سايىدىغۇدەك بىرەر تۈپ دەرەخ يوق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، «يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دېگەن ئاتىلار سۆزىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈككەن تۇرغۇن ئۇ يەردە پېژغىرىم ئىسسىققا ۋە قاتتىق سوغۇققا چىداپ، جان پىدالىق بىلەن قىرىق يىل سەرپ قىلىپ، كاتتا بىر مېۋىلىك باغ بىنا قىپتۇ. ئۇ باغدىن يەر يۈزىدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش خىل مېۋىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىكەن. باغنىڭ مېۋىلىرى پىشىپ مەي باغلىغان مەزگىلدە تۇرغۇن ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى مېھمانغا چىللاپتۇ. دادىسى توقسۇنئاخۇن ئوغلى بىنا قىلغان باغنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ. مېھمانلار داستىخانغا جەم بولۇپ، ئەمدىلا مېۋىگە ئېغىز تېگەي تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ، ئالەمنى مالەم، باغنى ۋەيران، مېۋىلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىپتۇ. تۇرغۇن قىرىق يىللىق ئەجىر - مېھنىتىنىڭ بىراقلا يوققا چىققىنىنى كۆرۈپ ئىنتايىن مەيۈسلىنىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ دادىسىغا: «مەن بۇ باغنى يەنە قىرىق يىل سەرپ قىلىپ يېڭىباشتىن بىنا قىلىپ، سىلەرنى باغقا قايتىدىن مېھمانغا تەكلىپ قىلىمەن» دەپتۇ. توقسۇن بوۋاي ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، باشقا گەپ قىلمايلا مېھمانلارنى باشلاپ كېتىپ قاپتۇ. ئارىدىن يىل ئۆتكەندە بوۋاي يەنە مېھمانلارنى ئوغلىنىڭ بېغىغا باشلاپ كەپتۇ. لېكىن، بۇرۇنقى ئىش يەنە تەكرارلىنىپتۇ. تۇرغۇن يەنە بۇنىڭغا زارلانماي، دادىسىغا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ۋەدە بېرىپ، ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتكەندىن كېيىن، توقسۇن بوۋاي مېھمانلارنى باشلاپ ئوغلىنىڭ بېغىغا يەنە كەپتۇ. بۇ قېتىممۇ باغدىكى مېۋىلەر راسا پىشقانىكەن. مېھمانلارغا ئۇلگۇرۇپ يەنە بولۇشىغا شامال چىقىپتۇ، ئەمما زىيان بۇرۇنقىدەك كۆپ بولماپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان تۇرغۇن بېغىغا زوقلىنىپ قارىغانىكەن، ئېكىنزار ۋە باغنىڭ ئەتراپىدا كۆك بىلەن بوي تالىشىپ رەت - رەت تۇرغان دەرەخلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ بۇ دەرەخلەرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىكەن. تۇرغۇن ھەيران بولغىنىچە دادىسىدىن: «ئۇلار نېمە دەرەختۇ؟» دەپ سوراپتۇ. توقسۇن بوۋاي: «ئۇلار ئىلاھىي دەرەخ» دەپلا جاۋاب بېرىپتۇ. تۇرغۇن ۋە باشقا مېھمانلار بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ. كېيىن مېھمانلارنىڭ بالىلىرىمۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تېپىپتۇ. ئەسلىدە توقسۇن بوۋاي ناھايىتى خۇداگۆي ئادەم بولۇپ، تەڭرىدىن ئوغلىنىڭ ھالال تىرىكچىلىك قىلىدىغان، چىدامچان، غەيرەتلىك، سېخىي، خەير - ساخاۋەتلىك، ئەقىللىق ئادەم بولغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ باغ - ئېكىنزارىنى بوراننىڭ

ئاپتەدىن ساقلاشنى ئىلتىجا قىلغانىكەن. تەڭرى ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى مەقبۇل قىلىپ، تۆرغۇنىنىڭ ئېكىنزار ـ باغلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئاسماندىن توغراق چۈشۈرۈپ بەرگەنىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ توغراقلار ئېتىزلىقلارنى ئاتا ـ ئانا خۇددى ئۆز بالىسىنى قوغدىغاندەك مۇھاپىزەت قىلىدىغان بوپتۇ. كىشىلەرمۇ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولۇشۇپتۇ. توغراق دەرىخىنى قەدىرلەش ئادىتى ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## ئافراسىياپ ۋە رۇستەم ھەققىدە

راۋىيلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، يىراق قەدىمكى زاماندا تۇران ئېلىدە ئافراسىياپ ئاتلىق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ناھايىتى باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە چارە ـ تەدبىرلىك ئىكەن. ئۇ پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ئەل ـ يۇرتنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى ئويلايدىكەن. ئافراسىياپنىڭ رەھبەرلىكىدە تۇران ئېلى كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىپ، نامى يەتتە ئىقلىمغا مەشھۇر بوپتۇ.

بىراق، بۇنىڭدىن ئىران پادىشاھى جەمشىت بەكلا ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئافراسىياپنى يوقىتىش قەستىگە چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاپارمەنلىرىگە رۇستەم پالۋاننى تېپىپ كېلىشنى ئەمر قىپتۇ. چاپارمەنلەر رۇستەم پالۋاننى ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ، ئاخىر بىر جاڭگالدىن تېپىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئۇ ئوتۇق بىگىز قولى بىلەن قورام تاشنى ئويۇپ كاۋاپدان ياساپ، ئوتتۇز قويىنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار رۇستەمگە پادىشاھنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. رۇستەم پالۋان دەرھال پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ. جەمشىت ئۇنىڭغا ئافراسىياپنى يەر يۈزىدىن يوقىتىشنى ئەمر قىپتۇ ۋە مۇبادا شۇنداق قىلالمىسا قايتىپ كەلمەسلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئامانلىقىنى ئويلىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى قوشۇمچە قىپتۇ.

رۇستەم پالۋان توققۇز نەپەر سەردار ۋە توققۇز نەپەر دانىشمەن بىلەن بىرلىكتە قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ. سەپەر جەريانىدا رۇستەم سەردار، دانىشمەنلەرنى كېڭەشكە چاقىرىپ، ئۇلارغا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىشنى ئېيتىپتۇ. كېڭەش ئەھلى ئۇيان ئويلىشىپ، بۇيان ئويلىشىپ، ئاخىر ئافراسىياپتىن يۈز ئۆرۈگەن نۇرەك ئاتلىق بىر ئادەمنى كېڭەش سورۇنىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرى بويىچە بىر چارە تۈزۈشۈپتۇ.

رۇستەم مەسلىھەت بويىچە لەشكەرلىرىگە ئىران مەملىكىتى بىلەن تۇران مەملىكىتىنىڭ پاسىلىدا ئۆسكەن غولىدىنلا ئىككىگە ئايرىلىدىغان بىر خىل يۇلغۇن دەرىخىنىڭ چېۋىقلىرىدىن يا ئوقى ياساشنى بۇيرۇپتۇ. يا ئوقلىرى ياسىلىپ تەق بولغاندىن كېيىن، ئىران قوشۇنلىرى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ.

ئۇلار ھەرقانچە پەداكارلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تۇران قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا زادىلا يېقىنلىشالماپتۇ. ئۇرۇش باشلىنىپ دەل ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا نۇرەك ئافراسىياپنىڭ يېنىدا گويا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، قەسەم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— يېڭىش ـ يېڭىلىش ئەتىمۇ ئايرىلمىسا، ئىران قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى نامازدىگەر ۋاقتىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، قورال ـ ياراغلىرىنى يەرگە قويۇپ، ئۇپچە ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئۇرۇشقا ئاتلانماقچى بولدى. رۇستەم پالۋان قوشۇندىن تۆت يۈز قەدەم يىراقلىقتىكى دۆڭگە چىقىپ، ئۆزى يالغۇز ئىبادەت قىلىدىكەن. دەل شۇ چاغدا قوشۇنىمىز ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتسە، جەزمەن زەپەر قۇچاتتۇق.

ئافراسىياپ ئۆز ھۇزۇرىدا يىگىرمە يىلنى ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئوغلىدەك بولۇپ كەتكەن ئاسراندى ئوغلى نۇرەكنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ئەتىسى نامازدىگەر ۋاقتىدا لەشكەرلىرىنى باشلاپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ. كىم بىلسۇن، تۇران قوشۇنلىرى ئىران قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي

قىسمىغا يېقىنلىشاي دېگەندە، تاغنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىز ئىككى تال يا ئوقى ئۇچۇپ كېلىپ، ئافراسىياپنىڭ ئىككى كۆزىگە تېگىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇران قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى پاتىپاراق بولۇپ دەرھال چېكىنىپتۇ. ئىران قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. ئەمما، ئىككى ياننى قوغداپ تۇرغان تۇران قوشۇنلىرى ئۇلارنى چېكىندۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئافراسىياپنىڭ كور بولۇپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېڭىش ـ يېڭىلىش بولماپتۇ.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش نەتىجىسىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئافراسىياپنىڭ بارگاھىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈلۈپ، نۇرەكنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئافراسىياپنىڭ كور بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتە قىلىش، مۇبادا نۇرەكنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقى دەلىللەنسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈش قارار قىلىنىپتۇ. ئەسلىدە ئافراسىياپنىڭ كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، قىرىق كۈنلۈك يىراقلىقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىكەن ھەم ئادەتتە ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدىكەن، ئەمما دەل نامازدىگەر ۋاقتىدا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ كۆزىگە ئوخشاش ھالەتكە كېلىپ، ئوق تۈگۈل قۇم دانچىسىمۇ تېشىپ ئۆتەلەيدىكەن. بۇنى پەقەت ئافراسىياپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە خانىشى ئالتۇن بېكەلا بىلىدىكەن. نۇرەكمۇ ئىلگىرى بىر مەزگىل ئالتۇن بېكەنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچقا، بۇ سىرنى ئالتۇن بېكە ئارقىلىق بىلىۋالغانىكەن. ۋەھالەنكى، بەزىلەر پادىشاھنىڭ كۆزىگە ئوق تېگىشى بىلەن تەڭ نۇرەكنىڭمۇ ئوق تېگىپ، ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئافراسىياپنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىش توغرىسىدا قايتىدىن مەسلىھەتكە كىرىشىپتۇ. ئارىدىن بىرى سۆز باشلاپ: «پادىشاھ ئالىيلىرى رۇستەمنىڭ بارگاھىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا يالغاندىن ئىناق ئۆتۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، دوستلۇق قولىنى سۇنسۇن. رۇستەم قول بەرسە، ئالىيلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق مىجىپ ناكار قىلىپ قويسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا سەردارىنىڭ ناكار بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئىران قوشۇنلىرى ئىرادىسى سۇنۇپ، ئوڭايلا مەغلۇپ بولىدۇ» دەپتۇ. بۇ تەكلىپ ھەممەيلەننىڭ رايىغا خوپ كېلىپ، رۇستەمنىڭ بارگاھىغا ئەلچى ماڭغۇزۇلۇپتۇ. ئافراسىياپنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئىراننىڭ سەردار ـ دانىشمەنلىرى نۇرەكنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن رۇستەمگە مۇنداق مەسلىھەت بېرىشىپتۇ: «ئافراسىياپنىڭ ئوڭ قولى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىمىش. شۇڭا، بىز تۆمۈردىن بىر قول ياسىتايلى. مۇبادا ئۇ كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى سۇنسا، سىلى ئالدى بىلەن راست قوللىرىنى بەرمەي، تۆمۈر قولنى ئۇزاتسىلا. شۇنداق قىلساق، ئافراسىياپنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى بىلەلەيمىز». ھاكاۋۇر رۇستەم ئۆز ھەيۋىسى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىگە تەمەننا قويۇپ، ئافراسىياپنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلالىشىغا زادىلا ئىشەنمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئافراسىياپنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سەردار ـ دانىشمەنلىرىنىڭ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىپتۇ. دېگەندەك، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ ئافراسىياپ رۇستەمنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەپتۇ. كېڭەش باشلىنىپتۇ. ئافراسىياپ رۇستەم پالۋانغا ئىككى ئەل خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن دوستلۇق ئورنىتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. رۇستەم يالغاندىن ئافراسىياپنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول تەڭلەپتۇ. ئافراسىياپ كۆزى كور بولغاچقا، رۇستەمنىڭ تۆمۈر قول بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنى شۇنداق قاتتىق قىسقانىكەن، خۇددى خېمىردەك مىجىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن رۇستەم چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە پالۋانلىرىغا ئافراسىياپنى ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ، ئاندىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىدىن ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا بۇيرۇپتۇ.

ئىران قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ تۇران قوشۇنلىرى تاغ جىلغىسى تەرەپكە قاراپ چېكىنىپتۇ. سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان رۇستەم پالۋان بۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، تۇران قوشۇنلىرىنى شىددەت بىلەن قوغلاپتۇ ھەم ئۆز قوشۇنىدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە تۇران قوشۇنلىرى جىلغىغا چوڭ بىر ئورەك كولاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە چىنار شاخلىرىدىن ياسالغان قوزۇقلارنى زەھەر بىلەن سۇغىرىپ كۆمۈپ، تۇزاق قۇرۇپ چىققانىكەن. رۇستەم ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئورەككە يېقىنلاپ كەپتۇ ۋە ئالدى تەرەپتە ئورەك بارلىقىنى سېزىپتۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئورەكتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى

بولۇپ، ئېتىنى ناھايىتى تېز چاپتۇرۇپ كېلىپ ئورەكتىن ئاتلىتىپتۇ. لېكىن، ئورەك بەك چوڭ بولغاچقا، ئاتنىڭ ئالدى پۇتى ئورەكنىڭ تېشىغا، كەينى پۇتى ئىچىگە چۈشۈپ، ئات ئورەك ئىچىگە ئۆڭدىسىغا چۈشۈپتۇ. ئات ئۈستىدىكى رۇستەمنىڭ دۈمبىسىدىن كىرگەن قوزۇق ئاتنىڭ قورسىقىدىن چىقىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ رۇستەم ئورەكتىن چىقىپ، ئوقياسىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى قاتار ئۆسكەن ئوتتۇز توپ چىنارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان ئورەك قازغۇچىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزگەنىكەن، ئۇ ئوق ھەر توپىنىڭ ئايلانمىسى توققۇز غۇلاچ كېلىدىغان ئۇ چىنارلارنى خۇددى پاختىدىن يىڭنە ئۆتكۈزگەندەك تېشىپ ئۆتۈپ، ئورەك قازغۇچىنىڭ كۆكسىگە تېگىپتۇ. بىراق، ئۇمۇ زەھەرلىك قوزۇق بىلەن زەخىملەنگەنلىكى ۋە ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتىشتا بەك كۈچەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تۇرغان جايىغا يىقىلىپ جان تەسلىم قىپتۇ.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ سەردارلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، يېڭىدىن سەردار سايلىشىپتۇ ۋە ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشىپ، دوستلۇق ئورنىتىپتۇ.

## تۇرۇپ ئاخۇن ۋە ئۈجمە دەرىخى

راۋىيلار شۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇكى، ئافراسىياپ زامانىسىدا بىر قېتىملىق قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋە بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كېتىپتۇ. تىرىك قالغانلار يەيدىغان باشقا نەرسىلەر بولمىغاچقا، ئامالسىز قۇرت ـ قوڭغۇز ۋە ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ جان ساقلاشقا باشلاپتۇ. ئەمما، ئۇزۇنغا بارماي بۇ نەرسىلەرمۇ تۈگەپ، يۇرتتا رەسمىي ئاچارچىلىق باشلىنىپتۇ. دەل مۇشۇ كۈنلەردە گەرەمبالىق شەھىرىدىكى تۇرۇپ ئاخۇننىڭ بېغىدىكى ئۈجمە راسا پىشىپتىكەن، ئېچىرقاپ كەتكەن قوشنا ـ قولۇملار تۇرۇپ ئاخۇننىڭ توسقىنىغا قارىماي، بېغىغا بېسىپ كىرىپ ئۈجمە يېيىشىپتۇ. كىم بىلسۇن، يېگەنسېرى ئۈجمە مېۋىلىرى شۇنچە كۆپىيىپ، شاخلىرى ئۆزلىرىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ. ئەمما، تۇرۇپ ئاخۇن بېغىغا ئادەم كىرگۈزمىگەن كۈنى ئۈجمە مېۋىسى ئازلاپ كېتىپتۇ، ھەتتا پىشقانلىرى كۆزگە كۆرۈنمەپتۇ. بۇ خەۋەر پادشاھ ئافراسىياپقا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئوردا ئەھلى بىلەن بىرلىكتە بۇ باغقا كېلىپ ئۈجمىگە ئېغىز تېگىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شۇ كۈنى ئۈجمىلەر ھەقىقەتەن كۆپ ھەم مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەنىكەن. تۇرۇپ ئاخۇن پادشاھنىڭ ئۆز ئۈجمىسىگە ئېغىز تەگكۈزگەنلىكىنى ۋە ئۈجمىلەرنىڭ كۆپىيىپ پىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بوپتۇ ھەم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېخىللىق قىلغانلىقىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادشاھ ئۇنى ئۈجمە بىلەن يۇرتداشلارنى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كاتتا ئىنئام بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ ۋە ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن ئەلگە قىرىق تۈپتىن ئۈجمە دەرىخى تىكىش، ئۇلارنى ياخشى پەرۋىش قىلىش، مېۋىسىنى ساتماسلىق، يەيمەن دەپ كەلگەنلەرنى توسۇماسلىق، ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈستۈرگەنلەرنى مۇكاپاتلاش، بۇ دەرەخنى قەستەن نابۇت قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈجمە دەرىخى بۇ يۇرتتا ئەتىۋارلىق دەرەخكە ئايلانغانىكەن.

(رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بەرگۈچىلەر: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە قورغان يېزا يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدىن ئوسمان قاسىم، رىزۋانخان مامۇت)

(رەتلىگۈچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، پروفېسسور)

# ئەقىللىق ئاياز

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: **ئايشەم سەيدئەكبەر**

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىر - ئاكابىرلىرى بولسا تولىمۇ پەمسىز، ئىش بىلمەسلەردىن ئىكەن. پادىشاھنىڭ بىرلا قىزى بولۇپ، ئوغۇل پەرزەنتى بولمىغاچقا، «ئۆلۈپ كەتسەم، شاھلىق تەختىمگە كىم ۋارىسلىق قىلار؟» دەپ كېچە - كۈندۈز قايغۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ياش بىر قەلەندەر كېلىپ، ئوردىغا كىرمەكچى بوپتۇ. ئەمما، ياساۋۇللار ئۇنى توسۇپ كىرگۈزمەپتۇ، قەلەندەرمۇ كەتمەي تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر ياساۋۇللار بۇ ئىشنى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار، بىرەر مۇھىم تەلەپ - ئىلتىماسى بار ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

ياساۋۇللار قەلەندەرنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. پادىشاھ قارىسا، قەلەندەر ئۇستىبېشىغا كونىراپ كەتكەن كىيىملەرنى كىيگەن بولسىمۇ، چىرايىدىن چېچەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ياشلا بىر بالا ئىكەن. پادىشاھ كۆڭلىدە: «قەلەندەر بولغىنى بىلەن ئەقىللىق بالىدەك قىلىدۇ، بىر سىناپ كۆرمەيمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ - دە، بېشىدىكى شاھلىق تاجىنى قولىغا ئېلىپ يەنە كىيىپتۇ. قەلەندەر بولسا تىلىنى چىقىرىپتۇ. پادىشاھ قورسىقىنى سىلىغانىكەن، قەلەندەر پۇتىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئوردا خەزىنىچىسىنى قەلەندەرگە بىر تاۋاق ئالتۇن بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. قەلەندەر ئالتۇننى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بىلەن قەلەندەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سىرلىق ئىما - ئىشارەتلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، قەلەندەر ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بىر تاۋاق ئالتۇنغا كۆز قىزارتىپ ئولتۇرۇشقان ۋەزىرلەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشىپتۇ. سەۋر قاچىسى قايناپ تاشقان ئوڭ قول ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پادىشاھى ئالەم، ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق بىر تاۋاق ئالتۇننى ئۇ قەلەندەرگە بېرىۋەتتىلە، مېنىڭچە، ھازىرلا ئۇ قەلەندەرنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئالتۇنلارنى تارتىۋېلىش كېرەك، — دەپتۇ.

— ئىختىيارىڭىز، — دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىرنى سىناپ بېقىش نىيىتىدە. قەلەندەردىن ئالتۇنلارنى تارتىۋېلىش پىكرىگە پادىشاھنىڭ باشقىچە پىكىردە بولمىغىنىدىن جۇرئەتلەنگەن ئوڭ قول ۋەزىر شۇ ھامانلا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇ ئالتۇنلارنى مەن قايتۇرۇپ كېلىمەن، — دەپتۇ ۋە ئوردىدىن ئالدىراش چىقىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىر ئېتىغا مىنىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېلىقى قەلەندەرگە يېتىشىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ دەپتۇ:

— ھەي تەييار تاپ قەلەندەر، بىر تاۋاق ئالتۇنغا ئېرىشمەكنى شۇنچە ئاسان چاغلاپ قالدىڭمۇ؟

ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمە، سەن ماڭا پادىشاھ بىلەن قىلىشقان ئىما - ئىشارەتلىرىڭنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرەلىسەڭ، ئالتۇن سېنىڭ بولسۇن. ئەگەر ئېيتىپ بېرەلمىسەڭ، ئالتۇننى قويۇپ كەت!

قەلەندەر ۋەزىرنىڭ ئەخمەقلىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— بوپتۇ، ئېيتىپ بېرەي، پادىشاھنىڭ تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ، يەنە كىيگىنى «باش نېمىدىن كېتىدۇ؟» دېگىنى؛ مېنىڭ تىلىمنى چىقارغىنىم «تىلىدىن كېتىدۇ» دېگىنىم. پادىشاھنىڭ قورسىقىنى سىلىغىنى «قانداق قىلغاندا قورساق ئاسان تويىدۇ» دېگىنى؛ مېنىڭ پۇتۇمنى كۆرسەتكىنىم «ئايىغى چاققان بولغاندا» دېگىنىم، — دەپتۇ.

ۋەزىر شۇنچىلىك ئاددىي ئىما - ئىشارەتلەرنىمۇ چۈشىنەلمىگەنلىكىنى تەن ئالغۇسى كەلمەي:

— ئەلۋەتتە، شۇنداق ئىدى، سېنى نېمە دەيدىكىن دەپ سوراپ باققانىدىم. ئەمدى سەندىن ئۈچ سوئال سورايمەن، جاۋاب بېرەلىسەڭ، ئالتۇنلار سېنىڭ بولىدۇ. ناۋادا جاۋاب بېرەلمىسەڭ، ئالتۇنلارنى قايتۇرۇپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

— سورىسىلا، مەن تەييار، — دەپتۇ قەلەندەر.

— ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى قانچە يىللىق يول؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— بىرەر سائەتلىك يول، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قەلەندەر.

— ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىنى ئۈچ يۈز يىللىق يول دېيىشەتتۇق، سەن بولساڭ بىرەر سائەتلىك يول دەيسەنغۇ؟ — دەپ يانداۋرۇپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— ھۆرمەتلىك ۋەزىر ئەزەم، ھاۋا تۇتۇلۇپ چاقماق چاقسا، يامغۇر ئاسماندىن ئۈچ يۈز يىلدا چۈشەمدۇ ياكى بىرەر سائەت ۋاقىت ئىچىدە چۈشەمدۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ قەلەندەرمۇ.

— بىر سائەت ۋاقىت ئىچىدە چۈشىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر.

— شۇ سەۋەبتىن يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئارىلىقىنى بىرەر سائەتلىك يول دەيمىز، — دەپتۇ قەلەندەر.

— ئۇنداق بولسا، يەنە بىر سوئال، يەرنىڭ كىندىكى نەدە؟ — دەپتۇ ۋەزىر. قەلەندەر تۆت تەرەپكە قاراپ مۆلچەرلەپ كۆرۈپ:

— دەل مەن دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ يەر يەرنىڭ كىندىكى، ئىشەنمىسىلە ئۆلچەپ كۆرسىلە! — دەپتۇ.

ۋەزىر باشقا گەپ تاپالماي بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە ئالمان - تالمان ئۈچىنچى سوئالغا ئېغىز ئېچىپتۇ:

— مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە ئاللا نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

قەلەندەر سەل تۇرۇپ بىرنەرسىنى پەملىۋالغاندىن كېيىن:

— ۋەزىر ئەزەم، بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەك قىيىنىدەك تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، سىلى ئاتتىن چۈشسىلە، مەن ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ. ۋەزىر ئاتتىن چۈشۈپتۇ. قەلەندەر ئاتنىڭ يېنىغا كەپتۇ، لېكىن ئات ئۈركۈپ ئۇنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەلەندەر ۋەزىرگە دەپتۇ:

— ئۈستىلىرىدىكى كىيىملەرنى كىيمىسەم، ئات مېنى يېقىن كەلتۈرمىگۈدەك، شۇڭا كىيىملىرىنى ماڭا بەرسىلە.

ۋەزىر سەللە - پەرىجىلىرىنى قەلەندەرگە بېرىپتۇ. قەلەندەر ئۇ كىيىملەرنى كىيىپ ئاتقا مىنىپتۇ ۋە:

— قوللىرىدىكى قامچىنىمۇ ماڭا بېرىپ، بۇ خۇرجۇننى مۈرىلىرىگە ئارتسىلا، پادىشاھنىڭ ئىنئام قىلغان ئالتۇنلىرى مۇشۇ خۇرجۇندا، ئۇنى يەرگە قويساق پادىشاھقا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىمىز. ئەمدى سوئاللىرىنى سورىسىلا، — دەپتۇ.

ۋەزىر قامچىنى قەلەندەرگە بېرىپ، خۇرجۇننى مۈرىسىگە ئارتىپتۇ، ئاندىن بايىقى سوئالىنى

تەكرارلاپتۇ:

— مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە ئاللا نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

قەلەندەر ئەمدى تەمكىنلىك بىلەن:

— ئاللا شۇنداق ئىش قىلىۋاتىدۇكى، ۋەزىرنى قەلەندەر، قەلەندەرنى ۋەزىر قىلىۋاتىدۇ. ۋەزىر بۇنىڭغا ئۇنىمىسا مۇنداق قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ۋە قامچا بىلەن ۋەزىرنىڭ باش - كۆزىنى ساۋاشقا باشلاپتۇ. ۋەزىر ئىشنىڭ يامانغا ئۆرۈلگىنىنى كۆرۈپ ئوردىغا قاراپ قېچىپتۇ. قەلەندەر كەينىدىن قوغلاپ يەتكەن يېرىدە ئۇنى ئۇرۇپ باش - كۆزىنى قانغا بويىۋېتىپتۇ. ۋەزىر بولسا توختىماي قېچىپ ئوردىغا كىرىپ پادىشاھنىڭ تەختىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. قەلەندەر ئاتتىن چۈشۈپ ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۈستىدىكى كىيىملەرنى سېلىشقا تەمشىلىپتۇ. پادىشاھ شۇ ھامان ئۇنىڭغا:

— بولدى، سېلىپ ئاۋارە بولما يىگىت، بۇ كىيىملەر ئەمدى ھەقىقىي ئىگىسىنى تېپىپتۇ. بۈگۈندىن باشلاپ سەن مېنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىم بولغىن. ئەيىبكە بۇيرۇمىساڭ، ئىسمىڭنى بىلىۋالغان بولساق، — دەپتۇ.

— ئىسمىم ئاياز، ئەمما پادىشاھى ئالەم، مەن ۋەزىرلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن، — دەپتۇ قەلەندەر پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ. پادىشاھ ئايازنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي:

— بۈگۈندىن باشلاپ ئاياز ئوردىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى! — دەپ جاكارلاپتۇ ۋە ئوڭ قول ۋەزىرگە:

— سەن پەمسىزلىكىڭدىن ۋەزىرلىك تون - سەرپايلىرىڭدىن ئايرىلدىڭ، ئەمدى تىلەمچىلىك قىلىپ جېنىڭنى باق، — دەپ ئۇنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاياز ئوڭ قول ۋەزىر بوپتۇ ۋە بۇرۇنقى ئوڭ قول ۋەزىر ئولتۇرغان قورۇ - جايغا ئورۇنلىشىپتۇ. ئوردىدىن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانغا بىرقانچە خىزمەتكار ۋە چۆرىلەر ئاجرىتىلىپتۇ. ئاياز قورۇنىڭ يېنىغا ئايرىم بىر ئېغىز ئۆي سالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قەلەندەر چېغىدا كىيگەن تېرە شىمى بىلەن چورۇقىنى شۇ ئۆيگە قويۇپتۇ، يەنە بىر چېلەك سۇ، بىر تال نوگاينىمۇ ئەكىرىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى ئوردىدىن قايتقىنىدا ئاۋۋال شۇ ئۆيگە كىرىپ، ئاغزىغا سۇ ئېلىپ تېرە ئىشتىنى بىلەن چورۇقىغا پۈركۈيدىكەن ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «ئى ئاياز، كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىم - چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ ئايغا ئۇلىشىپ، ئايلار يىغىلىپ يىلغا تۇتىشىپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاياز ساقىسىز بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ھېلىقى ئۆيگە ھەر كۈنى بىر قېتىم كىرىشنى ئۇنتۇماپتۇ. بۇ ئىش باشقا ۋەزىرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئۇلار ئايازنىڭ بۇ ئىشىنىڭ قانداقتۇر بىرەر يامان تەرىپى بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىشىپ، پادىشاھقا چېقىشتۇرۇپ ئارىدىن نەپ ئۇندۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈشۈپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ چارباغدا گۈللەرنى تاماشا قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى رىشاتكىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە سول قول ۋەزىرگە قاراپ :

— ئايازغا ئېيتىڭ، ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سول قول ۋەزىر ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ: «خوپ تەقسىر» دەپ باغدىن چىقىپ ئۇدۇللا ئاياز ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان غۇلاملاردىن:

— ئاياز ۋەزىر ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. غۇلاملار:

— ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن، — دەپ ھېلىقى ئۆينى كۆرسىتىشىپتۇ ۋە، — ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، بىرئازدىن كېيىن چىقىدۇ، — دەپ ۋەزىرنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئاياز ۋەزىر ھېلىقى ئۆيدىن چىقىپ كەپتۇ ۋە سول قول ۋەزىرنى كۆرۈپ ئىتتىككىلا ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ. سول قول ۋەزىر بولسا، ھودۇققىنىدىن ئاران - ئاران سۆزلەپ:

— مەن بەك ئالدىراش كەلدىم. پادىشاھ چارباغدا سەيلە قىلىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا: «ئايازغا ئېيتىڭ، ئېلىپ كەلسۇن» دېدى. مەن پادىشاھنىڭ بۇ سۆزىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن بولساممۇ، ئەمرگە بويسۇنۇش ۋەجىدىن بۇ يەرگە كەلدىم. پادىشاھنىڭ دېگىنىنى ئېلىپ ھازىرلا بارمىساق بولمايدۇ، — دەپتۇ. ئاياز ۋەزىر بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، سول قول ۋەزىردىن سوراپتۇ:

— پادىشاھ قانداق يەردە تۇرۇپ ئېلىپ كەلسۇن، دېدى؟

— چارباغدىكى گۈللەرنى قورشاپ تۇرغان رىشاتكىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر.

— ئۇنداق بولسا ياغاچچىنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ ئاياز ۋە ئوردا ياغاچچىسىنى چاقىرتىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولغىنىدىن ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەي ئاياز، مېنىڭ سىزنى ياغاچچى ئېلىپ كەلسۇن، دېگىنىمنى قانداق بىلدىڭىز؟— دەپ سوراپتۇ. ئاياز:

— مەن سىلىنىڭ رىشاتكىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ: «ئېلىپ كەلسۇن» دېگەنلىرىنى سول قول ۋەزىردىن سوراپ بىلگەندىن كېيىن، رىشاتكىلاردىن بىرەرى بۇزۇلغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم - دە، ياغاچچىنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. پادىشاھ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— قۇدرەتلىك ئاللاتائالاغا يۈز مىڭ شۈكۈركى، مېنىڭمۇ بىر ئەقىللىق ۋەزىرىم بولسا ئىكەن، دېگەن ئارزۇيۇمغا يەتتىم، — دەپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، ۋەزىرلىرىگە مەسلىھەت سېلىپ دەپتۇ:

— ھەممىڭلار بىلىسىلەر، مېنىڭ ئارزۇلۇق بىر قىزىم بولسىمۇ، ئوغلۇم بولمىغاچقا، تاج - تەختىمنىڭ ۋارىسسىز قېلىشىدىن غەم قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. گەرچە ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان ئوغلۇم بولمىسىمۇ، بۇ قېتىم ئاللا تائالا ماڭا ئايازدەك ئەقىل - پاراسەتكە تولغان بىر يىگىتنى ئۇچراشتۇردى. مەن ئۇ يان ئويلاپ - بۇ يان ئويلاپ ئارزۇلۇق قىزىم گۈلبانۇمنى ئايازغا نىكاھلاپ بېرىش قارارىغا كەلدىم. تاج - تەختىم ئايازدەك يىگىتكە قالسا مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن، ئەلمۇ سورۇقچىلىق كۆرمەيدۇ: سىلەر مۇشۇ ئىشقا مۇۋاپىق مەسلىھەت بەرسەڭلار.

ۋەزىرلەر پادىشاھقا ئايازنى چېقىشتۇرۇشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن، سول قول ۋەزىر ئېغىز ئېچىپ دەپتۇ:

— پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرىنىڭ پەقەت بىر تاللا قىزلىرى بار. يەتتە ئىقلىمدىكى نى - نى شۆھرەتلىك شاھلارنىڭ شاھزادىلىرى ئەلچى ئەۋەتسە، ئۇلارغا رازىلىق بەرمىگەنىدىلە. ئەمدىلىكتە شۇ ئارزۇلۇق قىزلىرىنى قەلەندەرچىلىكتە كۈن ئۆتكۈزگەن بىر يېتىمگە بەرسىلە، خەقنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدىغان ئىش بولارمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىندىن بېرى ئايازنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، سىلىدىن مەخپىي بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. ئاڭلىساق، ئۇ ھويلىسىنىڭ يېنىغا بىر ئۆي سالدۇرۇپ، ھەر كۈنى ئۆزى يالغۇز شۇ ئۆيگە كىرىۋېلىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويۇپ، تاراق - تۇرۇڭ قىلىپ، كەينىدىن، سۇ پۈركۈپ بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقۇدەك. ئۇ ئۆيگە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىكەن. ئۇ چوقۇم كۆڭلىگە بىر يامان نىيەتنى پۈكۈپ، قىلىچ بىلەۋاتقان گەپ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولماقلىرى لازىمدۇر، شاھىم.

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قاپتۇ ۋە نېمىلا بولسۇن، ئايازنى بىر سىناپ باقماقچى بوپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئايازنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ مېڭىپتۇ. دېگەندەك، ئاياز دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆيگە كىرمەي، ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ

كېتىپتۇ. قۇلاق سالسا باشتا تاراڭ - تۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز، ئارقىدىن بىرنەرسىگە سۇ پۈركۈگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ كەينىگە يېنىپ چاندۇرماي قايتىپ كېتىپتۇ. كېيىن يەنە بىر قانچە قېتىم كۆزەتسە، يەنىلا شۇ ئىش تەكرارلىنىپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەكچى بولۇپ، ۋەزىرلەرنى باشلاپ ئايازنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە:

— بىز سىزنىڭ مۇشۇ مەخپىي ئۆيىڭىزنى كۆرگىلى كەلدۇق، — دەپتۇ. ئاياز بولسا يۈزى قىزىرىپ:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ ئۆيدە ھەرقايسىلىرىنى قىزىقتۇرغۇدەك ھېچبىر مەخپىي نەرسە يوق. بىراق، كۆرمىمىز دېسىلە، مانا كۆرسىلە، — دەپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئۇ يەردە ئاياز قەلەندەر ۋاقتىدا كىيگەن تېرە ئىشتىنى بىلەن پۇتىغا تارتقان كونا چورۇقى، بىر چېلەك سۇ ۋە بىر نوگاي تۇرغۇدەك. پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ:

— ئەي ۋەزىر، مەن سېنى قەلەندەرچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ، ئوڭ قول ۋەزىرلىكنى ۋە شۇنىڭغا لايىق ئېسىل ئۆي، خىزمىتىڭنى قىلىدىغان خىزمەتكارلارغىچە تەق قىلىپ بەرگەنىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن نېمىشقا بۇ نەرسىلىرىڭنى بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، ئېيتقانلىرى دۇرۇس، — دەپتۇ ئاياز، — دەرۋەقە، مەن ئۆزلىرىنىڭ شاھانە ئىلتىپاتلىرى سايىسىدە ئوڭ قول ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىدە ھالاۋەت كۆرمەكتىمەن. ئەمما، بۇرۇن مەن مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن جان ساقلىغانىدىم. شۇڭا، ئەسلىمنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ، بۇ نەرسىلەرنى ئايرىم ئۆيدە ساقلاپ كۈندە كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. مۇشۇنداق بولغاندا، ئوردىدىكى خىزمىتىمنىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن، ئاۋام - پۇقرالارنىڭ دەرد - ئەھۋالىغىمۇ يېتەلەيمەن. بۇ نەرسىلەرنى ئايرىم ئۆيدە ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىشىمنىڭ ۋەجى مۇشۇ ...

ئاياز ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۇنىڭ ئۆز ئىشەنچىسىنى ئاقلىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. چېقىمچى ۋەزىرلەر بولسا خىجىل بولۇشقىنىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قېلىشىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، توي تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ ۋە قىرىق كېچە - كۈندۈز ھەشەمەتلىك توي ئۆتكۈزۈپ قىزى گۈلبانۇمنى ئايازغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. تويدىن كېيىن پادىشاھ كويئوغلىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

— ئوغلۇم، ئۆمرۈمنىڭ غولىچى تۈگەپ، غېرىچى قالدى. ئاخىرقى ئۆمرۈمدە مۇبارەك ھەج تاۋپىنى ئادا قىلىپ، ئاۋامنىڭ خىزمىتىدە بولۇش جەريانىدا بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزۈپ سالغان گۇناھلىرىمغا توۋا قىلىپ كەلسەم، دەيدىغان نىيىتىم بار ئىدى. شۇڭا، ئەمدى خانىش بىلەن ئىككىمىز سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىمىز. پادىشاھلىقنى، ئاۋامنىڭ غېمىنى سىزگە تاپشۇرىمەن، ئاللا سىزگە مەدەت بەرگەي، — دەپ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتىپتۇ. ئاياز:

— سىلى ماڭا شۇنچىلىك ئىشەنگەن بولسىلا، مەملىكەت ئىشىدىن غەم قىلمىسىلا، مەن ئاللانىڭ ئالدىدا سىلىگە ۋەدە بېرىمەن. ھەج سەپىرىگە خاتىرجەم ئاتلىنىۋەرسىلە، ئاللا مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي، — دەپ پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ ئوردىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھەج تاۋاپ قىلغىلى بارىدىغانلىقىنى، شاھلىق تەختىنى كويئوغلى ئايازغا قالدۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ ۋە تاج بىلەن شاھلىق تونىنى ئايازغا كىيدۈرۈپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن پادىشاھ خانىشنى ئېلىپ ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. ئاياز شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئەلنى ئادالەت بىلەن سوراپ، ئاۋامنى غەمە-دىن خالاس قىلىپ، مەملىكەتنىڭ تىنچلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپتۇ. تۆت پەرزەنت يۈزى كۆرۈپ، با-لىلىرىنى ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە ئەدەپ - ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ، ئالەمدىن ئۆ-تۈپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى قۇمۇل 704 - گېئولوگىيە ئەترىتىدە)


中国移动通信
CHINA MOBILE
Beijing 2008
北京2008年奥运会合作伙伴
Partner of the Beijing 2008 Olympic Games
شنجاڭ سىرتىدىكى كەزمە مۇلازىمەتتە
كۆتۈلمىگەن خۇشاللىقلار بار
تور رەت [2005] 40 - نومۇر
بۈگۈندىن ئېتىبارەن جۇڭگو كېزەر ئابونېنتلىرى 28 يۈەن ئايلىق ئىقتىدار ھەققى (ھەر ئايدا) تاپشۇرۇپ شىنجاڭ سىرتىدىكى كەزمە مۇلازىمەت بوغچىسىنى بېجىرسە شۇ زامان كۈچكە ئىگە بولۇپ، 2 ئاي ئىچىدە ئۆزى ھەق تۆلەيدىغان ۋە ئۆلكىلەر ئارا كەزمە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەزمە مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، شىنجاڭ سىرتىدىكى كەزمە مۇلازىمەت ھەققىدە چاقىرىش-چاقىرىلىشنىڭ ھەر مىنۇتى 0.4 يۈەن . ئابونېنتلارنىڭ شىنجاڭ ئىچىدىكى كەزمە مۇلازىمىتىدە يەنىلا ئەسلىدىكى ھەق ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىدۇ.
بېجىرىش ئۇسۇلى:
1. www.xj.chinamobile.com غا چىقىڭ.
2. ئابونېنتلار يەنە تىجارەت ئالدى سۇپىسى ۋە ئېلېكترونلۇق يول (قىسقا ئۇچۇر تىجارەت زالى، تور پونكىتى تىجارەت زالى) ئارقىلىق بېجىرسە بولىدۇ.
轻松由我
神州行
مەشرەپ كارتىسى
ئابونېنتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى: 10086 www.xj.chinamobile.com
جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتى





## جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسى شادلىق مىنۇتلىرىنى تېخىمۇ ئۇزارتىدۇ

جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسىدا ئۆز جايىدا تورۇپ تېلېفون قوبۇل قىلغاندا ھەق ئېلىنمايدۇ ، ئايلىق ئەڭ تۆۋەن ئىستېمالى بار ، سىگنالى ياخشى ، مۇلازىمىتى ئەلا بولۇپ ، ئۇ پۇل تېجەپ بېرىدىغان ياخشى ياردەمچىمىز .

ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇش ھەققىمۇ ئەرزان ، ئۆز جايىدا تورۇپ 12593 ئارقىلىق دۆلەت ئىچىگە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرغاندا ، ئايلىق ئېقتىدار ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ ، ئۆز جايىدا تورۇپ بىۋاسىتە ئۇرغاندا ، بوش ۋاقىتلاردا ( يەنى كەچ سائەت 9 دىن ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 7 گىچە ) مىنۇتىغا ئاران 1 مو 9 پۇڭلا ئېلىنىدۇ ؛ قالغان ۋاقىتلاردا ھەر مىنۇتىغا 3 مو 9 پۇڭ ئېلىنىدۇ . مەشرەپ كارتىسى شادلىق مىنۇتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئۇزارتىدۇ .

شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىشنىڭ تور نومۇرى : 150 158 159 139 138 137 136 135

ئەسكەرتىش : يۇقىرىقىلار شىنجاڭ ۋاقتى بولۇپ ، مەشرەپ كارتىسىنىڭ ئايلىق ئەڭ تۆۋەن ئىستېمالىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، ئۇ جايدىكى تىجارەت زالىدىن سوراڭ .

轻松由我

神州行

مەشرەپ كارتىسى

خېرىدارلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى: 10086 www.xj.chinamobile.com

جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتى



# 源　泉 (布拉克)　　　　بۇلاق

（维　吾　尔　文）　　总121期　　(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 121 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明　　副主编:艾则孜·吐尔迪　　باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى : ئەزىز تۇردى

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم ( MORTOM ) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN　1005-0876
国外发行号:Q1118　　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　　定价:6.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　باھاسى: 6.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043